
شىنجاڭ سەنئىتى
1
1983
AltunOq

# چاڭئەن مۇزىكا كورىگە-
# دىن بىرنەچچە كورۈنۈش

ليۇجيەنجۇن تارتقان

ئوتكەن يىلى ئوكتەبىردە شىنئەندە تۇنجى قېتىملىق غەربىي - شىمال بويىچە مۇزىكا ھەپتىلىكى — "چاڭئەن مۇزىكا كورىگى" ئوتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىن بۇ كورەككە قاتناشقان ھەرمىللەت مۇزىكا خادىملىرىنىڭ ئويۇنى ياخشى باھاغا ئېرىشتى.



شەنشى ئولكىلىك پارتكومنىڭ بىرىنچى شۇجىسى ماۋېنرۇي بىزنىڭ ئارتىستلىرىمىز بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كورۈشمەكتە.



داپچى ئىمىن قۇربان بىلەن ئۇتىما
قىزى ( خۇشتار ۋە غىجەك چالغۇچى ) گۈلن



" بۇلاق "
ئايال باش
قەھرىمان — چۇەن
( گايۇجۇەن ئوينىغان )

چيۇلىن تارتقان

ئىشتىن سىرتقى يالغۇز ناخشىچى نەسىرد
" مىللى ئىتتىپاقلىق كۈيى " دىگەن ناخشى
ئېيتماقتا.





ئۇتتۇرا تۇرالەڭلىكتىن كەلگەن تومۇرچى يۈك ( ئوۋياڭ يۈگنىڭ ئوينىغان ) جادۇگەرنى ئۇجۇقتۇرۇپ، چۇەننى قارشى ئالماقتا.

# شىنجاڭ سەنئىتى

(قوش ئايلىق ژورنال)

3-يىل نەشرى

**1**

1983

# بۇ سانىدا


شائىر ئۆلمەيدۇ (دراما) ........................................ سەمەت دۇگايلى ( 3 )

رول ئېلىش ۋە ئوبراز يارىتىش توغرىسىدىكى تەسىراتلىرىم (ماقالە) ...... ھېيتەم ھۈسەن ( 41 )

مېنىڭ دادام (كومېدىيە) ................................ مەھەممەت روزى ( 47 )

ئالماس بىلەك، ئالتۇن يۈرەك (ماقالە) ................................ ئايشەم توختى ( 58 )

ئىشقىنى يەرگەچ راۋابقا، نامى نارالدى جاھانغا (ماتېرىيال) ......... ئابدۇقادىر ئابدۇللا ( 61 )

قابىل تىياتىر رېژىسسورى (ماقالە) ............. دۆلەت تۇرسۇن، ماخمۇت مۇھەممەت ( 68 )

ئاسماندا پەرۋاز قىلغان چەۋەندازلار (ماقالە) ........................ ھەمىت مۇھەممەدى ( 75 )

مۇقامنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى (ماقالە) ............................ گۈدىن يىۋېي ( 80 )

ئۇسۇللۇق تىياتىر قۇرۇلمىسىنىڭ كەسپىي ئالاھىدىلىكى (ماقالە) ............... لى چېڭشياڭ (102)

ئېتىكىلىق ھەسسىيات ۋە سەنئەت ئىستېتىكىسى (ماقالە) ........................ ۋاڭ يۈنمەن (112)

پېرسوناژلارنىڭ پسىخولوگىيىلىك پائالىيەت جەريانىنى ئىپادىلەش ............................ (120)

ئوبرازنى بىلىش، ئىجادىيەتنىڭ ئالدىنقى شەرتى (ماقالە) ............... روزى ئەخمەت (122)

كىچىك ئالدامچىنىڭ چوڭ ئالدامچىغا يولۇققىنى ............................................ (124)

جانىجان (ناخشا) ................................................ سوزى: ئېزىز نىيازنىڭ
مۇزىكىسى: پەتتارجان ئابدۇللانىڭ (125)

ۋالىبولچى قىزغا (ناخشا) ................................ سوزى: پەتتار رەھمىنىڭ
مۇزىكىسى: تۇرمەھەممەت سايىتنىڭ (127)

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: ئالاھىدە ئۇسلۇپ ................................ يىي شۈبو تارتقان.

مۇقاۋىنىڭ 2 ـ بېتىدە: چاقناپ مۇزىكا كورىگەندىن بىر تەچچە كۆرۈنۈش — "بۇلاق"
................................................ لىۋجىيەنجۇن، جيۇلىڭلار تارتقان.

مۇقاۋىنىڭ 3 ـ بېتىدە: شىۋلى شىنجىڭنىڭ ياغاچ ئويما رەسىملىرى

مۇقاۋىنىڭ 4 ـ بېتىدە: كوسەن (كۇچار) ئۇسۇلى ........................ شىن جياۋ تارتقان.


بۇ ساندىكى ھۆسنى خەت، بەت بېشى سۈرەتلىرىنى نىياز كېرىم ئىشلىگەن



(5 پەردىلىك مۇرەككىلىق دراما)

مەممەت زوگابلى

## قاتناشقۇچىلار

ئۇيغۇر: ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، دېموكرات شائىر، ئىنقىلابچى، 28 ياش.

ئەنەيتۇل: ئۇيغۇرنىڭ يېقىن دوستى ھەم سەپدىشى، 33 ياش.

قۇربان: ئۇيغۇرنىڭ دوستى، ئىنقىلابىي تەشكىلاتنىڭ ئالاقىچىسى، 22 ياش.

ئوغۇلخان: قۇرباننىڭ سۆيگىنى، 18 ياش.

تىمۇر: ئوغۇلخاننىڭ ئاتىسى، دېھقان، ئىنقىلابىي تەشكىلاتنىڭ ئاكتىپ ئەزاسى، 48 ياش.

ئادىل مەلىك: ئۇيغۇرنىڭ ئۇستازلىرىدىن بىرى، تەرەققىيپەرۋەر زات، ناھىيەلىك تۇرتاك (ئوتتۇرا مەكتەپ) نىڭ مۇدىرى، 45 ياش.

ئانا: ئۇيغۇرنىڭ ئاپىسى، 55 ياش.

مەمەدۇل: خۇشامەتچى شائىر، 45 ياش.

ھاجى چايان: مەمەدۇلنىڭ دوستى، 40 ياش.

ئابدۇل ھەزقۇش: مەمەدۇلنىڭ دوستى، 50 ياش.

AltunOq

نۇرنىسان قۇجۇق: ئابدۇل ھۇقۇشنىڭ خوتۇنى، 45 ياش.
ئايخان: مەمەدۇلنىڭ خوتۇنى، 35 ياش.
شېڭ شىسەي: جېڭ شۆرىنىڭ سېرىگادا كوماندىرى، 36 ياش.
ئامال: تۇرپاننىڭ ئامبىلى، 50 ياش.
بابكوپ: چارروسىيە ئارمىيەسىنىڭ كاپىتانى، قاچاق، شېڭ شىسەي بىرىگادىسىنىڭ شتاب باشلىقى، 40 ياش.
ئىنقىلاۋىي تەشكىلاتنىڭ خادىملىرى، دېھقانلار، يايمىچىلار، بازارچىلار، ئامبالنىڭ خىزمەتچىلىرى، شېڭ شىسەينىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى، بابكوپنىڭ سولداتلىرى، ساقچىلار.
ۋەقە 1932 - يىلى تۇرپاندا بولۇپ ئۆتكەن.

## بىرىنچى پەردە

[1932 - يىلى. فېۋرال، چۈش. تۇرپان ناھىيە بازىرىنىڭ بىر بۇرجىكى. ئىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان زىچ، ئېگىز - پەس دۇكانلار، پاكار ئۆيلەر، ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆتىرىلىپ تۇرغان مېچىت مۇنارىسى؛ سەھنە مەركىزىنىڭ بىر چېتىدە بىر نەچچە دۇكان، يەنە بىر تەرىپىدە ئىدارە بىنالىرى ۋە ئۆيلەر. سەھنىدە دەڭگاھ سېۋەتكە قاچىلانغان ھەر خىل ماللىرىنى سېتىپ خېرىدار تەكلىپ قىلىۋاتقان سېتىقچىلار. نالە - زار بىلەن تىلەمچىلىك قىلىۋاتقان قەلەندەرلەر، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھەر خىل تەبىقە كىشىلىرى. سەھنە سىرتىدىن ناخشا ساداسى ئاڭلىنىدۇ. بارغانسېرى كۈچىيىدۇ ۋە يېقىنلىشىدۇ.]

(ناخشا)

گۈلۈم ئاچىلاي دەيدۇ، ئاچىل،
دادەي باشقا سانچىلاي دەيدۇ، ساچىل.
يارىمنىڭ كويىزىك ئۆتى ئاچىل، ئاچىل، گۈل ئاچىل،
تەنگە بامىناي دەيدۇ، ئاچىل.

ياش تەلەپلەر ئۇخلاشما، ئاچىل،
دادەي، يار يولىدا يۇتلاشما، ساچىل.
يار يولىدا جان بىدا، ئاچىل، ئاچىل، گۈل ساچىل،
قەدىمىڭگە مىڭ تىللا، ئاچىل.

يارىم ماڭا ناز قىلۇر، ئاچىل،
دادەي، كۈلۈپ مېنى ماز قىلۇر، ساچىل.

يار قەدرىنى بىلمەيسەن، ئاچىل، ئاچىل، گۈل ساچىل،
قىشلىغىڭنى ياز قىلغىن، ئاچىل.

[ناخشىنىڭ تۈۋەندىكى كۇپلىتىگە قىزلارنىڭ ئاۋازى قوشۇلىدۇ]

يار دەردىگە خۇن بولدۇق، ئاچىل،
دادەي، تۈگمەنلەردە ئۇن بولدۇق، ساچىل...
قورقۇنچۇقلىرىڭ قېتىق تاش، ئاچىل، ئاچىل، گۈل ساچىل.
بىرلىشەلمەي قۇم بولدۇق، ئاچىل.

[بازارچىلار، سېتىقچىلار قوشۇلۇپ ناخشا خورغا ئايلىنىدۇ]

غەيرەت گۈلۈم ئاچىلغىن، ئاچىل،
دادەي، ھىممەت يولۇم ئاچىلغىن، ساچىل.
ئال ئالەمنى باس ئالغا، ئاچىل، ئاچىل، گۈل ساچىل،
قاچان بولسا بىر ئۆلۈم، ئاچىلغىن، ئاچىل!

[ناخشىنىڭ ئاخىرلىشىشىغا ئۇيغۇر - دوپۇر باشلىنىپ ساقچىلار كىرىشىدۇ. ئاخىرىدا ئامبال پاپاسلاپ كىرىدۇ، ئۇنىڭ كەينىدىن مەممەدۇل، ئابدۇل ھۇقۇشلار بۇكۈرۈپ كىرىدۇ]

ئامبال: قېنى ئۇ، ناخشا ئېيتقاننى كەلتۈرۈڭلار!

ساقچى A: (سىرتتىن يۈگرەپ كىرىپ) بۇ ياللاڭتۇشلەرنىڭ ھېچبىرى ئېيتىپ بېرىشەلمەيۋاتىدۇ.

ساقچى B: (يەنە بىر يەندىن يۈگرەپ كىرىپ) بۇ يەردە پايىمچىلار بىلەن دېۋانىلاردىن باشقىلار تاراپ كېتىشىپتۇ، ھېچكىم يوق!

ئامبال: (غەزەپلىنىپ) ئۇ قېپلار، ناخشا دېگەننى ھامان بىرى باشلاپ بېرىدۇ، باشلىغىنى تۇتۇشالمامسەن؟

[ساقچىلار چىقىدۇ]

ئابدۇل ھۇقۇش: (خوشامەت بىلەن ئېگىلىپ) دارىن، جايىدا ئېيتتىلا، كىشىلەرنى ئىسيانغا قوزغىتىدىغان بۇ ناخشىنى كىم ئوقۇغان بولسا ھەممىنى تۇتقۇش كېرەك.

ئامبال: (باش لىڭشىتىپ) شۇنداق بولمامدۇ؟ قوزغىلىڭدىكى ئىسيانىنىڭ بۇ تەرەپكە يېيىلماسلىغى ئۈچۈن ھەر قانداق شەكىلدىكى ئاسىيلىقنى قالدۇرماي قۇرۇتۇش كېرەك. بۇ جاڭ جۇڭشىنىڭ بۇيرۇغى.

مەممەدۇل: (ئىچىمتاخورلۇق بىلەن) دارىننىڭ ئېيتقانلىرى يۈزدە - يۈز ھەق، لېكىن بۇ توغرىلارنىڭ قايسىبىرى "مەن ئىسيانچى" دەپ ئۆزى چىقىپ بېرىدۇ؟ بېشىنى تاپماي دېسەك ئۇيغۇر تەپەندىسى تۇتقىنىمىز ئېپىدە، چۈنكى "ئاچىل" نى شۇ ئۇيغۇر يېزىپ بەرگەن ئەمەسمۇ؟

ئابدۇل ھۇقۇش: (خوشامەت بىلەن) راست گەپ، دارىن! بۇ ئىسيان ناخشىسىنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يازغان،

ئامبال: (بۇرۇتىنى ھېمىرىپ) بۇنى سىلەردەك ئاڭلىر ھەق ئوقاي ئايرىۋاللايسىلەر، لېكىن ئۇيغۇر تەپەندىنى ئالدىراپ بىرىپلا تۇتۇشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەنسىلەر - دە!

مەممەدۇل: جانابلىرىدا ئەسكەر، ئوق - دورا تۇرسا، جىڭ جۇشىدەك باشپاناھىمىز تۇرسا يەنە نېمىشكە تۇتقىلى بولمايدىكەن؟

ئامبال: ئۇيغۇر ئەپەندىنىڭ ئاۋازىنى ـ ئەرمىنى ـ ئىستىقبالىنى؟ بىز ئۇنىسى تۇتمىدىغان بولساق پۇخرالار كۆتىرىلىپ كېتىدۇ، دېموكراتىك ئىسياننىڭ ئوتى دەرھال بۇ يەردىمۇ كۆيىدۇرىدۇ.

مەمەدۇل: (دومسىيىپ) ئۇنى ئىزدىسىلا، يالاقچىلىرى "ئاچىل" نى توقۇۋېرىدۇ، شۇ!

ئامبال: (ئاچچىقلاپ) مەن سانا بۇ "ئاچىل" غا يەتكىلىۋاتقىنى شېئىر يېزىپ ئالغىنمۇ، پۇخرالار شۇنى ئوقۇسۇن دەپ نەچچە رەت دېدىمغۇ؟

ئابدۇل ھوقۇش: دىيارىمىزنىڭ مۇتەۋەر شائىرى مەمەدۇل ئەپەندى بىر نەچچە رەت يازدى، لېكىن...

ئامبال: (گەپنى بولۇپ) نېمە لېكىن؟ يازغان بولسا نېمىشقا ئۇنى ئوقۇمىدى؟

مەمەدۇل: بۇ خالىق ئۇيغۇر دېگەن پۇخرالارنىڭ كۆڭلىنى سېتىۋالدى، ئۇ دېۋانىلارغا ۋەز ئېيتىپ ئاندىن قىشلاقلار ئازات بولىسىلەر، مۇنداق قىلماقلار ئەركىن بولىسىلەر، دەپ رام قىلىۋالدى...

ئابدۇل ھوقۇش: شائىرىمىز مەمەدۇل ئەپەندى چېلىك چۈشىنىپ، دارىن جاناپلىرىغا چىن ئىخلاسى بىلەن بېرىلگەن ئالىجاناپ زات. ئۇيغۇرنى توتىمەشچە پۇخراسىغا بۇ زاتنى يامانلىمايدۇ. ئۆزلىرى مەمەدۇل ئەپەندىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇيغۇرنى سىر ئامال بىلەن...

ئامبال: (بۇرۇتىنى ھەمەدىپ) شۇنداقمۇ، بۇ ئالغىنى ئىسكەر بىلەن ھاپىلا ـ شاپىلا تۇتقىلى بولمايدۇ ـ دە.

مەمەدۇل: كېچىسى بېرىپ باسساقچۇ...

ئامبال: پۇخرا يامىنى قالامدۇ؟ توپىلاڭ چىقسا قانداق قىلىمەن؟

ئابدۇل ھوقۇش: مۇنداق توپىلاڭنى دەل ئەشۇ ئۇيغۇر قەستلەپ يۈرگۈزۋاتىدۇ، دارىن جاناپلىرى!

مەمەدۇل: بىزنىڭ ئەمەلدارلىرىمىز ئۇنىڭ قويىنىغا كىرىپ ھۆكۈمەتنىڭ ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن پەخەس بولۇپ ئىشلەۋاتقىلى خېلى كۈنلەر بولدى.

ئامبال: (ھەيران ھەم خۇشال) بۇ راستمۇ، دەلىل بارمۇ؟

ئابدۇل ھوقۇش
مەمەدۇل }: (تەڭ) راست، راست، دەلىللەر بار.

ئامبال: (بوت نەرسىگە قاراۋېلىپ) يۈرۈڭلار، باغۇلغا بېرىپ سۆزلەشەيلى. (ئامبال، مەمەدۇل، ئابدۇل ھوقۇشلار چىقىدۇ)

[ئۇيغۇر، ئەنەيتۇل، لى ماگ، ھاجى جاپانلار كىرىدۇ]

ئۇيغۇر: (كىرىۋاتقاچ) خەلقىمىزنىڭ مەسخۇلۇگىيەسى زۇلۇم، ئاسارەت تۆپەيلىدىن باشقا خەقلەرگە بېرىمۇقى، ئوخشىمايدىغان ھالدا ئىلگىرىۋاتقانلىقىمۇ كۆزدە تۇتقان ئىدىم. خۇراپاتلىق، نادانلىق خەلقىمىزنى قاچانغىچە زەنجىرلەپ يۈرەركىن؟

لى ماگ: سىز ئىشلىگەن بۇ تەرجىمىلەر ئەتىز دېھقانلارنى تولدۇرۇشتا بەلگىلىك رول ئوينايدۇ.

ھاجى جاپان: (لى ماگغا) ئىناۋەتلىك قايسى تەرجىمىلەرنى دەيدىكەنسىز؟ (ئۇيغۇرغا قاراپ) ئەپەندىم، بىزمۇ ئاڭلاپ باقساق قانداق؟

ئەنەيتۇل: ئۇيغۇر ئەپەندى يېقىندا گوركىيلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن بىر نەچچە پارچە تەرجىمە قىلدى. «ئانا كارىسىنا» رومانىنى ۋە ماۋزۇن ئەپەندىنىڭ رومانىنىمۇ تەرجىمە قىلدى.
بۇ شۇنىڭ گېپى.

لى ماك: ۋاشىنا كارپېنتېرنىڭ تەرجىمىسىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندىم. لېكىن ۋاڭ Q نىڭ ھەقىـ
قىي تەرجىمەلىرى تىلغا تەرجىمىسى ئاجايىپ ئوبدان چىققان، لۇشۈن ئەپەندىنىڭ ئەـ
دىبىي ئەينەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى.

ھاجى چايان: ئۇيغۇر ئەپەندى ھەقىقەتەنمۇ كامالەتكە يەتكەن زات ـ تە! بۇ بىزنىڭ پەخرىمىز.

ئۇيغۇر: (ئىستىھزا بىلەن) سىز، مانا، زىيالىلىرىمىزدىكى بىر چوڭ ئاجىزلىقنى دائىيىن قىلدىڭىز.
بىزدە ماختاشتا پەلەكتىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ، يامانلاشتا مەزاق قىلىپ باش كۆتەرگۈزمەيدىغان
ئىللەت يېتىپ ئاشىدۇ. خەلقىنىڭ ئارزۇسىنى كۆرۈش، ئۇلارنىڭ قەلبىنى ماختاش لازىم.
خۇشامەت، شاللاقلىقنى تەنقىدلەش كېرەك.

ھاجى چايان: ھە، ئەلۋەتتە شۇنداق. بىزگە كۆپرەك تەلىم بېرەرسىز، بىر مەسىلىنى سورىسام مۇمكىنمۇ؟

ئۇيغۇر: سوراڭ، سوراۋېرىڭ. بىلسەم ئېيتىپ بېرىمەن، بولمىسا لى ماك ئەپەندىمۇ بارغۇ؟

ھاجى چايان: بىز سىزنى مىللىتىمىزنىڭ كۆزئەينىكى دەپ بىلىپ ئىشەنچ قىلاتتۇق. ھەلىقى گەپ ـ
سۆزلەرگە قارىغاندا ـ سىزنىڭ خەنزۇ ۋە رۇسلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشىڭىز، ئۇلارنىڭ تىلـ
ىنى ئۆگىنىشىڭىز سودا ئېھتىياجى ئۈچۈنلا ئەمەس ئىكەن ـ دە؟

ئەنۋەربەگ: بۇ نىمە دېگىنىڭىز، ئاغىنە؟ ئېنىق سۆزلەپ باقسىڭىز...

ھاجى چايان: توغرۇسىنى، خەنزۇلارمۇ ئوخشاشلا يات خەق تۇرسا، ئۇلارنىڭ كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلىپ
قانداق نەتىجىگە ئېرىشمەكسىز؟

لى ماك: ھاجى ئەپەندى، سىزنىڭ قارىشىڭىز توخۇنىڭ دانچىلىقىدەك بەكمۇ تار ئىكەن.

ئۇيغۇر: مىللەت — ئىنسانلارنىڭ بىر كىچىك توپى، ئۇنىڭ روھى پسىخولوگىيىسى ئەشۇ بىر بۇـ
لۇڭ كىچىك توپ دائىرىسىدىلا تۇرسا، ئۇ تەرەققىي تاپقان ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە ياشىـ
ۋاتقان مىللەتلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىدىن ئۆزىگە زۆرۈر بولغان ئەنئەنىۋى باردەمنى
قوبۇل قىلمىسا، ئۇنىڭ تەقدىرى قۇدۇق ئىچىدە ياشايدىغان پاقىنىڭكىدىن پەرقلەنمەيدۇ.

لى ماك: بۇ قۇدۇق ھەر قانچە سۈزۈك، تاتلىق سۇغا باي بولسىنى بىلەنمۇ، ئۇ كەڭ تەبىئەت
دۇنياسىدا ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان سۇلارغا ئوخشىمىغانلىقىدىن، جاھاننىڭ ئەزىرىمۇ ئۇـ
نىڭغا ناھايىتى تار چۈشىدۇ.

ھاجى چايان: بىزنىڭ مىللىتىمىز ئۇنداق ئەمەس، شۇنداقتىمۇ بىزگە يەنىلا ساپ، يىگانە مىللەت
چىلىك روھى زۆرۈرمىكىن، دەپ ئويلايمەن.

ئەنۋەربەگ: بۇنى سىز ئارىلىشىپ يۈرىدىغان دوستلىرىڭىزدىن ئۆگەنگەنمۇ سىز ـ دە؟ ئاغىنىلىرىڭىز ئارىـ
سىدا كىچىكچە مىللەت دەپ كاسىلاپ يۈرىدىغان، ئەمەلدە بولسا ئۆز بىزنەسلىرىنى
چىقىش ئۈچۈن ئامبىر يېلاقۇلغا قاترايدىغانلىرى ئاز ئەمەسمىدۇ دەيمەن؟

لى ماك: ئۇلارنىڭ چاقىرىقلىرى ئىچىدە ھەممە مىللەتنىڭ كىشىلىرى بار، ئۇيغۇرلار ھەممىدىن كۆپ.
ھاجى چايان: توغرا، مەن ئەندى ئەتراپىمغا قاراپراق مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىمەن بولغىدەك.

ئۇيغۇر: ياخشىسى سىز جەمئىيەتنى، دۇنيانى كۆپرەك كۆزىتىڭ. ئېغىز ئارقىلىق ياتۇرلۇق قىلىشـ
تىن كۆرە، ئومۇمىي مىللەتنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈنلەرگە قاراپ ئىش قىلغان تۈزۈك.
[ساقچىلار بىر تەپچەك كىشىنى باغلاپ، ئۇرۇپ، ھەيدەپ ئۆتۈشىدۇ "ئاچىل" باغچىسىنىڭ
مۇزىكىسى ياڭرايدۇ]

ئەنەيتۇل: بىگۇناھ قېرىنداشلىرىمىزدىن بۈگۈن يەنە تۇتۇلۇۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر: (ساقچىلارغا) توختاڭلار، بۇ پۇقرالارنىڭ نېمە گۇناھى بار؟

لى ماڭ: بۇ ئىككىسى كۆكتات تېرىيدىغان دېھقانلارغۇ؟

دېھقان A: "ئاچىل" نى باشلاپ ئوقۇغان ئادەمنى ئېيتىپ بېرىسىلەر، دەپ تۇتىۋالدى.

دېھقان B: مەممەتتۇل بىلەن ئابدۇل ئەپەندى سىلەر ھەمىشە دوقمۇشتا كۆكتات ساتىسىلەر، ئىسيانغا قوتۇرتۇپ ناخشا ئوقۇغانلارنى تونۇشماي قالمايسىلەر، دەپ بۇ ساقچىلارغا كۆرسىتىپ قويدى.

ھاجى چايان: خەلقىمىز زۇلۇمدىن تويدى. ناخشىمۇ ئوقۇتمامدىكەن؟ شېئىرنىڭ خەلققە ياقتارلىقىدا گەپ يوقتە...

ئەنەيتۇل: (ھاجى چايانغا ئىستەھزا بىلەن) بىزدە شۇنداق خەلقپەرۋەر زاتلار بار. ئۇلار ئۇيغۇر ئەپەندىنىڭ شېئىرلىرىنى بەك ياقتۇرۇپ كەتتى، دەپ يېزىۋېلىپ يامۇلغا ئاپىرىپ بېرىدۇ.

ھاجى چايان: (قورقۇپ) ئەلۋەتتە، ئۇنداق كىشىلەرنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ.

ئۇيغۇر: (ئىستەھزا بىلەن كۈلۈپ) دوستلىرۇم، ھەقىقەتنى ئەلنىڭ دىلىدىن يۇيۇپ چىقارغىلى بولمايدۇ. خەلقنىڭ كۆڭۈل مايىللىقى — ئۇ باشقا نەرسە. ئۇن يىللارچە مۇقەددەم شۇنداق قۇرلارنى يازغىنىمىز يادىمدا:

جاھالەت سەھەرىسىدىن بىزگە بىر كۈن كۆپ خاتا باردۇر،
ئېيتىڭىزچۇ، بۈگۈنكى ئالەمنىڭ قەيسى بىرىسىدە ساپا باردۇر،
دوستلۇق ھەم ئىتتىپاقلىق نىشانى قالمىدى بىزدە،
بىكى باشنى كۆتەرگەننى ئۆرۈپ يىقىتقانىمىز باردۇر.
خائىنلەر دوستىمىزدا بىر ئەيىپ زاھىر بولۇپ قالسا،
يوشۇرماي بىرگە ئۇنى قوشۇپ چاققانىمىز باردۇر،
قىزىل كۆزلۈك، كورەلمەسلىك ۋەيا ئۆزى قىلالماسلىق،
قىلاي دەپ بەل باغلىغانلارغا تۈرلۈك - تۈمەن بوھتانىمىز باردۇر.

ھاجى چايان: (روقلانغاندەك) پاھ، ئەپەندىمنىڭ ئۇن يىلدىن بۇرۇنقى زېھنى نەقەدەر ئۆتكۈر - ھە؟

ئەنەيتۇل: (ھاجى چايانغا) قانداق، ھېزىۋالسىڭىز ئەرزىمىدىكەن؟

[ھاجى چايان سۆز قىلىشقا تەمشىلىۋاتقاندا ئىككى ساقچى يەنە بىر دېھقاننى يالاپ كىرىدۇ. دېھقاننىڭ پەريادى ھەممىسىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىدۇ]

ئۇيغۇر: (ساقچىلارغا) بۇ كىشىنى نېمىشقا باغلاپ ئازاپلايسىلەر؟

ساقچى A: بۇ بىزنى زالىملار، دەپ تىللاۋاتىدۇ.

لى ماڭ: شۇنىڭغىمۇ مۇشۇنچىۋالا ئازاپلامسىلەر؟

ئۇيغۇر: بىگۇناھ دېھقاننى تۇتۇپ، باغلاپ ئۇرساڭلار ئادالەتلىك ئىش بولامدۇ؟

دېھقان: ئۇيغۇر ئەپەندىم، مېنىڭ ھېچبىر گۇناھىم يوق. مەن "ئاچىل" خەلقنىڭ ناخشىسى، شۇنى ئوقۇپ قويغان كىشىنىمۇ تۇتامدۇ؟ دەپ قويغان ئىدىم.

ساقچى B: "ئاچىل" ھۆكۈمەتنى ئىسيانغا قوزغايدىغان ناخشا. ئوقۇغانلارنى تۇتۇڭلار، دەپ ئامبال ئۆزى بۇيرۇق چۈشۈرگەن.

[ئۇيغۇر سۈكۈتتە. باشقىلار ئۇنىڭغا قارايدۇ]

Altunoq

ئۇيغۇر: (ساقچىلارغا) سىلەرنىڭ ئاتا - ئانىلىرىڭلار مۇشۇ كىسەللەردەك دىخاندۇر. مۇشۇنداق قالاي-مىقان ئادەم تۇتۇپ يۈرسەڭلار ئۆزەڭلەرگىمۇ ئوۋال بولمامدۇ؟

ساقچى A: ئەپەندىم، سىز يۇرت كۆرگەن، ئەلنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر موتىۋەر زات. سۆزىڭىزنى يېرىش بىزگىمۇ سەت. ئەمما بۇ ئامبال دارىننىڭ بۇيرۇقى. بويۇن تاۋلىق قىلىش قولىمىزدىن كەلمەيدۇ.

ساقچى C: بىزگىمۇ قوساق بېقىش لازىم بولىدىكەن. يامۇل بېرىدىغان ئازغىنە ھەق بىلەن بىر ئائىلىنى باققىلى بولامدۇ؟

ئۇيغۇر: بۇ دىخانلارنى قويۇپ بېرىڭلار!

لى ماۋ: شۇنداق قىلىڭلار. تۇرمۇشتا قىينىلىپ قالغان بولساڭلار مانا بۇنى خىراجەت قىلارسىلەر.

[لى ماۋ ساقچىلارغا پۇل بېرىدۇ. ساقچىلار ئالاقزادىلىك ئىچىدە بىر - بىرىگە قارىشىپ لى ماۋ بەرگەن پۇلنى ئالدىراپ يانچۇقىغا سېلىشىدۇ]

ساقچى A: مەيلى، بىز كۆرمىگەن بولايلى (باغلانغانلارنى يېشىۋېتىدۇ).

ساقچى B: (بىر باغلاقتىن يېشىۋالغانلارغا، بىر ئۇيغۇرغا قاراپ) بىز سىزدىن خوش بولۇپ قالايلى ئەپەندىم، بۇ يەردىن بۇلارنى تېزرەك ماڭدۇرۇۋەتسىڭىز...

[ئۇيغۇر ۋە ھەمراھلىرى "ئاچىل" مۇزىكىسى ئىچىدە ئاستا پاراڭلىشىپ چىقىپ كېتىدۇ. ھاجى چايان تونىنى چۈشۈپ قېلىپ يانچۇقىدىكى پۇلنى ئېلىپ ساناپ يېقىنلاتقان ساقچىلارغا قاراپ-قاراپ يانداپ ماڭىدۇ. مەممەدۇل بىلەن ئابدۇل ھۇقۇش ئۆز ئارا قىزغىن پاراڭلاشقاچ كىرىپ ھاجى چايان بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالىدۇ]

مەممەدۇل: كۆزىڭىزگە قاراپ ماڭمامسىز؟

ھاجى چايان: پۇلغا سېتىلدى بۇ نان قېپىلار.

مەممەدۇل: نېمە؟ (چىقىپ كېتىۋاتقان ساقچىلارغا بويۇنداپ قارايدۇ)

ھاجى چايان: تۆت ساقچى ئۈچ ئەبگانى تۇتقان ئىكەن، ئۇيغۇر كەپ بىلەن قويدۇرۇۋەتتى. ھېلىقى لى ماۋ دېگەن ساقچىلارغا پۇل بەردى، مەن ئۇيغۇرنىڭ بۇ ئىشىنى ئامبالغا خەۋەر قىلاي دەپ ئەپچىدىلا قېپقالدىم.

مەممەدۇل: (نارازى بولغاندەك) ئامبالنىڭ بىلى بوش ئىكەن. بولمىسا ئۇيغۇردەك بىر قۇرۇق قول ئادەمدىن قورقۇپ يۈرەمتى؟

ئابدۇل ھۇقۇش: (مەممەدۇلغا) يەنىلا سىزنىڭ مەسلىھەتىڭىز بويىچە ئىش قىلىۋىرسەك بولىدىكەن. توپ - توغرا جىلك شۇرىن ھەزرەتلىرىگە مەلۇمات يېزىۋېتەيلى.

ھاجى چايان: (كۈسەنكىرەپ) رەئىسىمىز مەلۇماتنى ئامبال دارىننىڭ بىر نەرىپ قىلىشىغا قالدۇرۇپ ئېۋەتسە، دارىن "مېنى رەنجىتكە چېقىپسىلەر" دېمەسمۇ؟

مەممەدۇل: ئىمزا قويماي دېمىسىز، مەسىلەن، زۇلپىقار، ۋىجدان ... دېگەندەك تەخەللۇسلارنى ئىشلىتىمىز. پۈتۈن خەلق نامىدىن ئەسكەر ئېۋەتىشنى ئىلتىماس قىلىمىز.

ئابدۇل ھۇقۇش: زادى بۇ ئۇيغۇر دېگەننى قانداق قىلىپ بولسۇن جىمىقتۇرۇۋەتمىگۈچە بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ گادايلارنى باشلاپ باش كۆتەرسە، بىزنىڭ سىۋىتىمىزدە ھېچنەرسە توختىمايدۇ.

ھاجى چايان: راس، ھەركەتتە بەرىكەت دېيدۇ. قېنى بىر ھەركەت قىلىپ كۆرەيلى.

[ئابدۇل ھۆقۇش بىلەن مەھەمدۇل ئەستىقلاپ باش سىلكىيدۇ]

— پەردە

## ئىككىنچى پەردە

ھەپتە كېيىن، پېشىن، تۇغۇلخاننىڭ ھويلىسى. ئىراقتا قارغا كېمىزلىگەن تۇمانلىق تاغلارنىڭ كۆرۈنىشى. سەھنىنى توغرىسىغا توسۇپ تۇرغان ھويلا تېمى، تام ئارقىسىدا يوپۇرماقلىرى چۈشۈپ يالىڭاچلانغان بىر نەچچە تۈپ دەرەخ. ھويلا تېمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قوش قاناتلىق ئىشىك. بىر نەرىپتە باغدىن ئېرەك بېرىلگەن مۇلنىڭ دەرەخلەرنىڭ يالىڭاچ قەمى، سەھنىنىڭ ئىككىنچى تەرىپىدە تۇغۇلخاننىڭ ئۆيى. ئۆي ئالدىدا پېشايۋان، پېشايۋان ئاستىدا سۇپا. پەردە ئېچىلغاندا تۇغۇلخان پەردە ئېچىلىشتىن ئىلگىرى بېرىلگەن پائۇزىغا ئۇلاپ ناخشا ئېيتىدۇ]

تۇغۇلخان: (ناخشا)

مەنچىلىك ئۆلاپ ھەممە خوش، بۇ يۇرتنىڭ كەتتى داڭقى.
بولدى ئاياق يۈتى بوش، ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ كانى.
ئامبال بولۇپ زالىملار، ياك زېمىنغا ھەم تاۋان،
گويا كى بولدى سەر خرتى، جىققىۋر يالماۋۇز سانى.

[تۇغۇلخان بىر نەرسىنى يادىغا ئالغاندەك توختاپ قالىدۇ. نىياز كىرىدۇ]

نىياز: سىرغۇقتا تۇرۇپ قاپسىلغۇ، قىزىم؟

تۇغۇلخان: ئاداش (ئېچىلىپ يېرىپ نىيازنىڭ ئۇسىنى ـ بېشىنى قېقىشتۇرىدۇ) بەكمۇ گاڭشاپ قىلىۋىدىم، ساق ـ سالامەت قايتىپسىز، خۇداغا شۈكرى.

نىياز: (بېشىنى چايقاپ) سورىسالا قويغىن، قىزىم، بەكمۇ ئەسلىكتە كەلدىم. كېيىنىگە ئايغاقچى چۈشۈۋېلىپ ھېلى بىر جايدا ئاران قۇتۇلدۇم.

تۇغۇلخان: (ئەنسىز) سىزنىڭ يولغا چىققىنىڭىزنى ھېچكىم بىلمەيتتىغۇ؟

نىياز: ئۇيغۇر ئەپەندىدىن باشقا ئەبەدۇل بىلەن ھاجىلا بىلەتتى. لېكىن چاربازارچى ساماقىنىكى ئىككى كىشى ئەزغىچى ـ كەلگىچە قارا كۆزۈنەر كېيىمگىچە كىرىۋېلىپلا ئاۋارە قىلدى.

تۇغۇلخان: خەتنى يوشۇرۇپ ئوبدان بىرلاردىڭىزمۇ؟

نىياز: شۇنداق قىلمايچۇ؟ ئۇيغۇر ئەپەندى ئالاھىدە تاپىلىغان ئىدى. شۇڭا بازارغا يېقىن قالغان جايدا ئاختۇرۇپ ھېچنىمە تاپالمىدى.

تۇغۇلخان: (ئويلىنىپ) بۇ قانداق گەپ؟ بامىغۇلارنىمۇ ئاختۇرىدىغان بولدىمۇ ياكى سىرنى...

نىياز: بازارغا كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاختۇردى. ئەمما، مېنى ئۆزگىچىراق ئاختۇردى.

ئوغۇلخان: (ئولتۇرۇپ ئۆزىچە) ئۆيغۇر ئەپەندىگە نۇرۇق چوشۇپ قالمىغاندۇر؟

نىياز: (بىردىن ئىشىكە ئالماندەك ئالدىراپ) قىزىم، مەن ئېلىپ كەلگەن دەرسلەرنى شىلىپ ئەپ يەتۈل تارقىلىق ئۆيغۇر ئەپەندى بىلەن كۆرۈشمەسەم بولمايدۇ.

ئوغۇلخان: كۆرۈشۈشنى ئىلگىرى ئۇ دەرسلەرنى ماڭا بېرىڭ. يەنە بىرەر قېتىم چىقىپ...

نىياز: (باش چايقاپ) ياق قىزىم، ئۆيغۇر ئەپەندى ئېلىپ كەلگەن دەرسنى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمگە بەرمەسلىكنى تاپىلىغان. مەن ئۇنى ئۆزەم بىلىدىغان جايغا ئەبلەپ قويۇپ ئاندىن بارىمەن.

ئوغۇلخان: بوپتۇ، شۇنداق قىلىڭ. (ئالدىراپ) مېكىشتىن ئىلگىرى چاي ئىچىۋېلىڭ، سوغۇقتا تىتىرەپ كېتىسىز.

نىياز: كۆڭلۈم جايىدا ئەمەس قىزىم، (بېھوش كۆزلىمدۇ) ئاۋال قىسمى تۈگىسۇالاي.

ئوغۇلخان: (قىيالمىغاندەك) سىملا بولسۇن بېرراق قايتىپ كېلىڭ.

نىياز: ماقۇل، كوپ گاشات قىلما قىزىم، نويىدە بولغىن.

[نىياز ھويلا ئىشىكىنى ئېچىپ چىقىپ كېتىدۇ. ئوغۇلخان ئىشىكنى ھەم تاقاپ جايىغا قايتىدۇ. بىر دەرسنى يادىغا كەلتۈرگەندەك يۈرىكىنى تۇتىدۇ]

ئوغۇلخان: (مونولوگ) ئەپەندى سەمەز كېلىپ مېنى خاتىرجەم قىلماق بولماسمىدى، جېنىم؟

(ناخشا)

سۆيتەك ئاپپاق ئايدىكىدا،      ۋاراپ باغام مەنىرايدۇ،
يار خىيالى ئاندىمدا،      ھەقىقەتەن ئۆزى يوق.
سىيەم ماڭا ھەمرادۇر،
يالغۇزلۇقتا يېنىمدا،      بىر كەتكىلى دەردىم جىق،
رەڭگىم رەپىرەن سېرىق.
سايام ھەم ماڭا ئوخشىش،      بىردىن ئايرىلىپ ۋاي ھالىم،
سولتى يار سوزى يوق،      ۋا ھەسرەتا، ۋا دەرىغ.

[ئوغۇلخاننىڭ ناخشىسى ئاياغلاشقىنىدا يېنۇزا ئۆزگىرىدۇ. سەھنە سىرتىدىن قۇرباننىڭ ناخشىسى ئاڭلىنىپ ئاستا - ئاستا يېقىنلىشىدۇ. ئوغۇلخان ناخشىنى ئاڭلاپ تۇرالماي قالىدۇ. كېيىن بىر نەنى ئىشىكە كەلگۈرگەندەك يۈگرەپ بېرىپ ھويلا ئىشىكىنى ئېچىۋېتىپ ئۆزى باغ تەرەپكە بېرىپ مۇرالىك دەرەخ كەينىگە موشۇرىنىدۇ.]
سەھنە سىرتىدىن قۇرباننىڭ ناخشىسى ئاڭلىنىدۇ:

(ناخشا)

ھاي سەنەۋۇ باللىجىن،      زېرىككەن جېنىدا،
سەمىۋ سەن جانىجىن،      ئۆيقۇغا ئالدىڭ.
كىمدۇر بىلەمسەن،
نوتۇقىدا يانغان؟      نازىك ياراشۇر،
قىزلار قاراشۇر،
ئوتلارنى سالدىڭ،      ئوتتىن يىگىتلەر،
جانلارنى ئالدىڭ.      ئويدە تالاشۇر.

[قۇربان ناخشا بىلەن تونجۇق ئىشىكتىن ھويلىغا كىرىدۇ. ئەتراپقا قارايدۇ. "ئوغقۇلخان!" دەپ توۋلايدۇ. جاۋاپ بولمايدۇ. ئوغقۇلخان كۈلۈپ دەرەخ كەينىدە تۇرىۋېرىدۇ. قۇربان يېڭى پاتۇزغا تەگكەندەك قىلىپ ناخشا ئوقۇيدۇ.]

قۇربان: (ناخشا)

سەھەرلەر تاڭ ـ ئەتىگەن چىقار يەتتە پەلەكلەرگە،
يېتەلمەس بۇ مېنىڭ زارىم پەلەكلەردە مەلەكلەرگە.
تەپەككۇر دېڭىزىغا غەرق بولۇپ ھەر يانە مەن شۇڭغۇپ،
ئۆزۈمنى ئەيلىدىم تۇھپە بۇ دېڭىزدا سەمەكلەرگە.
چىقىپ كۆككە، كىرىپ يەرگە ھېچىمدە ئىزدىدىم ۋەسلىڭ،
بۇ ئادەت ئۆزرە كۆپ ئۆتتى قارارسىز ئۆشبۇ تۈن پەسلىڭ.
تېپى بوق ئەلنىڭ پاك، ھېچ بىلمىدىم ئول مۇددىئا ئەسلىڭ،
مېنى ئاۋارە قىلماقلىق تىلىكىدە تۇيۇلغان قەستىڭ.

ئەگەر قەستىڭ تۇشۇلدۇر بولغايمەن دائىم ئاۋارە،
سېنىڭ رايىڭ شۇنىبۇ بولسا تېپىلغايمۇ بىرلەك چارە،
بۇ دەردىم بى داۋا بولدى، داۋالار كەلمىگەي كارە،
ئاتاپ قويدۇم ئۆزۈمنى كاشكى بولسامۇ مىڭ پارە.

[ئوغقۇلخان يۈگرەپ چىقىدۇ]

ئوغقۇلخان: (ھاياجان بىلەن) قۇربان، خۇش كەپسىز!

قۇربان: (مەردانىلارچە كېلىپ) ئوغقۇلخان، سىز نېمىشكە موكىنىۋېلىپ مېنى چوچۇتتىڭىز؟

ئوغقۇلخان: (ناز بىلەن) سىزنىڭ ناخشىڭىزنى ئۇزۇنراق ئاڭلىۋالاي دەپچۇ...

قۇربان: (ئېچىنىشلىق) سىز پېقىرلىق جامالىڭىزنى يوشۇرۇپ، ھەسەلدەك شېرىن سۆزلىرىڭىزنى ئاياپ قوياي دەپسىز ـ دە؟ بىلەمسىز، مەن سىزنى كۆرمىگىلى تۈپ ـ توغرا بىر ئاي بولدى.

ئوغقۇلخان: (زارلىق بولغاندەك قىياپەتتە نازلىنىپ) شۇنداق بولغاندۇر ھېلى، ئوتتۇز كۈندىن ئۈچ كۈن ئېشىپ كەتتى.

[ئوغقۇلخان بېرىپ قۇربانىنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويىدۇ]

قۇربان: سىزنى بەكلا كۆرگۈم كەلدى.

ئوغقۇلخان: مەنچۇ؟ كىشىمۇ شۇنچىمۇ كۆتتۈرگەن بارمۇ؟

قۇربان: ئەسكەرلەرنىڭ قاملى ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەن، جىڭ شۇرېننىڭ پەستە قۇدۇق بېسىدى كى جەڭدە نەرە ـ پەرەن بولغان ئەسكەرلىرى ئۆشتۈك تەككەن دوغۇنمەك بولۇپ كېتىپتۇ.

ئوغقۇلخان: (چوچۇپ بىراقلىنىپ) ئۆيەۋر ئەپەندىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئورۇندىيالىدىڭىزمۇ؟

قۇربان: ئورۇندىدىم. يەنە خەت ئېلىپ ياندىم. شۇ خەتنى قولغا چۈشۈپ كەتمەسۇن دەپ ئەگىپ ـ پىقىراپ يۈرۈپ كېچىكىپ كەتتىم...

ئوغقۇلخان: (خۇشال) تاپشۇرۇقنى ئورۇنلاش ھەممىدىن مۇھىم ئىدى. چۈنكى، ئۆيەۋر ئاكىلارنىڭ ئويلاۋاتقىنى پۈتۈن يۇرتنىڭ ئىشى ئەمەسمۇ؟

قۇربان: توغرا ئېيتتىڭىز، ئوغۇلخان!

[ھاجى چاپان ئوچۇق ئىشىكتىن چاندۇرماي كىرىدۇ. قۇربان بىلەن ئوغۇلخان بىر - بىرىگە تەلپۈنۈپ يېقىنلىشىدۇ. ھاجى چاپان يۆتۈلىدۇ. قۇربان بىلەن ئوغۇلخان چوچۇپ يىراقلىشىدۇ ۋە ئارازلىق بىلەن ھاجى چاپانغا قارايدۇ]

ھاجى چاپان: ھەم ھەم... (ھودۇقىدۇ) بۇ يەردە ئىككىڭلارمىدىڭلار؟ مەن نىياز ئاكىنى ئىزدەپ كېلىۋىدىم.

ئوغۇلخان: ئاتام بازارغا كىرىپ كەتكەن.

ھاجى چاپان: قاچانراق كىرىپ كەتكەن؟

ئوغۇلخان: (سەل ئىككىلىنىپ) بىر ئاش پىشىمچە ۋاقىت بولغاندۇر.

ھاجى چاپان: (مىيىقىدا كۈلۈپ) شۇنداقمۇ؟ (ئاسمانغا قاراپ) ئۇنداقتا چىقار ۋاقتىمۇ بولۇپ قاپتۇ، مەن بىرئاز ساقلاپ باقاي. (يۆتۈلىدۇ ۋە قۇرباننى كۆرىدۇ)

قۇربان: ھاجى ئاكا، سوغۇقتا توڭلاپ كېتىسىز، ئاززاق ئايلىنىپ كەلمەمسىز؟ ئۇنىڭغىچە نىياز ئاكام كېلىپمۇ قالار.

ھاجى چاپان: (مىيىقىدا كۈلۈپ) مەن مۇشۇ يەردە ساقلاي، مۇھىم بىر ئىشىم بار ئىدى.

[ئوغۇلخان خاپا بولغان ھالەتتە ئىپادە قىلىپ گۈرسۈلدەپ دەسسەپ كىرىپ كېتىدۇ]

قۇربان: قانداق يېڭىلىقلار بار، ھاجى ئاكا؟

ھاجى چاپان: (قۇرباننىڭ باش - ئايىغىغا بىر قاراپ كۈلۈپ قويىدۇ) بۇنى ئىنى، سەندىن سوراي دەپ تۇرسام سەن ئالدىمغا ئۆتۈۋالدىڭغۇ؟ نەلەردە يىقىراپ، نېمىلەرنى كۆردۈڭ، دەپ باقسىنا؟

قۇربان: (كۈلۈپ) نېمىلەرنى كۆرمىدىم؟ ئاياق كارىز تەرەپلەرگە چۈشۈپ يىقىراپ كەلدىم.

[نىياز كىرىدۇ. ھاجى چاپان بىلەن قۇرباننى كۆرۈپ «ھەجەپ» توختاپ قالىدۇ]

(خۇشال كۈلۈمسىرەپ) ھە، قۇربانمۇسەن ئوغلۇم؟ (ھاجى چاپانغا بۇرۇلۇپ) ھە، ھاجىمۇ سىز، تېنچ تۇردىڭىزمۇ؟ (ئۇلار بىلەن كۆرۈشىدۇ)

ھاجى چاپان: ياخشى قالدىڭىز ئاكا. بۇ ئالەم تىنچسىز، جىن شۇرېننىڭ چىرىكلىرى ھەممىگە ئارام بەرمەيۋاتىدۇ. خىيالدىن بىرى كۆرمەي ئەنسىزلىنىپ بىر ھال - ئەھۋال سوراي دەپ كېلىۋىدىم.

نىياز: رەھمەت ئىنى، ياخشى نېمەت - بىرىم دۆلەت، دەپتىكەن. تىنچ، خاتىرجەم بولمىغان جايلارغا بىز بارمىدۇق.

ھاجى چاپان: شۇنداقتىمۇ پەخەس بولۇڭ، زالىملار ھازىر ھەممىسى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمايدىغان بولۇپ قالدى. (كۈلۈپ) يېقىن كۈنلەردە بىر يەقلارغا بېرىپ كەلمىگەنسىز؟

نىياز: (خاتىرجەم) نەگە بارغىلى بولىدۇ؟ بىزە ئۈزۈم بار ئىدى، شۇنى پۇل قىلىپ يۈردۈم.

ھاجى چاپان: ئۇيغۇر ئەپەندىم بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرغانسىز؟ ئەپەندىمنىڭ يۇخرادارچىلىقى قويۇق.

نىياز: (ھۆرمەت بىلەن) ئەنچە بېرىپ كۆرۈشۈپ كېلەي دەپ نىيەت قىلغان بولسامۇ ئۇنىڭ ۋاقتىنى ئېلىپ قويماي دەپ ئۆزەمنى تارتتىم.

قۇربان: ئۇيغۇر ئەپەندىنىڭ ھەققەتەن ئىشى كۆپ، كېچىلىرى ئولتۇرۇپمۇ شېئىر يازىدۇ دەپ ئاڭلىدۇق.

ھاجى چاپان: (ئىستىھزادا) شۇنداق، شۇنداق. ئۇيغۇر ئەپەندى ئەل - يۇرتنىڭ غېمى بىلەن بەنت. خوش، مەن قايتاي.

AltunOq

نىياز: ئىنى، كەمبەغەل بولسانمۇ ئۆيگە قەدەم تەشرىپ قىلدىڭ، بىزە چاي ئىچەيلى.
ھاجى چايان: (چىقىپ كېتىۋېتىپ) خوش رەخمەت، مەن يەنە بىرقېتىم كېلەرمەن، مەن قايتىپ باقاي.
[ھاجى چىقىپ كېتىدۇ، نىياز ئىشىكنى ھەم يېپىدۇ]
قۇربان: (ھاجى چايانغا قارىتىپ) مېنى دېسەڭ ئامانلىغان يېتىك يوقال! ئىككىنچى بۇ ھويلىغا قەدەم باسما قىلالماقچىرا...
[تۇغۇلخان ئۆيدىن چىقىدۇ]
تۇغۇلخان: كەتتىمۇ ئۇ چايان؟
قۇربان: ئالەمدەك بىرنىمىنى بىلىپ كەپ تاشلىغان دېيىدۇ تېخى. مەن، بۇ شادىمانلىق سىرنى چىرايىمدىن ئۇرمۇز ئاكامغا بىرمەر قايەت كۆلەرمىكىن دەپلا ھەم قىلىمەن.
نىياز: ئۇيغۇر ئەپەندى سەزگۈر كىشى، بۇ ھاجى چاياننى ئۇنىڭغا زۇۋانلىكتەك يېپىشىپ يۈرسىمۇ يەنە ھەزەر قىلىدۇ.
تۇغۇلخان: سىرنىڭ ئۇ يەرگە (سىرتنى ئىشارە قىلىدۇ) بېرىپ كەلگەنلىكىڭىزنى ھاجى چايان بىلمىدىغان ئوخشىمامدۇ؟
نىياز: يارىمەسلىكىمىزنى بىلىدۇ، لېكىن سەمەتقا بېرىپ كەلگىنىمىزنى، قاچان كەلگەنلىكىمىزنى بىلمەيدۇ.
قۇربان: ئىش ـ ئىشىمىزنى بىلەي دەپ كېلىپ يېپىشقانىغان بولسىمىدۇ؟
تۇغۇلخان: (نىيازغا) ئاكا، ئەنەيتۇل ئاكا بىلەن كۆرۈشەلىدىڭىزمۇ؟
نىياز: كۆرۈشتۈم، ئۇيغۇر ئەپەندى مۇشۇ يەرگىلا كېلىدىغان بولغان ئىدى.
قۇربان: (خوشال) ئۇنداقتا مەنمۇ ئىلىپ كەلگەن بەرسەمنى مۇشۇ يەردە تاپشۇرىدىغان بولدۇم.
[ئىشىك چېكىلىدۇ. نىياز بىلەن قۇربان يوشۇرۇنىدۇ. تۇغۇلخان بېرىپ ئىشىكنى ئاچىدۇ. ئۇيغۇر ۋە ئەنەيتۇل كىرىدۇ]
ئۇيغۇر: (تۇغۇلخانغا) ياخشىمۇ سىز سىڭلىم؟ نىياز ئاكا بارمۇ؟
[نىياز بىلەن قۇربان يوشۇرۇنغان جايىدىن يۈگرۈپ كىرىدۇ. ئۇلار ئۇيغۇر ۋە ئەنەيتۇل-لار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشىدۇ]
نىياز: سالامەت تۇردىڭىزمۇ، ئىنى؟
قۇربان: ئۇيغۇر ئاكا، ئەنەيتۇل ئاكا ئىنچە تۇردىڭىزلارمۇ؟
ئۇيغۇر: (نىيازغا) ساق ـ سالامەت يېتىپ كەپسىز ئاكا. (قۇربانغا) سەنمۇ ساق قايتىپسەن ئۇكا!
[نىياز تېز چىقىپ كېتىدۇ]
ئەنەيتۇل: (قۇربانغا) ئىشلار قانداقراق، ئىنى؟
قۇربان: ئۇ تەرەپلەردە ئىش ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ئىكەن. يەتتە قۇدۇقتا شىلىقشەمدى باتـالىپ يارغان جىلق شۇرىسى ئارمەسى چىقتى چۈشكەن قىرى ئىتتەك ئىككىنىپ يېتىپتۇ. (ئوتتۇ-كىنىڭ قونجىدىن خەت ئېلىپ ئۇيغۇرغا بېرىدۇ) بۇ، قومۇل ئىسيانچىلار شتابىدىن سىز-گە ئەۋەتىلگەن خەت.
[ئۇيغۇر كونۋېرتنى ئاچىدۇ. ئۇنىڭ چىرايىدا خوشال تەبەسسۇم، ئەنەيتۇل قۇربانغا خوش-ئال ئىككىلىدۇ. قۇربان بىلەن تۇغۇلخان ئامراقلىق بىلەن يىقىن تۇرۇشۇپ بىر ـ بىرىگە

قارىشىدۇ. ھەممىسىنىڭ دەرىجىدە بەختىيارلىقنى تۇيغۇسى جىلۋىلىنىدۇ. نىياز تېز كىرىدۇ]

نىياز: مانا بۇ، سىزنىڭ ئۆزىڭىزگە بېزىلغان خەت.
[تۇيغۇر خەتنى تېز ئېچىپ كۆز يۈگۈرتىدۇ]

تۇيغۇر: (ھاياجان بىلەن، خۇشال - خۇرام، كۆتۈرەڭگۈ ئاۋازدا) مەن ئىككىلا تەرەپتىن كەلگەن ئۈچۈردا بىزنىڭ ئىنقىلاۋىمىزغا ئەمەلىي ياردەم بېرىش قەستىمىزنى قىلىنغان. ھەتتا قورال-ياراق ئېۋەتمەكچىلىكىنىمۇ بىرىپتۇ.

ئەنەيتۇل: ئىشىمىز ئاخىرى ۋۇجۇدتا چىقىدىغان بولدى.

تۇيغۇر: (جەسۇرانە) جەزمەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. (نىياز ۋە قۇربانغا) سىلەر، نىياز ئاكا ۋە قۇربان ئىنى، بەدە نازران جاي نارتساڭلار قانداق؟

نىياز: ئەل - يۇرتنىڭ بەختى ئۈچۈن ھەر قانداق جاي بولسىمۇ مەيلى ئەمەسمۇ، ئىنى؟

قۇربان: ئادالەت ۋە باراۋەرلىككە بولىدىغان ئىش بولسا، جايا چېكىش ھېچقانچە گەپ ئەمەسقۇ، ئاكا!

تۇيغۇر: (تۇرۇلغانىدە ھېيرۇۋانلارچە تىكىلىدۇ. ئاندىن نىياز بىلەن قۇربانغا) مەن سىلەرنى سوۋېتلەرگە جابدۇپ قوياي. بەش، ئون خىچىرغا رەخت، قەنت يۈكلەپ بېرىپ قايتىشىڭلاردا قورال ئېلىپ كېلىڭلار. سىلەرنى ئېغىزدا ئۇلارنىڭ كىشىلىرى كۈتمۇالىدۇ. مەن خەت يېزىپ بېرەي.

نىياز
قۇربان }: (باراۋەر) چىرۇقلىم تورۇقلايمىز!

تۇيغۇر: (ئەنەيتۇلغا) سىز، يۇرادەر، ئۇندەك يازان بىلەن ئۇلارنىڭ قايتىشى سەپىرىگە ھەمدەم بولسىڭىز.

ئەنەيتۇل: (خۇشاللىق بىلەن) جەزمەن قوشۇشلىرى تورۇۋلايمەن.

ئومۇلخان: ئانامىلار بىلەن مەنمۇ بارسام بولامدۇ، ئاكا؟

تۇيغۇر: (كۈلۈپ) سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز ھەممىدىن كۆپ، سىڭلىم. سىز نىيار ئاكىلار ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى ۋاقتىنچە جايلاشتۇرىدىغان تورۇن راسلايسىز.
[ھەممەيلەن كۈلۈشىدۇ]

— پەردە

## ئۈچىنچى پەردە

[ئۈچ كۈن كېيىن، كەچ. مەھمۇدنىڭ ئۆيى. چوڭ ئارادە، ياسداق ئۆي. ئۆدۈلدىكى تامدا ئېگىز ھەم كەڭ رۇجەك. سول تەرەپتىكى تامدا گىلەم. تامنىڭ ئالدىدا گىلەم سېلىنغان كاڭ. ئوڭ تەرەپتە ئىشىك. ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىگە گۈللۈك تاشتەك قويۇلغان خەنزۇ ئۇسلۇبىدىكى جوزا. جوزىدە مەركىزىدە چوڭ شىرە، شىرەنىڭ ئەتراپىغا ئورۇندۇق. ئۈستىگە دازۇ - نەمەت، هاراق - شارابلار تىزىلغان. ئىرمۇدىن مەھمۇدۇللىق كاتتا زىيابەت راسلىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئايخان زىيابەتكە جەددى تەييارلىق قىلمۇاتقاندا پەردە ئېچىلىدۇ. ئابدۇل ھوقۇش كىرىپ كېلىدۇ.]

ئابدۇل ھوقۇش: ياتاللا خېنىم، سىزنى — دەپ دېرىم جېنىمىز قالدى. نەچچەكەلسەمىيوق ئىكەنسىز.

ئايخان: (ناز بىلەن) بىر ھەممە پەردە ھېمىشە سورۇلۇپ يۈرۈيدىغانلاردىن ئەمەس.

ئابدۇل ھوقۇش: ئۇنىمۇ بىلىمىز، خېنىم. سىزگە ئازراق سوغا ئېلىپ كەلمىدىم. (ئۆزۈكنى بەرىلەيدۇ)

ئايخان: (ئۈزۈكنى قولىغا ئېلىپ) شۇنچە ۋاقىتتىن بۇيانقى قەرزىڭىز ئۈچۈن ئاران مۇشۇ بىر جۈپ ئۈزۈكمۇ؟

ئابدۇل ھوقۇش: بۇنى ئاز كۆرسىڭىز «قەرز ئالدىم» دەپ ھۆججەت يېزىپ بېرەي.

ئايخان: (ئېچىلىپ) قانچىگە يازارسىز؟

ئابدۇل ھوقۇش: (ئىسسىنكىرەپ) بەش مىسقال ئالتۇنغا يازىمەن.

ئايخان: (قاقاھلاپ كۈلۈۋېتىپ) ھا، ھا، ھا... كۆزىڭىز كىچىك، قارنىڭىز تار ئىكەن. ھۆججەتنىمۇ بەش مىسقالدەك ئەرزىمەس نەرسىگە يازامدۇ؟ مەن سىزگە ھازىرلا ئىككى سەر ئالتۇنغا ھۆججەت يېزىپ بېرىمەن.

ئابدۇل ھوقۇش: (ھەيران) سىز نېمىشكە يازىسىز؟ چۈشىنەلمىدىم.

ئايخان: (چىرايلىشىپ) بۈگۈن زىياپەتكە ئۇيغۇرمۇ كېلىدۇ. قىياپىتىدا سىز ئۇنى ئۆچۈقتۇرۇۋېتىسىز - دە، ئەتىسى ئىككى سەر ئالتۇننى ئېلىپ ھۆججىتىمنى قايتۇرۇۋېلىپ بېرىسىز.

ئابدۇل ھوقۇش: (سەراسىمە ئىچىدە) بۇ... بۇنى مەن بالغۇز قانداق ئەپلىيەلەيمەن؟ ئۇ كۈچلۈك ھەم دوستلىرى كۆپ.

ئايخان: (كۈلۈپ) بۇ ئىشنى بىجىرىۋەتسىڭىزلا يەنە بىر مۇنچە نەرسىلەر سىزنىڭ بولىدۇ. ھەتتا (ناز بىلەن غىلجىڭلاپ) مەنمۇ سىزنىڭ بولىمەن.

ئابدۇل ھوقۇش: (دۇدۇقلاپ) بۇنى... بۇ... قېنى! مەسلىھەت...

[سىرتتىن مەمەتدۇلنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ]

سىرتتىن مەمەتدۇل: ئايخان، ۋاي ئايخان، بارمۇ سەن؟

ئايخان: ھە، مەن بار، قورقۇۋاتامسەن؟

سىرتتىن مەمەتدۇل: بۇياققا چىققىنا.

ئايخان: كېپىلىڭ بولا سەن بۇياققا كىر!

ئابدۇل ھوقۇش: (قورقۇپ) مەن قانداق قىلىمەن؟

ئايخان: تۇرۇۋېرىڭ.

ئابدۇل ھوقۇش: سەت بولارمىكىن؟

ئايخان: ئۇنداقتا، سىز مېنىڭ ياتاق ئۆيۈمگە كىرىپ ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كىرىمەن. ھېلىقى مەسلىھەتىمىزنى شۇ چاغدا قىلىمىز.

[ئابدۇل ھوقۇش چىقىپ تۇرۇشىغا مەمەتدۇل كىرىدۇ]

مەمەتدۇل: ھە، ھېلىقى ئىشنى بىجىرەلىدىڭمۇ؟

ئايخان: ئۇيغۇر ئەمەندى زادى يېقىن كەلگىلى ئۇنىمىدى.

مەمەتدۇل: بىر ئىش قىلىپ باقساڭ بولاتتى. ئۇنى ئەشۇنداق قىلىپ قايغانغا چۈشەرسەڭ تۇتۇشماق ئاسان ئىدى. مەن بىرياقتىن، ئۆيۈمنى بۇزدى، دەپ ۋاقىراپ بەرسەم، سەن ئۇياقتىن ماڭا زورلۇق قىلدى، دەپ ئەرز قىلساڭ ئەتىلا سولىتىپ تاشلايتتۇق.

ئايخان: (ئاچچىق بىلەن زەردە قىلىپ) ھەي بېلى بوش، يۇمشاق گەدەن خۇمسى، سەن گەپنىڭ ئۈستىدە بولمىغاندىكىن ئۇققاپسەن. ساڭا ھەممىنى دەپ بېرەمتىم؟ خوتۇن كىشى قىلالايدىغان ھەممە قىلىقلار، ھەممە سۆزلەر بىلەن ئىككى ئاش پىشىم ئولتاردىم. ئەر كىشى سىياقىدىكى لاي بۇت بولسىمۇ ئېرىپ كېتەتتى. ئۇ بىر نېمەڭ دىدارىمغىمۇ قارا

رىغبىتى ئۇنىمىسا كۈتۈرۈپ ياتاتتىمۇ؟

مەمەدۇل: ھېچنېمە دېمىدىمۇ؟

ئايخان: "كەچۈرۈڭ، مەن ھاراملىقنىڭ خالى، رەببىقەم ئىيمانىمنىڭ قاپاتىدا ھىلمىرۇ تەۋرىمەيمەن" دېدى.

[ھاجى چاپان كىرىدۇ. ئۇنى مەمەدۇل بىلەن ئايخان سەزمەيدۇ]

مەمەدۇل: بىرەر - يېرىمىنە سىزلەردىن ھوكۇمەتكە قارشى گەپ - سۆز چىقمامدۇ؟

ئايخان: خوتۇنغا بېغىشلاپ يازغان مەرسىيەمنى ئوقۇدى شۇ.

مەمەدۇل: (خوشال) ھەي، ھەي. يېزىۋالغان بولساڭمۇ ئۇنى تېتىۋر قىلىپ ياخشىلىغا مەلۇم قىلىۋېرەتتۇق.

ئايخان: يېزىۋالاي دېسەم ئۇيالدىمۇ؟ لېكىن بەزى مىسرالىرى يادىمدا قاپتۇ.

مەمەدۇل: قېنى ئوقۇغىنا.

ئايخان: (سەل ئويلىنىۋېلىپ دېكلاماتسىيە قىلىدۇ)

ياخشىلاردىن ياخشىراق بىر بىباھا يولداش ئىدىڭ،
مەجنۇننىڭ لەيلىسىدەك دەردداش ئىدىڭ، سىرداش ئىدىڭ.
بۇ جاھاننىڭ لەززىتىگە سەن ئىدىڭ تەم بەرگۈچى،
ھەر گۈزەل بىرەمەنزىرە بولسا سەن ئاڭا رەڭ بەرگۈچى.

ئاھلەر، پەريادلەر چىقتى يەلەكلەرگە بىر ئۈن،
كەلمىدىڭ قايتىپ ئەجەپ، كەلمەمدۇ ھېچ رەھمىڭ بۈگۈن.
ياخشى ۋەسلىڭ تا قىيامەتكە قەدەر تىلدا بولۇر،
خاس ساڭا بولغان مۇھەببەت تا ئەبەت دىلدا بولۇر.

ھاجى چاپان: (ئويلىنىپ) ئامال قىلسا دەپ چىقارغىلىمۇ بولۇپ قالار...

[مەمەدۇل بىلەن ئايخان چۆچۈپ ئۆرۈلۈپ ھەجەيىپ تۇرغان ھاجى چاپاننى كۆرىدۇ]

ئايخان: كېلىڭ ھاجىكا. ئۈن - تىنسىز كىرىپ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرۇۋېمىز - دە؟

ھاجى چاپان: شېئىر ئوقۇغىنىڭىزنىلا ئاڭلىدىم.

مەمەدۇل: سىز بايىلا ئېيتقان دەپنى قانداق ئامال بىلەن چىقىرىمىز؟

ھاجى چاپان: ھوكۇمەتنى تىللايدىغان مىسرالارنى ھېلىقى شېئىرغا قوشۇپ يازىمىز، ئۇيغۇر شۇنداق يازدى دەپ چېقىۋەرمەيمىزمۇ؟

ئايخان: ھاجىكامنىڭ ئەقلى خېلى يولىدىكەن. سىلەر پاراڭلىشىۋېرىڭلار، مەن كىرىپ ئاستىپ چىقاي. (مەمەدۇلنى بىر چەتكە تارتىپ يوش ئاۋاز بىلەن) ئۇيغۇر دېگىنىڭىز مېنىڭ قولۇمدا جان بېرىدۇ. قانداق قىلغانلىقىم ۋە قانداق قىلىدىغانلىقىمنى ئادەم يوق جايدا ئېيتىپ بېرەي.

مەمەدۇل: (خوشال) مىڭ ياشا كىرگىن خوتۇن. (ئايخان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ھاجىغا) سىز ئۇيغۇرنىڭ ھېلىقى تەشكىلاتى توغرىسىدا بىر نەرسە بىلەلمىدىڭىزمۇ؟

ھاجى چاپان: ئانەيتۇل دېگەن گۈيتۈزا مەتدىن گۇمان قىلىپلا كېلىۋاتىدۇ. نىياز يالاكتوش بىلەن ئۇرۇپان ساقىندىمۇ خۇددى بولۇۋېلىۋاتىدۇ.

مەمەدۇل: ئۇيغۇرغا ئۇچراشقان جىنخەنزىدا چاندۇرمىسىڭىزلا بولىدۇ. بۇ كادىرلار ئۇيغۇرنى ئەۋ- لىيادەك كۆرۈپ ھېچبىر سۆزىنى يەردە قويمايدۇ.

ھاجى چاپان: ئۇيغۇرمۇ ئېتىباتچان بولۇۋالغاندەك تۇرىدۇ. مېنىڭ بىلىشىمچە ئۇلارنىڭ خېلى چوڭ بىر سىرى باردەك قىلامدۇ ـ نېمە؟

مەمەدۇل: (جىددىيلىشىپ) قانداق سىرى بولۇشى مۇمكىن؟

ھاجى چاپان: غەليان كۆتۈرەمكىن دېيمەن، نىياز بىلەن قوربانلىق ئۆزىچە تورپاندىن يوقىلىپ كېتىپ، تۇساتتىن پەيدا بولۇپ قېلىشىدا، قۇمۇلدىكى ھەم ئىچكىرىدىكى توپىلاڭچىلارغا داۋاملىشىدىغان ئالاقە باغلاش سەۋەبى بارمىكىن؟

مەمەدۇل: ئۆتكەن قېتىم سىزنىڭ سۆزىڭىز بىلەن نىيازنىڭ كەينىگە ئادەم قويغۇزۇپ، كېيىن ئۇنى چەمبىرلىماي ئامبالدىن كۆپ ھەشنام يېدىم. ئاخىرى ئايغان ئامبالنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ كەچۈرۈمگە ئېرىشتىم. بۈگۈنكى زىياپەتمۇ شۇ سەۋەبتىن بولىۋاتىدۇ.

ھاجى چاپان: ئۇيغۇرنى نېمىشقا چاللىدىڭىز؟

مەمەدۇل: ئامبال دارىنى مېنىڭ ئۇيغۇر بىلەن شەخسىي ئاداۋىتىم بولغىنىنى، پەقەت رەئىس جېڭ شۇرېن بىلەن ئامبال بولغان ئاداقتىم ئۈچۈنلا ئۇيغۇر بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان- لىقىمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىمۇ چاللىدىم.

ھاجى چاپان: بۇ پىلانىڭىز جايىدا.

مەمەدۇل: ئېيىشىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر كېيى مەردانە بىر نېمە، زىياپەتكە كەلسىلا ھۆكۈمەتكە تىل سالىدىغان گەپ ـ سۆزلەرنى قىلماي قالمايدۇ. ئامبال ئۆزىمۇ ئاڭلاپ باقسۇن. كەلسىلا بولاتتىمۇ.

ھاجى چاپان: ئۇ كېلىدىغان بولدى.

مەمەدۇل: راستىمۇ؟ (خۇشال بولۇپ ھاجى چاپاننىڭ قولىنى تۇتىدۇ)

ھاجى چاپان: ھېلىلا مەن ئۇلارنىڭ يېنىدا ئىدىم. ئۇ نەدەيتۇل بىلەن بىر ھازا كوتۇلداشتى.

مەمەدۇل: نېمە دەپ كوتۇلدىشىدىغاندۇر؟

ھاجى چاپان: ئېھتىمال غەليان چىقىرىدىغان بىر ئىشارەتنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن كېلىشنى توختا- تىمىكىن دەيمەن.

مەمەدۇل: (قولىنى ئىشقىلاپ) كەلسىلا بولغىنى، كەلسىلا سۆزلەيدۇ.

ھاجى چاپان: بۈگۈن ئامبالغا ئېيتىپ نىياز بىلەن قوربانىنى كۆزىتىشكە ئادەم قايىتلاتسىڭىز بولىدۇ. ئۇلار ئۇيغۇردىن تاپشۇرۇق ئالدى دېگەندە، شۈك ـ سىرلىق بولىۋالىدى.

مەمەدۇل: ئېيتىپ باقارمىز. بۈگۈن زىياپەتكە بىرىنگىدىن شىۋىڭ شىسەيمۇ قاتناشماقچى، ئامبالمۇ ئەندى ئەسكەر ئاز دەپ قاقشىمايدىغان بولدى.

AltunOq

هاجى چايان: (خوشال) ئەجەپ ياخشى بوپتۇ. شىلىڭ شەمەي قۇمۇل توپىلاڭچىلىرىدىن قالغان دەردىنى تۇرپاندىن ئالىدىكەن - دە!

مەمەدۇل: (زەھەرخەندىلىك بىلەن) بولسا، تۇرپاندا ئۈچ كۈن قەتلىئام يۈرگۈزسە كۆڭلىمىزدىكى ئىش بولاتتى.

هاجى چايان: ئۇيغۇرنىڭ توپىلاڭ چىقارماقچى بولغانلىقىنى شىلىڭ شەمەيگە ئېيتىپ ياقارمىز. سىزگىمۇ ئېغىر كەلمىسە مېنىڭ بىر تەكلىۋىم......

مەمەدۇل: (ئالدىراپ) قېنى، ئېيتىڭىنا ئۇ تەكلىۋىڭىزنى.

هاجى چايان: (يوت تەرەپكە قاراپ قويۇپ) بىزنىڭ ئامبال قورقۇنچاق، ئەبجىقكەش بولغىنى بىلەن ئىچى تار ئادەم. ئەگەر شىلىڭ شەمەي بىلەن ئۆزىمىز كۆرۈشسەك ھەسەت قىلىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا شىلىڭ شەمەي بىلەن ئايخان كۆرۈشۈپ باقسا......

مەمەدۇل: (نارازىماي) مۇبادا ئايخان ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغانلا بولسا ھەيپ، مېنىڭ باشقا گېپىم يوق.

[سىرتتىن بىر ئەسكەر كىرىدۇ]

ئەسكەر: ئامبال دارىن ھەم باشقا مېھمانلار كېلىپ قالدى.

مەمەدۇل: بىز خىزمىتىڭگە تەييار.

[ئەسكەر چىقىپ كېتىدۇ]

هاجى چايان: مەن بۈگۈن ئەپۇ قىلىشىڭلارغا مۇھتاج. چۈنكى، ئۇيغۇر بار بۇنداق زىياپەتتە مېنىڭ بولمىغىنىم ياخشى.

مەمەدۇل: (ئويلىنىپ) سۆزلىرىڭىزنىڭ ئاساسى باردەك قىلىدۇ. مەيلى، قاتناشمىسىڭىزمۇ قاتناشمىڭە!

[هاجى چايان چىقىپ كېتىدۇ. شىلىڭ شەمەينى باشلاپ ئامبال ۋە قەمبىسى كىرىدۇ. ئاق ئوفىتسېر بايكوپ ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىسى ئىككى ئەسكىرى بىلەن كىرىدۇ. ئامبالنىڭ ياردەمچىسى ۋە ئىككى ساقچى كىرىدۇ. ئەسكەر ھەم ساقچىلار ئۆيىنىڭ تۆت تەرىپىدە پوستتا تۇرغان ھالەتتە يېيىلىپ قېتىپ تۇرىدۇ. ئايخان، ئابدۇل ھۇققۇش، نۇرئىمان قۇجۇك كىرىدۇ.]

مەمەدۇل، ئايخان: (ئېگىلىپ) خوش كېلىشىپلا ئەزىز مېھمانلار.

[ئىككىسى ئامبال، ياردەمچىسى، شىلىڭ شەمەي، بايكوپ ۋە ياردەمچىلىرى بىلەن كۆرۈشىدۇ]

ئابدۇل ھۇققۇش، نۇرئىمان قۇجۇك: (ئېگىلىپ) خوش كېلىشىپلا ھىممەتلىك ئەپەندىلىرىم.

[ئىككىلىسى مەمەدۇل بىلەن ئايخاننىڭ ھەركىتىنى تەكرارلايدۇ. سالاپەتلىك، جەسۇر ئۇيغۇر كىرىدۇ. ھەممەيلەن ئۇنىڭغا زوقلىنىپ قارىشىدۇ]

مەمەدۇل، ئايخان، ئابدۇل ھۇققۇش: (تەڭ) خوش كېلىپسىز ئۇيغۇر ئەپەندى.

[ئۇيغۇر ئۇلارغا بەگلەرچە باش لىڭشىتىش بىلەنلا جاۋاپ قايتۇرىدۇ]

ئامال: رەنىس جىبلا شۇرىنىنىڭ سادىق يۇخرالىرى، سالەرگە بەخت تىلەپ كەلگۈچى بىر دارىتنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي — بۇ كىشى (شىلق شەمەيىنى كۆرسىتىپ) ياپونىيىدە مەخسۇس ھەربىي ئىلىم ئۆگەنگەن، جىبلا جۇشىنىڭ تەكالىۋى بىلەن ئۆلكىمىزگە خىزمەت قىلىشقا كەلگەن قابىلىيەتلىك بىرىنگادىر شىلق شەمەي بولىدۇ. ئۇ قوماندانلىرى بىلەن جاپالىق ئۇرۇش قىلىپ چارچىغانلىقتىن يۇرتىمىزغا دەم ئېلىش ئۈچۈن كەلدى!

ھەمەدۇل
ئايخان
ئابدۇلھۇقۇش
ئۇرئىمانقۇجىلا
: (تەك ئىگىلىپ) مۇبارەك بولسۇن ئامەتلىك قەدەملىرىگە، ئىززەتلىك بىرىنگادىر!

[ئۇيغۇر تۇرىنۇپىرىدۇ. شىلق شەمەي قانارلىقلار ئۇزىنغا تۇبىھە بىلەن قارايدۇ]

ئامال: (بايكوپنى كۆرسىتىپ) بۇ قەدىردان زات بولشۇۋىكلەر ئىنقىلابىدا ئۆت ئېچىپ دەقدىرنىڭ ئىرادىسى بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ شىلق دارىن شتابىدا باشلىق بولۇپ ئىشلەۋاتقان بىر سەركەردە!

شىلق شەمەي: (ئۇلاپ) كاپىتان بايكوپنى يەخشىراق تونۇشتۇرۇپ ئوتۇش كېرەك.

ئامال: (ئىگىلىپ) كەممىنە ئەھۋالدىن كۆپ خەۋەردار ئەمەسمەن.

شىلق شەمەي: كاپىتان بايكوپ دەۋرەنلەردىن. ئۇ ساخالىندا 1904 — يىلدىكى رۇس — ياپون ئۇرۇشىغا قاتناشقان. بولشۇۋىكلار بىلەن ئۇرۇشتا ئادمىرال كولچاك قوشۇنىدا. كېيىن ئاتامان دۇتوف شتابىدا ئىشلىگەن. تۈركىستاندا فرونزى بىلەن ئۇرۇش قىلغان. ئوتتۇرا ئاسىيا جۇغراپىيىسى، مەدەنىيىتى، سىياسى ئەھۋالى بىلەن پىششىق تونۇش. بىزنىڭ ئەلۋ باخشى يارىدەمچىمىز.

ئامال: جانابىڭىزغا ناھايىتى كۆچلۈك قول — قانات ئىكەن.

ھەمەدۇل: ئەھ، بايكوپ جاناپلىرى بىز ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن بىر بايامىق ئىكەن — دە!

ئايخان
ئابدۇلھۇقۇش
ئۇرئىمانقۇجۇق
: (تەك ئىگىلىپ) قەدەملىرىگە قۇتلۇق بولسۇن. سىزگە خوشلۇقنى يار قىلسەن، دەپ

مۇسايىر بولغان سەركەردە!

[ئۇيغۇر تۇرىنۇپىرىدۇ. ياشقىلار ئۇزىنغا ئالىدۇ]

شىلق شەمەي: (ئامالغا) سىزگە بۇنچىلىك ئىززەت بىلدۈرگەن بۇ يۇخرالىرىڭىز كىم بولىدۇ؟ (ھەمەدۇلنى كۆرسىتىپ) بۇياق يۇرتىمىزنىڭ ئوقۇمۇشلۇق شائىرى ھەمەدۇل ئەپەندى. (ھەمەدۇل ئىگىلىپ ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. ئامال ئايخاننى كۆرسىتىدۇ) بۇ گۈزەل خېنىم شائىرنىڭ ھەمسى — يۈلغى بولغان نازىمى ئايخان. (ئايخان ناز بىلەن ئىگىلىپ شىلق شەمەيگە تەبەسسۇم قىلىدۇ)

شىلق شەمەي: (ئامالغا) جانابىڭىز يەرلىك كىشىلەرنىڭ زىيالى تەبەقىسىدىن ئۆلپەت تۇتۇپ باخشى قىلىپسىز.

ھەمەدۇل: (ئىتتىك بېرىپ ئىگىلىپ) ئامال دارىن سىزگە چەكسىز كويۇمچان.

ئامال: (كېرىلىپ) قېنى، شىبىردىن ئىرەرتى ئوقۇيدىكەنمە.

مەمەدۇل: (ئىگىلىپ) رەئىس جىڭ شۇرىن جاناپلىرىغا ئاتاپ يازغان بىر شېئىرىم بار ئىدى، ئوقۇيمىكىن؟

شىڭ شىسەي: (قول سىلكىپ) مەيلى. ئوقۇڭ.

مەمەدۇل: (دېكلاماتسىيە قىلىدۇ)

ئۇلارنى شىنجاڭ ئۈچۈن بەخت ـ سائادەت رەھماسى،
ئەل ئۈچۈن جان كۆيدۈرەر ئىنتىزاللارنىڭ جاپپداسى.

شىڭ شىسەي: (قول سىلكىپ) يېتەرلىك، مەدھىيىگە ماھىر ئىكەنسىز.

[ئۈيغۇردىن باشقىلىرى چاۋاك چېلىشىدۇ]

مەمەدۇل: (روھلىنىپ) جاناپلىرى ئۈچۈنمۇ بىر نەرسە يېزىپ قويغان ئىدىم، ئىگىشاپ بېقىشقا قۇلاقلىرىنىڭ رايى بارمىدۇ؟

ئامىل: (ئالدىراپ) قېنى، ئوقۇۋەتكىن.

مەمەدۇل: (يانچۇقىدىن قەغەز چىقىرىپ دېكلاماتسىيە قىلىدۇ)

يوقاتماق بوپ كەللە بۇ ئەل دەرتىغان ئازاپنى،
قۇدۇل، تۆرەن خەلقى ئۈچۈن ئاللا ساۋاپنى.
سىلە ئۈچۈن ئوقاي ناخشا، چېلىپ راۋاپنى،
شان ئەيلىسىلە ماڭا ئوچتاش ياغرى كاۋاپنى.
ئىسيانچىنى يوقاتقايلا تۈزلەپ خارابنى،
نەيزە بىلەن داۋالىسىلا بۇ يۇرت ـ يېتاپنى.

[ئۈيغۇردىن باشقىلار چاۋاك چېلىشىدۇ]

شىڭ شىسەي: ماھارىتىڭىز يامان ئەمەس ئىكەن. ئەمما، سەل ئالدىراڭغۇدەك كۆرۈنىسىز. شۇنداق قىلىشقا بولغاندىمۇ نەشۇدق قىلماسلىق كېرەك.

يېكوپ: نوتەۋرا ئاسىيادىكى جوڭنايەنخان، ئىبراھىم گاللاردو بولسۇنكەرگە قارشى سوقۇشتا رادىكال تەشۇقات يۈرگۈزۈپ يېڭىلگەن ئىدى.

مەمەدۇل: بىزدەك ئوبمان يەرنىڭ كىشىلىرىنىڭ نەزەرىمۇ كىچىكرەك بولىدىكەن. جاناپلىرى تەپىز قىلغايلا.

شىڭ شىسەي: (باشقىلارنى كۆرسىتىپ) بۇ يارەنلەر كىم بولىدۇ؟

مەمەدۇل: (ئابدۇل ھوقۇشنى كۆرسىتىپ، ئاۋازىنى ناز بىلەن ياساپ) بۇ زات، دۆرتىمىزنىڭ موتىۋەر لەرتىسىگە مەنسۇپ بولغان بىلىم ئەھلى ئابدۇل ئەپەندىم. (ئابدۇل ھوقۇش ئىگىلىپ ھورمەت بىلدۈرىدۇ) بۇ خېنىم، ئابدۇل ئەپەندىنىڭ ئەسىۋالى رەپىقىسى نۇرنىسان خېنىم. (نۇرنىسان ئۈجۈز ناز بىلەن غىلجىڭلاپ ئىگىلىدۇ) بۇ كىشى، دىيارىمىزدىكى شېئىر ئىشقىۋازلىرى قاتارىغا مەنسۇپ ئابدۇخالىق ئەپەندى. [ئۈيغۇر بېشىنى سەل ئىگىپ قويىدۇ. باشقىلار بىر ئۇنىڭغا، بىر شىڭ شىسەيگە قاراپ تۆۋەنلىك نەزەرلىرىنى ئالماشتۇرىدۇ]

شىڭ شىسەي: (ئۈيغۇرنى كۆرسىتىپ) بۇ كىشىنىڭ مىجەزى غەلىتىرەك تۇرامدۇ ـ قانداق؟

ئامبال: (ئالدىراپ) ھە، بۇ تونۇشتۇراي مېھمىنىمىزنى كىشى. ئۇيغۇر ئەپەندىمۇ كۆپ يۇرتلاردا، ئارىلاشلاردا بولغان ھەم ئەدىبلىك خاراكتېرلارمۇ بار.

شېڭ شىسەي: (ئورنىدىن تۇرۇپ ھەيران) ئوھو، شۇنداق ئىكەن - دە، ئۇيغۇر ئەپەندى — بۇ سىز ئىكەنسىز - دە؟ مەن سىز توغرىڭىزدا داڭلىق كەپ ئاڭلىغانمەن، سىزنىڭ خەنزۇچە رۇس، ئەرەب تىللىرىنىمۇ پىششىق بىلىدىغانلىقىڭىزدىن خەۋىرىم بار.

بايكوپ: (ئورنىدىن تۇرۇپ) مەن سىز بىلەن كۆرۈشكىنىمگە بەكمۇ خۇشالمەن، بىزنىڭ سائەت مىخانىزمىدەك ئاجايىپ رېتىملىك مېڭىۋاتقان دۆلەت ماشىنىمىز بولشېۋىكلار تەرىپىدىن بۇزۇلۇپ، زاۋال، شەمەي، ئوتتۇرا ئاسىيالاردا يۈرۈپ قالغان ئىدىم. شۇ ۋاقىتتىكى مۇسۇلمان زىيالىيلىرىنىڭمۇ سىزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ماختاپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. سىزنى كۆرگىنىمگە خۇشالمەن. (چوڭقۇر تۇرۇپ قويىدۇ) ئەزبىرايى، پراۋۇسلاۋ ھۆرمىتى ئۈچۈن خۇشالمەن.

ئۇيغۇر: (ئىستىھزا بىلەن شېڭ شىسەيگە) مېنىڭ بۇ ئىسمىمنى شۇنچىلا تارىتقان. (بايكوپقا) شۇنچىلا ئىززەتلىگەن خەلقىمگە رەھمەت، مەن ئۇلارغا ھېچقانچە ئىش قىلىپ بېرەلمىدىم.

[مەمەدۇل ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى ھەمتاخۇرلار بىلەن بىر - بىرىگە قارىشىپ قويىدۇ]

شېڭ شىسەي: ئۇلۇغ مىللەتلەردىكى بىر ئالاھىدىلىك — كەمتەرلىك. سىز ئۆز مىللىتىڭىزنىڭ ئەڭ نازۇك ھەسسىياتىنى شېئىرلىرىڭىزغا سىڭدۈرگەنلىكىڭىزدىن شۇنچە كۆپ جەمئىيەتكە بار ئىكەن. خەلقىڭىز ئۈچۈن ھېچقانچە ئىش قىلىپ بېرەلمىگەنلىكىڭىز ئۈچۈن ئوكۇنمەڭ. بىز ھەمكارلىقتا ئىشلەيلى.

[ئۇيغۇر ئۇنىڭ سوزۇپ كەلگەن قولىنى كۆرمەسكە سالىدۇ، مەمەدۇل قاتارلىقلار تەججۈپلىنىدۇ]

بايكوپ: ئۇيغۇر ئەپەندى، مانا مەنمۇ رۇسىيىلىك بولغىنىمغا قارىماي بىرىڭىز بىلەن بىرگە ئىشلەۋاتىمەنغۇ؟ قول بېرىڭ. ھەمكارلىقتا ئىشلەيلى. (قولىنى سوزۇپ كېلىدۇ) ئۇيغۇرلار سىزنىڭ شاۋكەتلىك ئەمگىكىڭىزنى بىلىدۇ، بىرىڭىزنىڭ بىمەكۈلۈك سۆزىدىن سىزنىڭ بىر سېكۇنتلۇق سۆزىڭىزنىڭ ۋەزنى ئېغىرراق...

ئامبال: (ھەيرانلىق بىلەن ئەجەبلىنىپ) قول بېرىڭ ئۇيغۇر ئەپەندى. سىزگە بىلدۈرۈۋاتقان ھۆرمەتنى رەت قىلماڭ.

ئۇيغۇر: (قاقاھلاپ كۈلۈپ) خەلقىمىزنىڭ ئەڭ نازۇك ھەسسىياتىنى بىۋاسىتە بىلگەن بولغان يۈرىكىگە تومۇر نەيزە بىلەن قوغۇشۇن ئوقلارنى تەككۈزگەن كىشىلەرگە مەن قانداقمۇ ھەمدەم بولاي؟ مەن "ۋەزنى ئېغىر سۆزلىرىم بىلەن ئۇلارغا باش ئەگمىگەنلەر، قول بولۇڭلار" دەپ ۋەز ئوقۇشنام بولامدۇ؟ ياق، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، مەن ئەبەدىي خەلقىمگە ھەمدەم بولۇپ ئۇلارغا قول بېرەي. كېچۈرۈڭلار جاناپلار.

[شېڭ شىسەي غەزەپ بىلەن ھومۇيىدۇ، قولىنى يانچۇقىغا سالىدۇ]

بايكوپ: ئەلبەي كىشىلەردە بولىدىغان قىزىققانلىق سىزدىمۇ بار ئىكەن، ئۇيغۇر ئەپەندى. مانا مەن رۇس بولغىنىم تۇرۇپ...

ئۇيغۇر: (ئۇنىڭ گېپىنى بولۇپ) بۇ يەردە نېمە مالىي سىزىغۇ بولسۇن؟ سىزنىڭ ئىسكادىرون

ئامېرىكىنى ئۆز ۋاقتىدا چۇۋۇش، ئۆزبېك، قازاق، تاتار، رۇس دالىلىرىنى چەيلەپ، قانچە ئىلغان مۇۋىك، چارۋىچىنى ئىشچىلارنى ئەمەسمىدى؟ سىز دېمەككە شۇ چاغدا مۇشۇنداق ھەممە سىمپاتىقا كەلمەمسىز؟ سىزنىڭ قاچاقانلىرىڭىز شىلق بىرىنگادىرىنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنلاپ داۋاملىقىدىن بارىكارلىكچە قانچىلىك ئۇيغۇر، قازاق، تۇڭگانلارنى قىردى؟ شۇ چاغدا نېمىشقا ئەشۇنداق ئويلىمىدىڭىز؟

شىلڭ شىسەي: (كۈلۈپ) ئۇيغۇر ئەپەندى، ئۇرۇش ئالمى بويىچە ئېيتقاندا جەڭ ھەرىكىتىمۇ مەنتىن ۋە سىنىپىي نەپرىتىنى ئايرىپ تۇرمايدۇ. سىز چۈشىنەلەيدىغان ئادەم، ھەر ھالدا سوغۇققان بولۇڭ!

ئامبال: (ئالدىراپ) بۇ زاتلار بىزگە مېھمان، ئۇيغۇر ئەپەندى.

ئۇيغۇر: خەلقىمىز مېھماندوست، بۇ توغرا. لېكىن شىلڭ بىرىگادىرىنىڭ نەزىرىيىسى بويىچە قارىغاندىمۇ، ئۇنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسلانغاندىمۇ مېھمان كىشى ياللانچىلارنىڭ قىلىچ كۆتۈرۈپ كىشى بوغۇشىدىن ئايرىلغان ئىكەن، ئۇ مېھمان ھېسابلانمايدۇ.

بىيكوپ: (سوغۇق كۈلۈپ) ھەي، قويۇڭا ئۇيغۇر ئەپەندى، بىرىگادىر شىلڭ شىسەي كۆپ چارچىغان، سىز خەلق ئاردىسىدىكى ئالى نويۇزىڭىز بويىچە ئۇزىشىدىن، بىزدىن ھال سورىسىڭىزلا بولاتتى. بۇنى ئەتىگە يېزىقلارغا بېرىۋېرىشكە ھەممىسىنىڭ كۆڭلى ئېچىن ئاياپتىن. سىزنىڭ خەلقپەرۋەرلىكىڭىز ئېھتىمۇ كامالەتكە يەتكەن بولاتتى.

ئۇيغۇر: (قاقاھلاپ كۈلۈپ) كېچىسى باشقىلارنى پىچاق ئېلىپ ئەتىسى ھازىرغا كېلىدىغان، ھەجەپمۇ تورۇپ قان ئىچىدىغان كىشىلەردىن، سىلەر قىرغىنچىلىقىڭىزنىڭ تېيىنى بولۇشىمۇ تۆكتۈرگىلار، مۇبارەك بولسۇن، دەپ ھال سوراش ئۈچۈن باشقىچىرەك ۋىجدان كېرەك، جانابلار! سىلەر خەلقتى بىلمەيدىكەنسىلەر. ئۇلار ئەمەلىيەتكە ئىشىنىدۇ. سىلەرگە ئاھايىتى ئۆزى بولغان قانلىق ئەمەلىيەتنى مەن ئۇلارغا بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن. ئۇ چاغدا خەلق ماڭا ئىشەنمەيدۇ، سىلەرنىڭ مەن ئارقىلىق يۈزتۈن يۈرتنى ئالدىيالايمىز دېمەكلار بىكار ئاۋارىچىلىق، جانابلار!

شىلڭ شىسەي: (خاپا، لېكىن بالغانى ھەجەيمەي) بىز ئۇيغۇر رىيالىلىرىدىن دوست ئىزدەپ يۈرۈپتىمىز، ئەپەندى، داستىخان ئۈستىدە پەقەت دوستلۇقنىلا سۆزلىسەك بولاتتى.

ئۇيغۇر: (مەمەدۇلنى كۆرسىتىپ) مانا سىلەرگە دوست بولالايدىغانلار. بۇلارنى ئىزدىمىسەڭلارمۇ ئۆزلىرى تەييار تۇرۇپتۇ.

بايكوپ: (سۆزنى بولۇپ) بولدى، بولدى. قويايلى، بۇنداق سۆزلەرنى. (ئۇيغۇرنىڭ يېنىغا كېلىپ سىجەيمەي) جىددىيلىشىپ كېتىپسىز ئەپەندى، بىرەر شېئىر ئوقۇپ بەرسىڭىز قانداق؟

ئامبال: بۇنداق قىلىڭ، ئەپەندى. شىلڭ بىرىگادىر ئۈچۈن ئوقۇپ بېرىڭ.

ئۇيغۇر: (سەل ئويلىنىپ) مەيلى، ئوقۇپ بېرەي.

ئوتتەرمۇ بۇ ئومۇر ئەپسۇس، ئارمانى باغلامىتتە،
تېپىلمىس شادلىق ـ شەخسى، ئومۇمدىن ھېچ ئالالامىتتە،
قانان بارسام، قايان باقسام ئومۇمنى ئۆشىنۇ ھالەتتە،
نەيەكلىغ مەنپەئەت بارلىقى بۇ دەۋلىغ جار ئىسلاھاتتە،

AltunOq

زامانە زورۇ ــ زومىۋۇننىڭ، تاماشا ھەم راسا كۆرۈنىڭ،
خەيرىدارىنى خوش قىلدى يارىپ مالى تومەنچورىنىڭ،
مەرتكە چاپلىماق دەمتان تارىخمي كەسىپ قەسەمخورىنىڭ،
ھامان تەتۈرىگە ماڭدى پەلەكى ئېشانسى شورنىڭ،
ئالەمشام بىر كۈن ياقىدىن، ئالۇرمەن داڭلا قىيامەتتە،

[ئاستا ـ ئاستا پەردە يېپىلمىقا باشلايدۇ]

ئەزەلدىن ئۇيغۇر ئەمبالىنىڭ سىنىق تۇنداق قارا كەلدى،
كوكلۇڭ بۇ دەمگىچە سافسىز جاراھەتتە يارا كەلدى،
نىمانچە كوتۇرەلمەسلىك ئەلەملىك ماجرا كەلدى،
ھەي ئۇچۇن ئاچساڭ ئېغىز كۆزدە مىلىق بىر بالا كەلدى،
ئېغىزىم باغلىغان بەلنى، دەرت داۋالاپ ياشا سائادەتتە.

— پەردە

## تۆتىنچى پەردە

[تۆتىنچى پەردىدىن ئۈچ بەش كۈن كېيىن. كەچ. ئۇيغۇرنىڭ قوراسى. ئاسماندا ئاي، چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار. قورانىڭ بىر تەرىپىدە يالىڭاچلانغان دەرەخلەر ئارىسىدىن قىش پەسلىدىكى باغ مەنزىرىسى غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بىر تەرەپتە پىشايۋانلىق ئۆي. ئۆينىڭ سەھنە تەرىپىدىكى روجىكىدىن چىراق يورۇقى چۈشۈپ تۇرىدۇ. ئۆي ئىچىدە ئادەم سايىسىنىڭ ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتۈپ تۇرغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. باغ تەرەپتە ھەم يېپىلغان قورا دەرۋازىسى، پەردە ئېچىلغاندا سەھنىدە ئوغۇلخان يالغۇز]

ئوغۇلخان: (ناخشا)

سەن ـ سەن يۈرەككە ئوتلارنى سالغان،
ئەقلى ـ ھوشۇمنى ناز قىلىپ ئالغان،
مۇھەببەت سازىن خوشئاۋاز چالغان،
باقماسمەن قىيا، ھەي سەتەڭ يالغان،

تۈنلەردە دائىم تارتىمەن ۋايىم،
دەردىڭ قىلىپتۇ دوزاقنى جايىم.

كويۇپ كۆل بولدۇم، سويۇپ قۇل بولدۇم،
كەلتۈر يادىڭغا بىزنىمۇ بارىم،

سەن بىر قىزىل گۈل، ئاشىقىڭ بۇلبۇل،
تۈنلەردە سايرار دەردىڭدە غۇلغۇل،
كورۇپ سويۇشنى، سويۇپ جويۇشنى،
ئۇيغۇر بىچارە بولدى سائا قۇل.

[ئۇيغۇرنىڭ ئانىسى كىرىدۇ]

ئانا: قىزىم، توڭۇپ كەتتىڭىز. بىزە ئىسسىنىۋېلىپ چىقىڭ، مەن قاراپ تۇراي.
ئوغۇلخان: ياق چوڭ ئانا. سىز ئاكىلارنىڭ چىپىدىن خەۋەر ئېلىڭ، مەن توڭمىدۇم.
ئانا: يالغۇز زېرىكىپ قالىسىز. ئەمىسە مەن سىز بىلەن بىللە بولاي.

ئوغۇلخان: ياق، چوڭ ئاپا، ياشىنىپ قالغىنىڭىزدا سوغ ئوتۇپ قالمىسۇن يەنە، مەن زېرىكمەيمەن. ئۇيغۇر ئاكىنىڭ شېئىرلىرىغا قۇربان سالغان ئاھاڭلار رىسالىدە بار ئىكەنتۇ. مەن ناخشا ئوقۇپ تۇرسام بىر دەمدە ئۇيغۇر ئاكا، بىر يېنىمدا قۇربان يېرىدەك سىزىلىدىكەن.

ئاپا: (تەشۋىشتە) نىياز ئاخۇن بىلەن قۇربان كېچىكىپ كەتتىغۇ؟

ئوغۇلخان: خۇدايىم ساقلار، ئاپا ئۇلارنى، سالامەت كېلىۋالسا ياخشى بولاتتى.

ئاپا: ئوغلۇم ئۇيغۇرمۇ شۇنداق دەۋاتىدۇ.

[سىرتتىن دەسلەپ بوغۇق، كېيىن ئېنىقراق ئىت قاۋاشلىرى ئاڭلىنىدۇ. ئاپا، ئوغۇلخان قولاق سالغاچ دەرۋازا تەرەپكە بېرىپ سىرتنى تىڭشايدۇ. ئۇيغۇر، ئەنەيتۇل ئۆيدىن چىقىدۇ]

ئۇيغۇر: ئۇلار كەلگەندەك تۇرامدۇ نېمە؟

ئوغۇلخان: ئىتلار نەكلا قاۋاپ كەتتىغۇ...

ئاپا: (ئۇيغۇرغا) ئوغلۇم، سىلەر باشقا جايدا يوشۇرۇنۇپ يېتىشقانلارنى ئېچىۋەرسەڭلارمىكىن؟

ئەنەيتۇل: يىغىنىمىز تۈگەپ، باشقىلار دۆۋەن قوۋۇقتىن چىقىپ كېتىپ بولدى. خاتىرجەم بولۇڭ ئاپا.

[ئىتنىڭ قاۋىشى يېقىنلىشىدۇ. دەرۋازا رېتىملىك تېز چېكىلىدۇ.]

سىرتتىن قۇرباننىڭ ئاۋازى: ئۇيغۇر ئاكا، ئۇيغۇر ئاكا!

[ئوغۇلخان تېز بېرىپ ئىشىكنى ئاچىدۇ. ھاسىرىغان، چارچىغان، كىيىملىرى يىرتىلغان قۇربان ئۆزىنى ئاران تەسلىكتە ئىشىكنىڭ ئىچىگە ئالىدۇ. ئۆزىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ سەنتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ئوغۇلخان يۆلەيدۇ]

قۇربان: (ئۇيغۇرغا) ئۇيغۇر ئاكا، ئىش بولمىدى تېز يوتكىلايلى؟

ئۇيغۇر، ئەنەيتۇل: (تەڭلا) نېمە ئىش چىقتى؟

ئاپا، ئوغۇلخان: (تەڭ) ئېيتقىنا، نېمە ئىش چىقتى؟

قۇربان: (دۇدۇقلاپ، ھاسىراپ) بىزنى يولدا شېڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى بوسۇۋالدى. نىياز ئاكا ئۇلار بىلەن ئېتىشىۋاتىدۇ. (كەينىگە قاراپ قويىدۇ)

ئۇيغۇر: ئۇلار كۆپمۇ؟

قۇربان: ئۇلار ئەللىكتىن ئارتۇق، بىز ئون بىر كىشى ئىدۇق. مەن ئايرىلغىچە تۆت كىشىمىز شېھىت بولۇپ كەتتى. نىياز ئاكام مېنى سىلەرگە خەۋەر قىلىشقا ئەۋەتتى، تېز يوتكىلىپ كېتىڭلار. ئۇلار ئىشىمىزدىن خەۋەر تېپىپ قالغاندەك تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر: (سەل ئويلىنىپ) بىز سەپداشلىرىمىزغا ياردەم بېرىشىمىز لازىم.

ئاپا: ئوغلۇم...

ئوغۇلخان: ئاكا، سىز...

ئەنەيتۇل: ئۇيغۇر ئەپەندىنىڭ ئېيتقىنى توغرا، (ئۇيغۇرغا) سىز بۇ يەردە قېلىپ ئىشلارنى باشقۇرۇۋېرىڭ. مەن بىزنىڭكىلەردىن ئوتتۇزنى، قىرىقنى ئېلىپ نىياز ئاكاملارنىڭ قېشىغا باراي.

قۇربان: ئۇيغۇر ئاكام يوتكىلىپ كەتمىسە بولمايدۇ، دۈشمەن سېپىدە ھاجى چاپانمۇ بار.

ئۇيغۇر: (ئەنەيتۇلنىڭ بىلەن كۆزلۈپ) مەن نەق مەيدانغا باراي، ئاندىن يوتكىلىپ يۈرەتتىم.

(ئەنەيتۇلغا) سىز ئىشقان شۇنچىلىك كىشىنى قانچىلىك ۋاقىتتا يىققىلى بولار؟

ئەنەيتۇل: بىرىم سائەت ئىچىدە يولغا چىققىلى بولىدۇ.

ئۆيغۇر: ئۇنداقتا تەييارلىنىۋېرىڭلار، دولقۇن يېنىدا مەن سىلەرنى كۈتىمەن.

[ئەنەيتۇل چىقىپ كېتىدۇ]

تۇغۇلخان: ئۆيغۇر ئاكا، سىز بارماڭ! سىز خەلقىنىڭ ئۈمىدى...

ئانا: قىزىم، سىز نېمە دېگەن ياخشى قىز؟ بۇ پەردە ئاتىڭىز بىلەن يىگىتىڭىز خەۋپ - خەتەر ئىچىدە تۇرغانلىقىنى بىلمىسىزغۇ؟

قۇربان: (كۆز يېشى قىلىپ) ئاپا، تۇغۇلخاننىڭ ئېيتقىنىمۇ توغرا. ئۆيغۇر ئاكا بىزگە ئوخشاش جاپاكەشلەرنىڭ سائادىتى ئۈچۈن بۇ پەردە قىلىپ، تومۇمى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرمىسا بولامدۇ؟

ئۆيغۇر: (قۇرباننىڭ مۈرىسىنى، تۇغۇلخاننىڭ بېشىنى سىلاپ) ئىنىم، سىڭلىم، سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار. بۇ پەردىكى ئىنقىلاۋىي ئىشلىرىمىزغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىرمۇنچە قېرىنداشلىرىمىز بار. باياتىن ئاخىرلاشقان يىغىنىمىزدا مىڭلىغان قوراللىق قوزغىلاڭغا يېتەكچىلىك قىلىشىم قارار قىلىندى. (قۇربانغا) سىلەر قۇرال - ياراقلارنى ئالدىن دېيىلگەن يان بويىچە ئېلىپ كەلگەنمىدىڭلار؟

قۇربان: مىلتىق ئون ساندۇق، ئوق يىگىرمە ساندۇق ئىدى.

تۇغۇلخان: ئاز ئەمەس ئىكەن، نەچچە يۈز ئادەمگە يېتىدىكەندۇق.

ئۆيغۇر: دۈشمەننىڭ بۇنى بىلىپ قالغانلىقى ھەممىمىز ئۈچۈن بىر سەۋەبسىزلىك، شۇنداق بولسىمۇ تۈلكىچى ھەقنى غەلىبىلىك قىلىپ، شۇڭا شەھەرنىڭ نوخۇلىسىنى بىر ئېلىپ قويىماي بولمايدۇ.

ئانا: ئوغلۇم، يەنە ئىشانە تۇيلاپ قۇرالى سېتىپ ئالغىلى بولار. تەييارلىق كام تۇرسا ئۇلارغا تەۋەككەلچىلىك كىشىنى يىغىپ بولمىسا ۋاقىت ئۆتمەمدۇ؟

ئۆيغۇر: ئانا، قۇرال، ئوقلارنىمۇ سېتىپ ئالارمىز. نىياز ئاكاملارنى قانداق قىلىمىز؟

تۇغۇلخان: (ئۆيغۇرغا) ئاكا! چۈشۈم ئەپەندىم (كۆز يېشى قىلىدۇ) ئاتام بىر ئاماللىق بىلەن قۇتۇلۇپ كېتەر...

قۇربان: بۇ ھاجى چايان قاتارلىق مۇناپىقلارنىڭ ساتقىنلىقى بولمايدۇ نېمە؟ ئاڭلىمىدىم ئەشۇ ئىشىمىز ۋۇجۇدقا چىقماي قالغانىدىمۇ، سىرتلا قالسام ئەشۇ ساتقىنلارنىڭ ئىچىنى يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ ئالارمەن...

ئۆيغۇر: مەسىلە بىر ھاجى چاياننىڭ ساتقىنلىقىدىلا ئەمەس، يەنە مەمەتتۇل، ئابدۇل ھۇۋۇسلارمۇ بار. ئۇنداق مۇناپىقلارنى ئىنقىلاۋىمىز ۋۇجۇدقا چىقمىلا ئىلاج قىلىپ دارغا ئېسىش كېرەك. ئەمما ئۇلار قانداق قىلىپ ئىزىڭلارغا چۈشۈۋالدى؟

ئانا: ئوغلۇم، ھاجى دېگەن سىرىق چاياننى بىلمىگەن ئىدىڭلارمۇ؟

ئۆيغۇر: بىز ئاتام بىلەن قۇربان سىرتقا خەت بىلەن كېتىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىنلا ئىزىمىزدىن كىلالماس ھاجى چاياننى شۈبھىلىك دەپ قارىغان ئىدى.

قۇربان: بوغۇزىلا جېنىنى ئېلىۋېتىدىغان ئىش ئىكەندۇق.

ئوغۇلخان: ئۇ بۇ قېبىھلىقنى قانداق قىلىپ بىلىپ قالغاندۇر؟

ئۇيغۇر: مەنمۇ شۇنى ئويلاۋاتىمەن.

قۇربان: بىز كارىز يېنىدىكى يولدىن ئۆتۈپ ئوچۇقچىلىققا چىقىشىمىزغا ھېچقانداق گۇمانلىق ئالامەت كۆرمىگەن ئىدۇق، كېيىن تۇيۇقسىز تەرەپتىن تەڭلا "قولۇڭنى كۆتەر!" دېگەن ئاۋازلار-نى ئاڭلاپ ئالدىراپ قالدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئېتىشىش باشلىنىپ كەتتى.

ئانا: ھاجى چاپانمۇ شۇنداق دەپ تۇرۇۋالدىمۇ؟

قۇربان: ئۇنىسى نىماز ئاتام كۆرۈپ قاپتۇ. قولۇمغا يېپىشىۋالغاننى ئېيتتىم، بۇ ۋاقىتتا خەۋەر قىل دەپ ئەۋەتتىم. مېنىڭ قورساقتىن چىقىپ كېتىشىم ئۈچۈن ئۇلار ئوق ئېتىپ سۈردى. مەن كارىز ئىچى بىلەن مېڭىپ باشقا قۇدۇقتىن چىقتىم.

[تەسەيتۇل ھۇدۇقۇپ قايتىپ كىرىدۇ]

تەسەيتۇل: (ئۇيغۇرغا) پۈتۈن ئەتراپ مۇھاسىرە ئىچىدە قاپتۇ، چىقىپ كەتكىلى بولمىدى.

قۇربان: (يېنىدىن تاپانچىسىنى چىقىرىدۇ) سىلەر ماڭا قويۇپ بېرىپ، يوشۇرۇپ چىقىپ كېتىڭلار. مەن ئېتىشىپ ئۇلارنى ئۆزەمگە جەلىپ قىلىپ تۇرىمەن.

[ھەممەيلەن جىددىي سۈكۈتتە ئۇيغۇرغا قارىشىدۇ]

ئۇيغۇر: (تەمكىنلىك بىلەن ھەممەيلەنگە قارايدۇ) دۈشمەننىڭ نىيىتى ناھايىتى ئېنىق. مېنى تۇتۇۋالسىلا تۇرپان خەلقىنىڭ ئىنقىلاپ يولىنى ئۈزۈۋېتىپ كېتىدۇ، دەپ خىيال قىلىۋاتىدۇ. بۇ زالىملار مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ كەلگەن شىمال تەرەپتىكى بازىسىدىن پايدىلىنىپ ئىنقىلاۋىمىزنى ئۈزۈۋەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. لېكىن خەلق ئىنقىلاۋى ھەرىقى باشقىچە ئەرەپلەر كۆتۈرۈلىدىغانلىقىنى ئۇلار بىلمەيۋاتىدۇ. بىز كۆپمىز، بىزنىڭ خەلقىمىز ناھايىتى كۆپ، ئۇزاققا قىرغىنغا ئۆگەنمەيدۇ. (قۇربانغا) ئىنىم، سىز مېنىڭ گېپىمگە كىرەمسىز؟

قۇربان: (ھۆرمەت بىلەن) سىزنىڭ كېپىكىمىزگە ئەبەدىل - ئەبەد كىرىمەن، ئاكا!

ئۇيغۇر: (ئوغۇلخانغا) سىزچۇ، سىڭلىم؟

ئوغۇلخان: مەنمۇ شۇنداق، ئاكا.

ئۇيغۇر: (ئاپىسىغا) ئاپا، بىلسىڭىز، تەربىيىلەپ شۇنىڭدەك ئادەم قىلدىڭىز، مېنىڭ بىردىن - بىر ئاتىمىز سىزنىڭ قولاق سالغىنىمىز.

ئانا: بوزلەۋرىنىڭ، ئوغلۇم، سىزدىن ھەممە رازى بولۇپ كەلگەن ئىدىم.

ئۇيغۇر: (قۇرباننى چەتكىرەك تارتىپ) سىز بىلەن ئوغۇلخان تەمدىلا ئېچىلمىغان غۇنچىلار. سىلەر پورەكلەپ يېيىلىڭلار، كېرەك ھۆرلۈك، ئادالەت، باراۋەرلىكنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرۈڭلار.

قۇربان: ئۇيغۇر ئاكا، سىز ...

ئۇيغۇر: (بۇيرۇق ئاۋازدا) قۇربان، سىز ئاپام بىلەن ئوغۇلخاننى مۇھاپىزەت قىلىسىز. بۇيرۇققا ئىتائەت قىلىشىڭىزنى تەلەپ قىلىمەن.

ئانا
ئەنەيتۇل
ئوغۇلخان
قۇربان
: (تەڭ) سىز ...؟

[سىرتتىن ئات قاۋاشلىرى يېقىنلىشىدۇ]

ئۇيغۇر: (خاتىرجەم، تەمكىن) ئەندى مەسلىھەت قىلىپ ئولتۇرساق بولمايدۇ. مەن ئەنەيتۇل بىلەن باشقا يول ئارقىلىق قۇتۇلۇشقا چارە قىلىپ باقىمىز.

ئەنەيتۇل: ئۇيغۇر ئەپەندىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنىڭمۇ يولى بار. ھەممىمىز بىر يولى بۆسۈپ چىقىپ كېتەلمەيمىز.

ئۇيغۇر: سىلەر مېنىڭ سۆزۈمگە كىرىڭلار. قۇربان، سىز ئاپام بىلەن ئوغۇلخاننى ئېغىل ئۈستىدىكى بېدە ئارىسىغا يوشۇرۇپ، ئىش ئۆتكەندە ئېلىپ چىقىپ كېتىسىز.

قۇربان: جەزمەن ئورۇنلايمەن.

ئۇيغۇر: ھەر قانچە زور ۋەقە بولغاندىمۇ شەپە چىقىرىپ قويسىڭىز زادى بولمايدۇ.

قۇربان: خاتىرجەم بولۇڭ، جېنىم ئاكا، جېنىم بەدىلىگە ئاجىزلارنى ھىمايە قىلىمەن.

ئۇيغۇر: بېرىڭلار ئەمسە.

[ئۇيغۇر بېرىپ قۇرباننى باغرىغا باسىدۇ. ئاپىسى ئۇيغۇرنى باغرىغا باسىدۇ. ئۇيغۇر ئوغۇلخاننىڭ بېشىنى سىلاپ كۆز يېشىنى سۈرتۈپ قويىدۇ. قۇربان، ئانا، ئوغۇلخانلار قىبلىمغادەك باغ تەرەپكە كىرىپ كېتىدۇ. ئۇيغۇر بىلەن ئەنەيتۇل ئۇزۇتۇپ قالىدۇ]

ئەنەيتۇل: (جىددىي) مەن سىزنىڭ پىلانىڭىزنى چۈشەندىم دوستۇم. سىز ياشلار ۋە دېھقانلارغا يول ئېچىپ بېرەيلى دەپ ئويلاپ ياخشى قىلدىڭىز.

[ئات قاۋاشلىرى ئەدەيدۇ]

ئۇيغۇر: شۇنداق. ئۇلار باسسۇن، باشقاندىمۇ سىزنىڭ ئىشلىرىمىز توختاپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئارمانلىرىمىز چېچەكلەنسۇن ئۈچۈن باسسۇن!

ئەنەيتۇل: بىراق پىلانىڭىزغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ.

[ئات قاۋاشلىرى ئەدەيدۇ]

ئۇيغۇر: توغرا، پىلاننى تولۇق ئىجرا بولمىدۇم. (ئۆيىنى كۆرسىتىپ) ئەندى سىز ئۆيۈمنىڭ قۇدۇقىنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كېتىسىز. كېيىن بىزنىڭ يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىمىزدىكى سەپداشلارغا ئەھۋالنى ئېيتىسىز. ئىنقىلابىمىزنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ئۈچۈن تىرىشىش كېرەكلىكىنى دەڭكۈزۈڭسىز.

ئەنەيتۇل: (ئالاقزادە) بۇ قانداق گەپ؟ سىز بىر يېتەكچى تۇرسىڭىز، سىز ۋەزىپىنى ماڭا تاپشۇرۇپ ئۆزىڭىز يالالمىسلىق.

ئۇيغۇر: (جىددىي) بولمايدۇ، سىز مېنى يېتەكچى دەپ قارىغان ئىكەنسىز، گېپىمگە بويسۇنۇشىڭىز لازىم. سىز دەرھال يوشۇرۇنۇڭ.

ئەنەيتۇل: (جىلە بولۇپ) بويسۇنىمەن، سىز يوشۇرۇنۇڭ. (تاپانچىسىنى چىقىرىدۇ) دۈشمەننى مەن ئۇرەمگە قارىتىپ تۇرىمەن.

[ئات قاۋاشلىرى ئەدەيدۇ]

AltunOq

ئۇيغۇر: (تەمكىن) دوستۇم ماقۇل بولۇڭ. ئۇلارنىڭ نىشانى مېنى قەستلەش، سىز ئۇلارنى تونۇپ تۇرغاندىمۇ ئۇلار مېنى ئىزدەشتىن توختىمايدۇ. ئۇلار كۆپ، سىز ئاز ھالەتتە ئەتراپلىغراق ئويلىمايلى. ئۇلار مېنى مەۋجۇت ئىكەنلا ئىنقىلاپ سەلبىي قالىدۇ، دەپ خىيال قىلىۋاتقىنىدا سىزگە ھەرگىز دىققەت قىلمايدۇ. شۇڭا ئىنقىلابنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن سىز كېتىڭ.

[ھەر ئىككىسى سۈكۈتتە. ئات قاڭشىلىرى ئاڭلىنىدۇ]

ئەنئەيتۇل: شۇنداقتىمۇ سىزنى يالغۇز قويۇپ ...

ئۇيغۇر: خاتىرجەم بولۇڭ، سىز سەپداشلارغا ئېيتىڭ. قورغۇلاكنى ئەسلىدىكى پىلان بويىچە تەييارلاۋەرسۇن، ئالمادىن مەن قولغا چۈشۈپ كېتىپ قالسام دۈشمەن بىخۇتلاشقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىشنى تېخىمۇ راۋان داۋاملاشتۇرغىلىمۇ بولىدۇ.

[ئۇيغۇر ئىككىلىنىپ تۇرغان ئەنئەيتۇلنى مۇرىسىدىن قۇچاقلىغىنىچە كەينى ئىشىككە ئېلىپ كېتىدۇ. باغ دەرۋازىسىن قۇربان، ئارقىسىدىن غالىپ تۇغۇلخان كىرىدۇ]

تۇغۇلخان: قۇربان، سىز ئۇيغۇر ئاكىنىڭ سۆزىنى ئۇنتۇتتىڭىزمۇ؟

[ئات قاڭشىلىرى ئاڭلىنىدۇ ۋە يېقىنلىشىدۇ]

قۇربان: (زەردە بىلەن ئاياغچىسىنى يۇلۇۋېتىپ) ئۇيغۇر ئاكىنىڭ سۆزىنى چۈشەندىم. ئۇ ئەنئەيتۇل ئاكا بىلەن بىزلەرنى قوغداش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئاتاپ قويىۋاتىدۇ. نىياز ئاتامۇ مېنى يولغا سېلىپ قويۇپ ئۆزى قالغان ئىدى. ئۇنىڭغىمۇ ئۇيغۇر ئاكىنى دەپ ماقۇل بولغان ئىدىم. ئەمدى ئۇيغۇر ئاكا ...

تۇغۇلخان: (يىغلاپ) ۋاي ئىست ئاتا، ۋاي ئىست ئۇيغۇر ئاكا!

قۇربان: (تۇغۇلخاننىڭ مۈرىسىنى سىلاپ بەزلەپ) تۇغۇلخان، جېنىم، كۆڭلۈمنى ئەزمەڭ. نىياز ئاتاملار بىر يەنى قۇرۇشۇپ بېقىپ، ئاردىمىگە ئادەم بارلىقىدەك بولسا قۇراللارنى كارىزغا تاشلاپ ئۆزلىرىمۇ كارىزغا چۈشۈپ كەتمەكچى ئىدى.

تۇغۇلخان: (ئېيەدەپ) ئۇيغۇر ئاكام قانداق بولار؟

قۇربان: ئۇيغۇر ئاكىمى دۈشمەنگە بەرمەيمەن.

تۇغۇلخان: مەنمۇ سىزنىڭ يېنىڭىزدا بولاي.

قۇربان: ئاپامنى قانداق قىلىمىز؟ سىز ئۇنىڭ يېنىدا بولۇڭ.

تۇغۇلخان: ئۇيغۇر ئاكىنى مۇھاپىزەت قىلىمىز دېسەڭ، ئۇ ماقۇل بولىدۇ.

قۇربان: (سەل ئويلىنىپ) يۈرۈڭ چۈشەندۈرۈپ باقايلى.

[قۇربان، تۇغۇلخانلار چىقىپ كېتىدۇ. ئات قاڭشىلىرى ئاڭلىنىدۇ. ئۇيغۇر يېنىۋاتقان تۈۋرۈكنىڭ يېنىدا پەيدا بولىدۇ. ئىشىك گۈمبۈرلەپ قېقىلىدۇ]

سىرتتىن ئاۋازلار A: ئىشىكنى ئاچ، پېتىمۇۋېنات سىۋۇاۋچى!

B: ئاچماساڭ چاقىمىز!

C: تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈڭلار!

[باغ تەرىپىتىكى دەرەخ كەينىدە قۇربان بىلەن تۇغۇلخان پەيدا بولىدۇ. تام تۈپىگە چىققان بىر ئەسكەر ئەمدى ئارتىلىپ چۈشەي دېۋاتقاندا ئۇيغۇر ئاتقان ئوق تېگىپ

جەسىدى تام ئارقىسىغا، مىلتىقى سەھنە تەرەپكە چۈشۈپ كېتىدۇ. ئېغىر يارىلانغان ئۇچقاندەك بېرىپ مىلتىقنى ئېلىپ جايىغا ياتىدۇ]

ئۇيغۇر: (چۆچۈپ) ئوغۇلچان سىز نېمە قىلىپ يۈرۈيسىز؟

[تامدىن ئارتىلغان يەنە بىر ئەسكەرنى قۇربان ئېتىپ چۈشۈرىدۇ]

قۇربان: ئاكا، سىز كەينى قۇرۇق بىلەن چىقىپ كېتىڭ. بۇ يەردە بىز بار!

[بىراقلا ئۈچ ئەسكەرنىڭ بېشى تام ئۈستىدە كۆرۈنىدۇ. ئۇيغۇر، قۇربان، ئوغۇلچانلار ئاتقان ئوق بىلەن ئۆلىدۇ]

سىرتتىن ئاۋاز: غۇلجىدا ئادەم كۆپ ئىكەن. ھەممىڭلار ئىچكىرىدىن غۇلجىغا يۈرۈڭلار! تېنكىنى پىلىموت بىلەن ئېتىڭلار!

[شىددەتلىك ئوق ئاۋازى، تامغا ئارتىلغانلارنىڭ ئوق يەپ ئىڭراشلىرى؛ قورو سىرتىدىن كۆتۈرۈلگەن ئوت يالقۇنى ...]

— پەردە

## بەشىنچى پەردە

شۇ يىلى 9 - ئاي، ئاۋۇل تۈرمىسىنىڭ ئىچىدىكى تاشقارقى قورا. ئۆيدۈلىدا ئېگىز ۋە ھەيۋەت تۈرمە تېمى، سىرتىدا قۇرۇپ قالغان دەرەخ، تامنىڭ بىر چېتىدە قاراۋۇل بۈتكىسى. سەھنىنىڭ بىر تەرىپىدە رەشاتكىلىق تۈرمە كامېرلىرى، يەنە بىر تەرىپىدە چىقىش دەرۋازىسى، سەھنە مەركىزىدە مەھبۇسلارنى چېتىپ باغلاشقا ھەم ئېسىپ ئۆلتۈرۈشكە ئىشلىتىلىدىغان كىرېست شەكىللىك جازا تۈۋرۈكى ئورنىتىلغان. ئۇسلۇق غولىدا قامچا، دەررىلەر ئېسىقلىق، پەستە تاشتىن ياكى خىشتىن ياسالغان ئورۇندۇقلار. ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرگەن ئىككى نازارەتچى ساقچى ئەسنىمەكتە. رەشاتكىلىق كامېرلاردىن جاراڭلىق ناخشا سادىسى چىقىدۇ.

ئەي پەقىر ئۇيغۇر ئويغان، ئويغىنىڭ يەتتى،
سەندە مال يوق ئەمدى كەتسە جان كېتەر،
بۇ ئۆلۈمدىن ئۆزەڭنى قۇتقۇزمىساڭ،
ئاھ، سېنىڭ ھالىڭ خەتەر، ھالىڭ خەتەر.

قوپ، دەيمەن، بېشىڭ كۆتەر، ئويقۇڭنى ئاچ!
رەقىبىڭ بېشىنى كەس، قېنىنى چاچ!
كۆز ئېچىپ ئەتراپقا ئوبدان باقمىساڭ،
ئۆلۈرسەن ئارماندا بىر كۈن، يوق ئىلاج.

ساقچى A: ئەسكى غەزەل ئوقۇشقا رۇخسەت يوق!

مەھبۇسلار ئاۋازى: شاماللاشقا چىقىرمامسەن؟

ساقچى B: ۋاقىت توشمىدى، ۋاقىراشما! سىرتقا ئاڭلىنىپ قالىدۇ.

مەھبۇسلار ئاۋازى: ئەگەر شامالداشقا چىقىرىشمىساق تېخىمۇ قاتتىق داۋراڭ سالىمىز!

ساقچى A: (ساقچى B غا) بۇلارنى شامالداشقا چىقىرايلى، بولمىسا جىمىدىن تىمىسقان بىر نىمىلەر سېزىپ سىياسىي غەزەل ئوقۇۋەرسە يامانغا ئاڭلىنىپ يۈرمىسۇن؟

ساقچى B: مەيلى، چىقارساق چىقىرايلى. (كامېردىكى مەھبۇسلارغا) جەدەل قىلىشماي ئىزچىن – ئۆچىتىن چىقىش! (بېلىدە ئېسىقلىق ئاچقۇچلارنى ئاختۇرغاچ كامېرا تەرەپكە ماڭىدۇ)

مەھبۇسلار ئاۋازى: بۈگۈن ئۇيغۇر ئەپەندىنى چىقارمىساڭلار ھېچبىرىمىز چىقمايمىز!

ساقچى A: (چالۋاقاپ زەردە بىلەن) بولمايدۇ، ئۇيغۇرنى چىقىرىش ئۈچۈن ئاتالىك ياكى مىرىكى دىرنىڭ بۇيرۇقى بولۇشى كېرەك.

مەھبۇسلار ئاۋازى: ئۇنداق بولسا ھېچقايسىمىز چىقمايمىز!

ساقچى B: چىقىشمىساڭ چىقما. (ئاچقۇچلارنى بېلىگە ئېسىپ كەينىگە يانىدۇ)

[رىشاتكىلارنى تاراقشىتىپ، ئويۇر – دۇيۇر قىلىشىپ مەھبۇسلار ناخشا باشلايدۇ]

قوپ! دېدىم، يېڭىلىق كۈتەر، ئۇيقۇدىكى ئاچ!
رەقىبىڭ بېشىنى كەس، قېنىنى چاچ!

ساقچى A: (ساقچى B غا) بولمىدى، بۇ ياللاقۇشلار بىر ئىككىمىزنى بالاغا قويۇپ ئىش چىقىرىدىغاندەك تۇرىدۇ.

ساقچى B: ئۇيغۇرنى شامالداشقا چىقىرامدۇق – يە؟

ساقچى A: ئامبال ئاڭلىسا كايىپ كېتەرمىكىن؟

ساقچى B: مەن بىر تەتۈرنى يۈرگۈزۈپ باقاي. (كامېرا تەرەپكە ماڭىدۇ) ھاي، غەزەل ئوقۇماڭلار، ئاۋال ياراڭ قىلىشايلى.

[ناخشا توختايدۇ]

بىر مەھبۇسنىڭ ئاۋازى: ھە، قىلە گېپىڭنى.

ساقچى B: سىلەر ئۇيغۇرلارلا شامالداۋەرمەي، ئەجەب ئۇيغۇرغا كويۇنۇپ كېتىپسىلەرغۇ؟ ئۇ چوڭ گۇناكار!

كامېرا ئىچىدىن مەھبۇس: ئۇنىڭ ھېچ گۇناھى يوق. ئۇ، ئاجرات دوقسۇلارنىڭ ئامى ئۈچۈن كەپ قىلىپ قويغىنى گۇناھ ھېسابلىنامدۇ؟

ساقچى B: ئۇيغۇرنىڭ ئەرزىسىنى چوڭلار بىر نەرسە قىلىدۇ، سىلەر ئارىلاشماڭلار؟

كامېرا ئىچىدىن مەھبۇس: بۇرادەرلەر بولالا ساقچىلار بىلەن پاراڭلىشىپ ئاۋارە بولۇپ سۈرگىچە كېلىڭلار، رىشاتكىنى بۇزۇپ باقايلى!

كامېرا ئىچىدىن يەنە بىر مەھبۇس: شۇنداق، ئۇيغۇر ئەپەندى بىر قېتىممۇ كۈن نۇرى كۆرمىدى. بۈگۈن يا ئۆلۈم، يا كورۈم.

ساقچى A: (ساقچى B بىلەن كۆز ئۇرۇشتۇرۇۋېلىپ) ھەي، ھاي ئالدىرىماڭلار، ئۇيغۇر ئەپەندىملار شامالداشقا چىقسۇن.

ساقچى B: ئۇ شېئىر ئوقۇپ غەلبىدا قوتراتماسلىقى ئۈچۈن ئۆزى يالغۇز چىقىدۇ.
كامىرا ئىچىدىن مەھبۇس: ئۇنى تولا ئۇرۇپ، قىيناپ ماڭالمايدىغان قىلىپ قويساقلار ئۆزى يالغۇز قانداق چىقالايدۇ؟
ساقچى A: (ساقچى B بىلەن كۆز ئۇرۇشتۇرۇۋېلىپ) ماقۇل، سىرتەيلەن بىللە چىقىۋۇن.
ساقچى B: باشقىلىرىڭ سىرى تۇرۇۋۇش، ئۇنىڭغا گەپ - سۆز قىلىشقا قەتئىي رۇخسەت يوق! (بىرىنى ئىشىكنى ئاچىدۇ)
[ئىغىر خازالار بىلەن يۈزلىرى، كىيىملىرى تاۋالغى بەردىسىگىدەك كۆپ ئوزگەرگەن ئۇيغۇر بوتىدا كىشەن. ئاستا قەدەم تاشلاپ ئورۇنىنىڭ يولىپ مېڭىشى ئارقىلىق كىرىدۇ. كۆپ مەھبۇسلارنىڭ «ئۇيغۇر ئەپەندىگە سالام» دېگەن ئىزارلىق خىتاۋى ئەكس سادا چىقىرىپ ياڭرايدۇ. ئۇيغۇر دەپبەسۇم بىلەن سالام قايتۇرۇپ ئورنىدا تەككىمى ئاستىدا شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىدۇ]

ئەي پەلەك، بۇ دەھشەتلىكدىن ئىشنىڭ بىزارمەن،
ئىزدەپ كۆپ تاپمىدىم بىر دەردىمگە ھېچ دارمەن.
بىر چۆراپ ئۆلسەم نە ئارمان، بىھىم ياھارى گۈلنى،
ھەر سەھەر گۈل ئىشقىدا بۇلبۇلغا ئوختاش زارمەن.
سۇغا تەشنادۇر بۇ چۆل، سەپايىن مۇنبەت يېرى،
سېلى دەريا تاپماي ئېقىش، قايمان بولۇپ قاينارمەن.
ئويغۇنۇپ كەتتى جاھان، مەغرىبى - مەشرىق تامام،
مەن تېخى سۆت ئۇيقۇدا، چۈش كۆرۈپ ياتارمەن.
تىل - ھاقارەت، نەندەمخار، ۋاي داد ... بۇ جاننى قىينىدى،
ئەندى نە قىلماق كېرەك، ئەجەپمۇ بولدۇم خارمەن.
زۇلۇمنىڭ ئوكيانىدى، تاپماي پاراغەت ئاردىلى،
تاغ كەبى دولقۇندا لەرزەپ، ئەقدە ئاھ ئۇرارمەن.

..........................................................................

قۇربان: ئۇيغۇر ئاكا، سالامەتلىكىڭىز ياخشى ئەمەس، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ.

ئۇيغۇر: (قۇربانغا كۆزۈنگەن ھەركەتنى ئىشارە قىلىپ) ھېچقىسى يوق ئىنىم. شۇ كۈنلەردە بىزنىڭ سەبداشلار نىمە كۈي بىلەن يۈرىدىكىن. ئاپامنىڭ ئەھۋالى، ئوغۇلخاننىڭ ئەھۋالى قانداقراقكىن؟ ... مېنى ئاردىم قاماپ قىسىۋەتكەنلىكتىن سىرتتىن ھېچ بىر خەۋەر ئالالماي ئىچىم ئىت - ئىت بولۇپ كەتتى.

قۇربان: كاشىت قىلماڭ ئاكا. تەنتەيتول ئاكاملار سىزنى قۇتقۇزۇۋېلىش چارىسىنى قىلىۋېتىپتۇ. كارمىزغا تاشلاپ كەتكەن قورال - ئوقلارنى ھازىر بەنبە بىيىز ئاكاملا ئوز قولىغا ئېلىشىپتۇ. ئاپام لى ماڭ ئەپەندىنىڭ تەكلىۋى بويىچە ئۇنىڭ ئويىگە بېرىپ ۋاقىتلىق يانلىنىپ تۇرۇۋېتىپتۇ.

ئۇيغۇر: (خوشال) نىمە دېگەن ياخشى! بىزنىڭ ئىشلىرىمىز داۋام قىلىۋېتىپتۇ. لى ماڭ ئەپەندى ئاپامغا خەيرىخاھلىق قىلغان بولسا غېمىم يوق. ئوغۇلخانچۇ؟ مېنىڭ بىلىشىمچە ئۇ

ئېتمىشى بولغان ھېلىقى كېچىسى يارىدار بولغاندەك تۇراتتى.

قۇربان: (تەسىرلىنىپ) ئوغۇلخاننىڭ بىلىكىنى ئوق سىجاپ ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. كېيىن ئۇ ئاياللار بىلەن سالامەت چىقىپ كېتىپتۇ. ھازىر تولۇق ساقىيىپ كېتىپتۇدەك.

ئويغۇر: ئاھانىتى ياخشى بوپتۇ، سىلەر ياشىشىڭلار كېرەك. بىزنىڭ ئارمانلىرىمىز ئۈچۈن، قىساسىمىز ئۈچۈن ياشىشىڭلار لازىم.

[قۇربان تەسىرلىنىپ، ھاياجانلىنىپ، ماقۇل، ئىشارىسىغا باش لىڭشىتىدۇ. دەرۋازا ئەنسىز قېقىلىدۇ]

سىرتتىن ئاۋاز: قايسىڭ بار مايەردە؟ ئىشىكنى ئاچ!

[ساقچى A، B لار ئالاقزادىلىك بىلەن ئويغۇر ۋە قۇرباننىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كېلىدۇ]

ساقچى A: تېز كىرىپ كېتىڭلار، تېز كىرىپ كېتىڭلار! (ئىتتىرىدۇ)

قۇربان: (ساقچىنى ئىتتىرىپ) ئالدىرىماي تۇر، ئالدىرىماي كىرىپ كېتىمىز.

ساقچى B: (يۈگۈرۈپ كېلىپ) ئويغۇر ئەپەندى، سىز خەلقپەرۋەر زات، بىزمۇ ئامالسىزلىقتىن مۇشۇ ئىشنى قىلىۋاتىمىز، تېزراق كىرىپ كەتسىڭىز.

[دەرۋازا ئەنسىز قېقىلىدۇ]

سىرتتىن ئاۋاز: ھەي، ئۆلۈشتۈڭمۇ؟ نېمىشقا ئىشىكنى ئېچىشمايسەن؟

ساقچى A: (سىرتقا قاراپ) مانا ھازىر، ئاچقۇچنى تاپالمايۋاتىمىز. (ئويغۇرغا قاراپ) بولۇڭلار، تېز كىرىپ كېتىڭلار، بىز بالاغا قالمايلى.

[ئويغۇر قۇرباننىڭ يۆلىشى بىلەن ئاستا قەدەم تاشلاپ كامىر تەرەپكە قاراپ ماڭىدۇ. ساقچى B دەرۋازا تەرەپكە بېرىپ ئاچقۇچلارنى شاراقشىتقاچ ئويغۇرنىڭ كىرىپ كېتىشىنى كۈزىتىپ تۇرىدۇ. دەرۋازا ئېچىلغاندا ئاۋال مۇھاپىزەتچىلەر يۈگۈرۈپ كىرىپ قاتارلىشىپ تۇرىدۇ. شېڭ شىسەي، بايكوۋ ۋە ئۇلارنىڭ ياردەمچىلىرى، ئارقىدىن ئامبال ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىسى كىرىدۇ]

ئامبال: (نازارەتچى ساقچىلارغا ئالىيىپ) نېمىشقا تېز ئېچىشمايسەن، ئۇخلاپ قېلىشقان ئىدىڭمۇ - يە؟

ساقچى A B: (تەڭ) بىزدىن سەۋەبلىك ئۆتتى دارىن، ئاچقۇچ داتلىشىپ قالغان ئىكەن.

[ئامبالنىڭ ئىشارىسى بىلەن ياردەمچىسى چىقىپ خىشتىن قوندۇرۇلغان ئورۇندۇققا كۆرپە سالىدۇ. شېڭ شىسەي بىلەن بايكوۋ كېرىلىپ ئولتۇرىدۇ]

شېڭ شىسەي: (ئامبالغا) ھېلىقى ئويغۇر دېگەن نېمە تەشكىلاتى بارلىقىغا ئىقرار قىلدىمۇ؟

ئامبال: تەشكىلاتىمىز يوق، دەپ قاتتىق تۇرۇۋاتىدۇ. بىزنىڭ بىلىشىمىزچىمۇ تەشكىلاتنى يوقمىكەن دەپ قارايمىز. ئەگەر بۇ تەشكىلات بولغاندىمۇ تاپقىلى بولمامدىكىن؟ شۇڭا ... شۇڭا، شۇڭا ئۇنى ئۆلتۈرۈپلا تۈگەشتۈرۈۋەتمەيلىمۇ؟

شېڭ شىسەي: (ئورنىدىن تۇرۇپ قاقاھلاپ كۈلۈپ) ئۇنى ئۆلتۈرۈش شۇنچە قىيىن دەمسىز؟ تاماكىنىڭ ئىسىنى پۈلەڭگەندەكلا ئىش!

AltunOq

ئامبال: (تېگىشراق) مېنىڭچە ئۇنچە ئاددىي ئەمەس. ئۇيغۇرلارنىڭ سەنئەتچىلىرى بۇ تىياتىرىنىڭ
ھەر بىر گىياسىنىڭ يوپۇرمىقىدىمۇ؟ بار ...

شېڭ شىسەي: (قاقاقلاپ كۈلۈپ) سىلەر سىزنى تېخى بۇلار توغرىسىدا بىلمەيدىكەن دەپتىمەن. سىز
دېگەن بۇ ئۇرۇپانىڭ ھەر بىر تۈپ گىياسىدىن تارتىپ ئۇيۇشتۇرۇۋاتقان بىر تەشكىللىك
كۈچ بارلىقىنى نېمىشقا ئېسىڭىزدىن چىقىرىسىز؟ بۇ تەشكىللىك كۈچ ئۆزىگە مەلۇم يوللار بىلەن
قورال يېتىلدۈرمەكتە. بۇ كۈچ بىزنىڭ يەككە، نارقاق توشۇپ يۈرىمىزنى، ھەر كۈنى دېگۈ-
دەك پاراكەندە قىلماقتا. ئۇيغۇرلارنى ئۆتمۈشتىكى ئاخىرى كۆتۈرۈپ قارشىلىق كۆرسەتكەن
قوراللىقلار، ئۇيۇشقان كۈچ بولماي نېمە؟

ياڭكوپ: (ئاچچىق ئەلەم بىلەن) بىزنىڭ بۇ تۆۋەن سولداتلىرىمىزدىن ھەر كۈنى دېگۈدەك بىر-
ئىككىسى بۇ قاغىش تەككۈرلەرنىڭ قولىدا كىرىمسىز ئاستىدا يېتىۋاتىدۇ. بۇ ئەبلەخلەر
زادى نېمە؟

ئامبال: بۇ ياۋاشلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. ئەمما بۇ تەشكىلاتنىڭ
ئادەملىرىنىڭ كىملىكىنى، قاچىلىك نىشانىلىكىنى قانداق بىلگىلى بولار؟

شېڭ شىسەي: (ئۇيان-بۇيان مېڭىپ) ئەڭ قاتتىق تاشمۇ ئۆۋۈلىدۇ. بىزگە دۈشمەنلىك قىلىۋاتقان
بۇ نىمىلەر ئەڭ ئاۋال ئادەم، ئۇلار ئۇلاردا يانتۇرالمىغۇ، قورقۇنچاقلىقمۇ بار. (ئامبال-
نىڭ ئالدىدا توختاپ) ھېلىقى بالىلار تۇتۇلغان ياش خەنزۇ بىر سەرىسى ئېيتىپ
بەرمىدىمۇ؟

ئامبال: قىلىقلىرىنى سوراپ، گەجگىسىگە مىزىلاپ، كوكىرىكىنى تىختاپ، تىرنىقىنى تارتىپ
قىلىۋەتسەمۇ قالمىدى، مەن ئۇيغۇرنىڭ ئات ياقارى دېگەندىن باشقىنى ئېيتمىدى.

شېڭ شىسەي: (مىيىقىدا كۈلۈپ) سىزگە ئۇ ئەلۋەتتە ئېيتىپ بەرمەيدۇ-دە؟

ئامبال: ئۇ ھامان ئەرزىمەس خۇرۇت. ئۇ ھەرقانچە بولسا بىر ئۇيغۇرنى بىلەر. چوڭ تويۋلاچ-
چىلارنى ئۇمۇ بىلمەيدۇ-دە؟ (ھەسرەتلىنىپ) ھاجى چاياننىڭ كېيىنكى كۈنلەردە ئۇلار-
نىڭ ئىشەنمەي قويغىنى بىزگە چوڭ زىيان بولدى.

شېڭ شىسەي: (ئالدىراپ) ھاجى چايان دېگەن كىم؟ ئۇلارنى بىلەمدۇ؟

ئامبال: ھاجى چايان بىز ئۈچۈن خۇيمىيانە خىزمەت قىلىپ، تويۋلاكچىلارنىڭ ئارىسىغا چۆكۈپ
كىرگەن ئىدى. نېمە ئۈچۈنكىن، ئۇلار بۇ ھاجى چاياننى ئىشەنمەي قويدى. گەپ-سۆز،
ھەركەتلىرىنى ئېيتىپ بەرمەيدىغان بولىۋالدى.

شېڭ شىسەي: ئۇلارنىڭ ھاجى چاياننى ئىشەنمەسلىكىنىڭ بىزگە ھېچقانچە دۇنيا-
سىغىنى يوق. چوڭ كاتتىۋاشلىرىنى تۇتۇۋالسا بولدى. چاقىرىڭ ئۇنى!

ئامبال: ئۇلار خىزمىتىڭىزدە بولۇش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى، مەن كىرگۈزمىگەن ئىدىم. (پاردە-
چىگە) ھېلىقى چېنتۇلارنى چاقىر!

[ئامبالنىڭ پاردىچىسى چىقىپ كېتىدۇ]

شېڭ شىسەي: (مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلۈپ) بۇلار ئۇچىغا چىققان يۈگۈرۈكلەر ئىكەن دەيتىمەن. سۆرۈت
سورىغان كىشىنى يۇقىرى ئىدارە قىلىشتا پەم بىلەن پاراسەتنى بىرلەشتۈرمىسە بولمايدۇ.
بىرىنگە يەنە بىرىنى ياماڭلايسىز. بالغۇز سۆزلەشكەندە پەقەت شۇنىڭغىلا ئىشىنىدىغانلىقى-

ئىزنى ئېيتىپ قويۇسىز، نەتىجە شۇنداق بولىدىكى، ئۇلار سىزگە دائىم ئاخبارات بېرىدۇ. بىر ـ بىرىنى چاقىدۇ. باشقىسىغا قارىغاندا ئۆزىنىڭ سىزگە كۆپرەك سادىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنداق قىلىپ يۇرت ـ ئەل ئۆزلىكىدىن بېساتقۇرۇلۇۋېرىدۇ. زۆرۈر چاغدا سىز پەقەت مىلتىقنىڭ تەپكىسى قولىڭىزدا ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىپ تۇيسىڭىزلا بولىۋېرىدۇ.

ئامبال: بىرىنگادىر جانابلىرى ھەقىقەتەن پۈتۈن جۇڭگودا رەئىس جۇمھۇر بولۇشقا لايىق ئىكەنلا!

شېڭ شىسەي: (تەمەننا ـ پەخىرلىنىش بىلەن) سىز دارىن بىرەر توي ھايۋىسى يېقىپ باققانمۇ؟

ئامبال: (تەئەججۇپتە) بۇ سوئالغا كەم ئەقلىم يەتمەي قالدىمۇ؟

بايكوپ: مەن باتراكلىرىمنىڭ چوشقا بېقىپ باققىنىنى كۆرگەنمەن.

شېڭ شىسەي: (ئامبالغا) سىزمۇ كۆرگەنمۇ؟

ئامبال: ھە، ھەئە، كۆپ كۆرگەنمەن.

شېڭ شىسەي: (كۈلۈپ) يۇرت سوراش دېگەن ھايۋان بېقىشتىن تەس ئەمەس. بىرسىگە كۆپ، بىرسىگە ئاز چۆپ بېرىسىز. سەمىرگىنىنى سويۇپ تۇرىسىز.

[ئۇچەيلەن تەلۋىلەرچە كۈلۈپ كېتىدۇ. ئامبال ياردەمچىسى كىرىدۇ]

ياردەمچى: (ئامبالغا) چاقىرتقانلار كەلدى.

ئامبال: (شېڭ شىسەيگە بىر قارىۋېلىپ) كىرسۇن!

[ھاجى چايان، مەمەدۇل، ئابدۇل، ھۇقۇشلار كىرىپ ئېگىلىپ تازىم قىلىدۇ]

مەمەدۇل: بىرىنگادىر جانابلىرى ئابدۇللا بىلەن ئىككىمىز كۆڭۈللىرىنى ئېلىۋالساق دەپ كەچلىك بەزمە تەييارلاپ قويۇپتۇق، قەدەم تەشرىپ قىلىشلالامسىكىن؟

ئابدۇل ھۇقۇش: ھەر بىرلىرىنى رازى قىلغىدەك سەنئەتكارلىرىمىز بار.

شېڭ شىسەي: (ئامبالغا غەزەپ بىلەن قاراپ) بىز بۇ يەردە جىددىي ئىش ئېلىپ بېرىۋاتساق سىز نېمە قىلىپ يۈرۈيسىز؟

ئامبال: (ئېگىلىپ) جانابلىرىنى چارچىدى دەپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى تەلەپ قىلىۋىدى...

شېڭ شىسەي: شۇ سەۋەپتىن ئىشىڭىز ئاقمايدۇ. (قول سىلكىيدۇ)

مەمەدۇل
ئابدۇل ھۇقۇش : (تەڭ ئېگىلىپ) ئىلتىپاتلىرىغا كۆپ رەھمەت!

شېڭ شىسەي: قايسىڭىز ھاجى چايان؟

ھاجى چايان: (ئالدىغىراق كېلىپ ئېگىلىپ) پېقىر قۇرۇتتەك مۆزلايمەن، ياۋاش مۆمىن بەندىلىرىمەن. «چايان» دېگەن لەقەمنى يۇرت بۇزۇقلىرى قويۇۋاپتۇ.

شېڭ شىسەي: بەرىبىر. سەن خالىق ئۇيغۇرنىڭ توپىلىڭى توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىسەن؟

ھاجى چايان: (تىلىنى چايناپ) مەن ئۇلارنىڭ توپىلىڭىغا ئارىلاشقان ئەمەس.

بايكوپ: (دېۋەيلەپ) بىرىنگادىر سىزنى ئارىلاشتى دېمەيۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىشى توغرىسىدا قانچىلىك بىلىسەن؟ دەۋاتىدۇ.

مەمەدۇل: بۇرادىرىمىز ھاجى ئەزەلدىن رەئىس جىلىشتۇرىدۇ، ھوكۈمەت، ئامباللا ساداقەت بىلدۈرۈپ كەلگەن يۇۋاش كىشى.

ئابدۇل ھوقۇش: شېڭشىسەي، بايكوپ جانابلىرىغىمۇ جان پىدا موتىۋەر.

شېڭ شىسەي: (قول سىلكىۋېتىپ ھاجى چاپانغا) تۇرپانلىقلارنىڭ كاتتىۋاشلىرى كىملەر؟

ھاجى چاپان: ئۇلار ئەن ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمەيدىغاندەك تۇرىمەن...

ئامبال: سەن خۇمپەر، ئۇلار بىلەن شۇنچە يېقىن يۈرۈپ ھېچنەرسە بىلمەمسەن؟

بايكوپ: (دۈشمەيلەپ) ئۇلارنىڭ كاتتىلىرى كىم؟

ھاجى چاپان: مەن ئۇلار بىلەن يۈرگەندە (دۇدۇقلاپ) كۆرۈنۈشىدە شۇلار تەرەپ بولغان بولۇشىمىز ئاتچە – مۇنچە يالغاندىن ئەزىزىنىڭ ئۆچمەنلىكىنى، مىللەتنىڭ گېپىنى قىلىپ قويۇپ باتىمەن، ئەمما بىلمەيدىغىنىم شۇ ئۇيغۇر – بىر كىشى.

شېڭشىسەي: ھۇ ھارامزادە خۇمپەر! (دۈشمەيلەيدۇ) سەن ئۇلار بىلەن قانداق ئارىلاشقان بولساڭمۇ ئۇلارنىڭ ئاتلىقلىرى بىلەن بىلمەمسەن؟

بايكوپ: (ھاجى چاپاننىڭ ياقىسىدىن تارتىپ) دەرھال ئېيت! بولمىسا سېنى تۈپتەكتىن سۈرگۈن قىلىمەن.

ھاجى چاپان: مەن ھەربىرلىرىگە سادىق پۇقرامەن، مەن تاجىر، كېسەلمەن كىشى. ماڭا رەھىم قىلىڭلار. (ئامبالغا) دارىن مېنىڭ سىياسىي غايىپ بولغانلىقى توغرىسىدا مورال يوتكىمەكچى بولغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەنلىكىم ھەققىدە بىرنىگادىر جانابلىرىغا ئېيتىپ بەرگەي قويسىلا.

مەمەدۇل: (ئامبالغا) گۇۋالىق بېرىپ قويسىلا دارىن.

شېڭشىسەي: (مەمەدۇل بىلەن ئابدۇلنى ئامبالغا كۆرسىتىپ) بۇ ئىككىلەر روھسى چىقىپ كەتكەن ئادەملەر ئىكەن، بۇ يەردە نېمىشقا يۈتلىشىپ يۈرۈيدۇ؟

ئامبال: (مەمەدۇلنى كۆرسىتىپ) بۇ، ئۇيغۇرغا دەلمۇ – دەل تاقابىل تۇرۇشقا پۈتۈن ئاھىيىتىنى بېغىشلىغان چوڭ شائىر، يەنى گەپ – سۆزلىرىگە كىرمەك بولۇپ قالارمىكىن دەپ تۇيۇلىۋىدىم. (مەمەدۇل بىلەن ئابدۇل ھوقۇشقا) سەن ئىككىڭ ھېچقانداق گەپكە ئارىلاشماي شۇنداق تۇرۇش!

مەمەدۇل، ئابدۇل ھوقۇش: بولىدۇ دارىن. (ئېگىلىپ كەينىگە يېنىپ بىر بۇلۇڭدا تۇرىدۇ)

شېڭشىسەي: (ھاجى چاپانغا) سەن ئىشتىمارۇچىلىق كوڭلۇڭدىكى چاپانلىقنىڭ چىرايىڭدىلا بىلىنىپ تۇرىدۇ. ھازىر چىقىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاغىنىلىرىدىن قىچىلىقنى بىلىپ خىيىپسىنى قالدۇرماي ياز. (ھاجى چاپان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مەمەدۇل بىلەن ئابدۇل ھوقۇشقا) سەنلەرمۇ كۆزۈمدىن يوقال! (مەمەدۇل بىلەن ئابدۇل ھوقۇش چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئامبالغا) ئۇيغۇر دېگەنلەرنى ئېلىپ چىقىڭ.

ئامبال: (ساقچىلارغا) ئۇيغۇرنى ئېلىپ چىقىڭلار!

بايكوپ: (يېڭىنى شىمايلاپ) دۈگۈن بۇ ئۇيغۇر، سولدات بىلىكىنىڭ كۈچىنى بىر كۆرسۇن!

شېڭشىسەي: (كۈلۈپ) ئالدىرىماڭ كاپىتان، بۇ سىزنىڭ تۈركىستانىڭىز ئەمەس، سىز يەم – پاراسەتنى

ئەشۇ سېپىلنى ئۇيغۇرنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنى قولغا چۈشۈرۈشنى ئويلاڭ! كۈچ ئىشلىتىشكە ھەر قاچان ئۈلگۈرەلەيمىز.

[ئۇيغۇر ساقچىلارنىڭ يالىقى ئاستىدا ئىچكە كىرىپ كېلىدۇ]

شېڭشىسەي: (ھىجىيىپ) ئۇيغۇر ئەپەندى، كۆپ جاپا چەككەندەك تۇرىسىز، مەن سىزنى بۇ ھالەتتە ئاپتا كۆرەرمەن دەپ ئويلىمىغان ئىدىم. مەن سىزنى ئۆز شەھىرىڭىزدە ھاكىم قاتارىدا بولۇشىڭىزنى قانچىلىك خالىغانىدىم ـ ھە؟ ئاپسۇس، ئەپسۇس...

ئۇيغۇر: (مىيىقىدا كۈلۈپ) ئەپسۇس مەھكۇم بولۇپ قالدىڭ، دېمەكچىمۇسەن؟ يۈرىكىڭنى تۇتۇپ باق. كىمنىڭ ئەنسىز پۇلاڭلاۋاتىدىكىن!

شېڭشىسەي: (ھىجىيىپ) بىز ئەمەلىيەتنى، رېئاللىقنى ئاساس قىلايلى. سىز يىگىرمىگە يېقىن ئەسكەرنى ئۆلتۈرۈپ، يارىدار قىلىشىڭىزغۇ مەن سىزگە تېخى مەلۇم سىتۇۋالىنى تونۇشتۇرمىغىنىم يوق. مەن يەنىلا ئالدىنقى تەكلىپىمنى خالايمەن.

ئۇيغۇر: مەن قاچقۇن يالغۇز شىجاڭنى سىتۇۋال تەلەپ قىلىدىغان تەرۋۇغلۇق ئۇيىلاي دەپ بۇ گەپلەرنى سورلاۋاتامسەن؟ ماڭا بەتلەكىنىڭ تۇرغان يۈز مىڭلىغان خەلقنىڭ سىتۇۋاللىرىنى ئەلا ئالدىن سىزدىغانسەن؟

شېڭشىسەي: (تەرى تۇرۇلۇپ) قىزىققانلىق قىلىۋاتىسىز ئۇيغۇر ئەپەندى، سىزنىڭ ئورنىڭىزدىكى ھەر قانداق كىشى ھەر جۈملە سۆزنىڭ قانداق ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىشى بىلەن ھېساپلىشىدۇ. سىز ھازىر قىلىپ ئىلالماس ئەمەس. سىز يۇقىرىلاردىن، مۇنداقچە ئېيتقاندا سىز ئۈچۈن «ھۆررا» توۋلايدىغانلاردىن تولىمۇ يىراقتىسىز...

ئۇيغۇر: بۇ سېنىڭ خىيالىڭ. مەن ئەبەدىل ـ ئەبەت ئەشۇ «ھۆررا» توۋلايدىغانلار ئارىسىدىمەن.

شېڭشىسەي: ئەبەدىل ـ ئەبەت دېگىنىڭىزنىڭ كونكرېت ۋاقتى باردۇر؟ (كۈلىدۇ)

ئۇيغۇر: (كۈلۈپ) بار، ھېساپسىز ھەجەپسە بولىدۇ. سەن ھېلىغىچە ئىسلىمۇۋاتامسەن؟ ئاخماق ئادەم! مەن سەندىن ئۇزۇن ياشايمەن. قايسى كۈنى يۇرتۇمدا سورلۇق ـ شادلىق ئۇرىمانغا قەدەر ياشايمەن. ئۆرىمانلاردىن كېيىن مۆشىتۈ سۆرمە ئېيتقىل ئەشرادىن باغچىسى بولار، مېنىڭ قېنىم توكۈلگەن تۇپراقتىن گۈللەر ئۈنۈپ چىقار، شۇ گۈللەرنىڭ بەرگىدە، يوپۇرماقلىرىدا ياشايمەن...

شېڭشىسەي: رومانتىك پىكىرلەر. سىز شائىر بولغانلىقىڭىزدىن مۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىسىز.

ئۇيغۇر: توغرا. مەن بالدۇر ئەمەسمەن. مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدا ئاۋۇزلۇق قىلىپ قان توكۇش ئېغىر جىنايەت ھېساپلىنىدۇ.

شېڭشىسەي: مەن سىزگە بىر كىشىنى تونۇشتۇراي. ئۇلارمۇ ياشاۋاتىدۇ. جاپا جەكمەيلا ياشاۋاتىدۇ. ئۇلار قان توكمەيدۇ. (ئامبالغا) ھېلىقىلارنى چاقىرىڭ.

ئامبال: (سىرتقا بۇرۇلۇپ) تېز كىرىڭلار!

[مەممەدۆل، ئابدۇل ھۇيقۇش كىرىدۇ]

شېڭشىسەي: (ئۇيغۇرغا) بۇ كىشى (مەممەدۆلنى كۆرسىتىپ) تونۇيدىغانسىز؟

ئۇيغۇر: (مەسخىرەي) تونۇيمەن. بۇ بازاردىكى غالچا ئىتلارنىڭ ساھىب تەگسىرى، مەنسەپدارلارنىڭ تاپىنىنىڭ كىرىنى شۇمەپ ياشايدىغان يۈندىخور.

مەمەدۇل: سەن ئۆيغۇر مېنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىم قاتارىدىكى بىر سويما. مەن يالغان تەڭلىشىمەن دەۋاتامسەن.

ئۆيغۇر: (تەتۈر قاراپ) خۇدا ساقلىسۇن، مەن ساڭا ئوخشاش غالجىر، پۇندىچىر كۆچۈك بىلەن تەڭلىشىشنى ئۆلۈم بىلەن باراۋەر دەپ بىلىمەن.

شىلىقشەي: (ھىجىيىپ) ئۆيغۇر ئەپەندى، مايلى ئېتىراپ قىلىڭ ـ قىلماڭ، ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە مەمەدۇللاردەك زور بىر تۆركۈم كىشىلەر بولىدۇ. ئۇلارنى خوشامەت قىلادى، دېيەلمەيمەن، بۇ ئادەملەر قىلىدىغان ئىش...

ئۆيغۇر: (سوزۇلۇپ بولۇپ) خاتالاشتىڭىز. سىزنىڭ ئەتراپىڭىزدا خۇددى گەندىگە چىۋىن ئولاشقاندەك ھەر دەم خوشامەتچى، ئالچاقلار ئولىشىۋالغانلىقتىن ساڭا ئۇلار "زور تۆركۈم" بولۇپ كۆرۈنۈپتۇ.

[سۆھبەت ئارىلىقىدا سىرتتىن ئامبالنىڭ ياردەمچىسى تېز كىرىپ ئامبالنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلايدۇ، ئامبال چۆچۈپ كېتىپ بايكوپقا پىچىرلايدۇ]

شىلىقشەي: (غەزەپ بىلەن ئۆيغۇرغا) سەن ھەددىڭدىن كۆپ ئېشىپ كەتتىڭ. مېنى ئەلمىي ئادەم ئىكەن، دەپ ئويلاۋاتسەن...

ئۆيغۇر: مەن سېنى ھېچقاچان ئادەم دەپ ئويلىغانلىقىمنى ئېيتمىدىممۇ؟

شىلىقشەي: (دەر غەزەپ) كاپىتان!

[بايكوپ ئامبالنىڭ پىچىرلىشى بىلەنلا چۆچۈپ كەتكەنلىكىدىن شىلىقشەينىڭ چاقىرىقىنى بىلمەي سەكرەپ كېتىدۇ]

بايكوپ: (شىلىقشەيگە) بىرىنچىدىن سىرتتا ئىشلار چاتاق!

[ھەممەيلەن قۇلاق سالىدۇ. سىرتتا ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ]

شىلىقشەي: سىرتتىكى نېمە گەپ؟

ئامبال: ھازىر ئالغان خەۋەرگە قارىغاندا تۇپۇلاڭچىلار سىرتتىن ھۇجۇم قىلىۋاتقاندەك. شۇ تاپتىكى لىمانشىۋۇ ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىپ قوۋۇقىنى ئېچىۋېتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقاندەك.

شىلىقشەي: (سەراسىمىلىكتە) دەرھال ھېلىقى چايان دېگىنىڭلارنى چاقىرىڭلار!

[ھاجى چايان يۈگۈرەپ كىرىدۇ. كۆزلۈپ تۇرغان جەسۇر ئۆيغۇرنىڭ قارىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئىككى قەدەم چېكىنىدۇ]

ئامبال: يېزىپ بولدۇڭمۇ؟

ھاجى چايان: يېزىپ بولدۇم دارىن. (ئۆيغۇرغا بىر قاراپ ئەيمىنىپ قەغەزنى تەڭلىگەن پېتى تۇرۇپ قالىدۇ. شىلىقشەي بېرىپ ھاجى چاياننىڭ قولىدىكى قەغەزنى يۇلۇپ ئالىدۇ. بىر كۆز يۈگۈرتىدۇ)

شىلىقشەي: (ئامبالغا) بۇ قەغەزگە ئىسمى يېزىلغانلار ئۆيغۇر بىلەن بىللە ھازىرلا چېپىپ تاشلانسۇن. قىلىچىسە رەھىم قىلىنمىسۇن! (بايكوپقا) كاپىتان دەرھال قوشۇنىنى ئاتلاندۇرۇڭ!

[بايكوپ، ياردەمچى ۋە ئەسكەرلەر ئالدىراپ چىقىپ كېتىدۇ]

ئامبال: بىرىنچىدىن جاناپلىرى مېنىڭ ئەسكىرىم ئازراق. بازار ئىچىدىكى تۇپۇلاڭچىلار تارتىپ ئېلىشارمىكىن؟

شېڭ شىسەي: مېنىڭ ئەسكەرلىرىمنى، بار، مانا، بېرىپ ئۇيغۇرنى دەرھال تۇتۇڭلار!

[ساقچىلار ئۇيغۇرغا ئېتىلىدۇ]

ئۇيغۇر: (قاقاھلاپ كۈلۈپ) ھەي ئەتىنىڭ تولۇق ئىگىسى، مەنمۇ ۋە مېنىڭ بىر نەچچە سەپداشلىرىمنى چېپىپلا ئارام ئالالايمەن دېمەكچىمەن؟ ئاڭلا، ماتەملىك ئۈچۈن چېلىنىۋاتقان سىگنالنى!

[توق ئاۋازى ئاڭلىنىپ كۆچىدۇ، يېقىنلىشىدۇ]

شېڭ شىسەي: (ساقچىلارغا) تېز بولۇش، ھامانسىز چېپىپ تاشلاڭلار!

[ساقچىلار ئۇيغۇرنى ئېتىشىپ ماڭىدۇ]

ئۇيغۇر: (قاقاھلاپ كۈلۈپ) ئاڭلاڭلار، ئىپلاسلار! (شېڭ شىسەي بىلەن ئامبالنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئوقۇيدۇ):

ھەقىقەت لارىسى ئاچچىق، سەھەر قاتتىق، ئۇزۇن يولدۇر،
ئاقما قان، كېسىلسە باش، دىدار تەلەپ قارارىدۇر.
ئەي ئۇيغۇر قىل پىدا جان، بەلۋاغنى ئالماپ ئىككى چىڭ،
"جاندىن كەچ، جانغا يەت" ھەممىدىن ئەلا چارىدۇر.

(مەمەدۇل، ئابدۇل ھەققۇش، ھاجى چاپانلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئوقۇيدۇ):

تىكەنلىك، بۇيى يوق، ئۈنگەن زىيانلىق ئۇششاق گۈللەردىن،
چىرايى بولسا ھەم مەنپەئەتلىك ئۈنگەن ئوتلار خوپ،
جاھاندا يارى يولداشسىز كۈن ئۆتكۈزمەككىمۇ مۈشكۈل،
ئىشقانلار بىرلە سوھبەتتىن يۈرۈپ چۆللەردە ئۆلگەن خوپ.

شېڭ شىسەي: (ساقچىلارغا ۋاقىراپ) بولۇشماڭلار تېز!

[ساقچىلار ئۇيغۇرنى سۆرەپ چىقىپ كېتىدۇ. مەھبۇسلار كامېرسى تەرىپىدىن غەزەپلىك سادا كۆتۈرۈلىدۇ]

A ئاۋاز: ئۇيغۇرغا ئۇزاتقان قاتىللىق قولىنى تارت!

B ئاۋاز: جاللاتلارغا ئۆلۈم!

C ئاۋاز: ئۇيغۇر ئەبەدىي قىزىپ بېرىلسۇن!

D
E ئاۋاز: خەلقىمىزنىڭ سادىق ئوغلانى قويۇپ بېرىلسۇن!
F

[يايكوپ يۈگۈرەپ كىرىدۇ]

يايكوپ: توپىلاڭچىلار قوزغىلىپ بېسىپ كىرىشتى!

[مۇھاپىزەتچى ساقچىلار بىر ـ بىرلەپ قېچىپ چىقىپ كېتىدۇ. ئامبالمۇ يۈزىنىڭ ئۇچىدا شېپكىداپ دەسسەپ قېچىپ چىقىپ كېتىدۇ]

شېڭ شىسەي: يۈزتۈن كۆچىنى تويلاپ مۇداپىئە كۆرۈڭلار، چىقىم كوپ بولۇش ئېھتىماللى بولسا ئىمتىيازلىك يوتكىلىشكىمۇ ھازىرلىق كۆرۈڭلار!

يايكوپ: خوپ! (چىقىپ كېتىدۇ)

ھاجى چاپان: شېڭ شىسەي جاناپلىرى، مەن بېرىپ بەرگەن ئىسمانىڭ ئۈچۈن ئىنئاملىرىدىن بەھرىمەن بولالارمەنمۇ؟

مەمەدۇل: بىزلەردىرمىز چوڭ خىزمەت كۆرسەتتى.

[شىلڭ شەيدى غەرەپ بىلەن ھاجى چاياننى تېپىدۇ. مەمەدۇلنى كاچات بىلەن سالىدۇ. ئابدۇل ھۆقۇش قورقۇپ يېتىۋالىدۇ. شىلڭ شەيدى تاپانچىسىنى كۆتىرىپ يۈگرەپ چىقىپ كېتىدۇ. ئوق ئاۋازى كۆچىيىدۇ. مەمەدۇل، ئابدۇل ھۆقۇش، ھاجى چايانلار ئورنىدىن تۇرىدۇ]

مەمەدۇل
ئابدۇل ھۆقۇش : (تەڭ) بىملا بولمىسۇن ئۇيغۇر ئۆلدى! (ئوق ئاۋازىنى تىڭشاپ تۇرۇۋالىدۇ) بۇلارنىڭ شائىرى ئۆلدى!
ھاجى چايان

مەھبۇسلار
كامىرسى
تەرپىدىن : شائىر ئۆلمەيدۇ!
كوللېكتىپ
ئاۋاز

[«شائىر ئۆلمەيدۇ» دېگەن ئاۋاز ناھايىتى ھەيۋەت بىلەن ئەكس سادا چىقىرىپ ياڭرايدۇ. مەھبۇسلار كامېرسى تەرەپتىن بىر توپ مەھبۇسلار يۈگرەپ چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدا قۇربان، تۈرمە دەرۋازىسى تەرەپتىن بىر توپ قوزغىلاڭچىلار يۈگرەپ كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدا نىياز، تۇغۇلخان ھەم لى ماڭ. سىرتتىن كىرگەنلەر ۋە مەھبۇسلار ھالقىسىغا چۈشۈپ قالغان مەمەدۇل، ئابدۇل ھۆقۇش، ھاجى چايانلار ھېچياققا قاچالماي پېتىراپ قالىدۇ]

نىياز
تۇغۇلخان
لى ماڭ : (تەڭ) ئۇيغۇر ئەپەندى قەيەردە؟
قۇربان

[سىرتتا ئوق ئاۋازلىرى]

مەمەدۇل
ئابدۇل ھۆقۇش : ئۇيغۇر ئۆلدى!

ھاجى چايان: بەختىكلارغا قارشى ئۇ ئەمدى قايتىپ كەلمەيدۇ!

[بەل سۆكۈت، سىرتتىن ئاڭلىنىۋاتقان شىددەتلىك ئوق ئاۋازى، ئۇدۇل تام كەينىدىن كۆتۈرۈلگەن يالقۇن]

قۇربان: (مەمەدۇل، ئابدۇل ھۆقۇشقا) سەن ئىپلاس مۇناپىقلار ئۇنى ئۆلدى دېيىشۋاتامسەن؟
(ھاجى چايانغا) سەن تۈلكىدەك شۈمكەر، ئىچىڭ زەھەر ساتقۇن، ئۇنى ئەبەدى كۆرەلمەيدۇ دېدىڭمۇ؟

مەمەدۇل
ئابدۇل ھۆقۇش : شۇنداق، شائىرىڭلار ئۆلدى!
ھاجى چايان

نىياز
تۇغۇلخان : يالغان ئېيتىسەن مۇناپىقلار!
لى ماڭ

[«شائىر ئۆلمەيدۇ» دېگەن ئاۋاز شىنتايىن ھەيۋەت بىلەن ئۇزاققىچە ئەكس سادا بېرىپ ياڭرايدۇ. شۇ ئەكس سادا ئىچىدە كۆپچىلىك مۇناپىق، ساتقۇن مەمەدۇل، ئابدۇل ھۆقۇش، ھاجى چايانلارنى غەزەپ بىلەن چەيلەيدۇ]

پەردە

مەمەت پولات تەھرىرلىگەن.

# رول ئېلىش ۋە ئوبراز يارىتىش توغرىسىدىكى تەسىراتلىرىم

ھېيتەم ھۈسەيىن

بىز تىياتىر ئارتىستلىرى ئومۇمەن مۇنداق بىر ئورتاق ھېسسىيات ۋە تەسىراتقا ئىگە، ئەگەر ئەسەردىكى ئۆزىمىزگە بۆلۈنگەن رول كۆڭلىمىزگە ياقسا، رولنىڭ خاراكتېرى، خۇسۇسىيىتى، مىجەز - خۇلقى، يېشى ۋە كەچۈرمىشلىرى ئۆزىمىزگە يېقىنلاشسا، ياكى ئۆزىمىزگە بىر مەزگىل تونۇشلۇق ۋە چۈشىنىشلىك بولسا خۇشاللىقىمىز ئىچ - ئىچىمىزگە سىغماي قالىدۇ. سەھنە ئەسىرىنى قولىمىزغا ئېلىپ رول بىلەن تونۇشقىنىمىز بىلەنلا ئورنىمىزدا گويا سەھنىدە ھەركەت قىلىۋاتقاندەك، رولنىڭ ئورنۇشىنى ئۆز بېشىمىزدىن كەچۈرۈۋاتقاندەك ھېس قىلىمىز، ھەتتا دەم ئېلىش ۋاقتىلىرىدىمۇ رولنىڭ ئوبرازى ھەققىدە تەپەككۇر يۈرگۈزىمىز. مانا بۇ ئۆزىمىزدە رول ئېلىش ئىجادىيىتىگە بولغان دەسلەپكى ئىشەنچنىڭ تۇرغۇزۇلىشىدۇر.

ئەمما ئارتىستقا ھەر دائىم ئۆز كۆڭلىدىكىدەك رولنىڭ تەقسىم قىلىنىشى ناتايىن. ئارتىستلارغا بەزىدە ئۆزىدىن خېلىلا چوڭ بولغان ياكى خېلىلا كىچىك بولغان پېرسوناژلارنىڭ رولىنى ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ، بەزىدە ئىجابىي قەھرىمانلارنىڭ رولىنى ئوينىسا، بەزىدە سەلبىي روللارنىمۇ ئويناپ قالىدۇ. ھەتتا بەزىدە ئۆزى كۆرمەك تۈگۈل قىياسمۇ قىلىپ باقمىغان قەدىمقى زامان تېمىسىدىكى تارىخىي ئەسەرلەردىن رول ئېلىپ قالىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئارتىستلاردىن ئەستايىدىل ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن رول ئۈستىدە داۋاملىق ئىزدىنىش، مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش، ئۆگىنىش ۋە كېچە - كۈندۈز جاپالىق ئەمگەك قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

## 1

1979 - يىلى مايدا ئۆمىكىمىز «غېرىب - سەنەم» ئوپېراسىنى ئەپيارلاشنى قارار قىلىپ ماڭا غېرىب رولىنى تەقسىم قىلدى. گەرچە بۇ كلاسسىك ئەسەردە غېرىبنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش مەن ئۈچۈن زور خۇشاللىق بولسىمۇ، ئەمما مېنىڭ ئەينى دەۋرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە شارائىتى بىلەن قانچە تونۇشلۇقۇم بولمىغانلىقى، شۇنداقلا ئون سەككىز، ئون توققۇز ياشلاردىكى غېرىب بىلەن ياش جەھەتتىكى پەرقىم كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ رولنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويناپ چىقىشقا تازا ئىشەنچ تۇرغۇزالمىدىم.

«غېرىب - سەنەم» ئۇيغۇر خەلقى ئەڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان، بەدىئىيلىكى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان داستانى ئەسەر. ئەگەر مەن غېرىب رولىنى خەلقنىڭ كۆڭلىدىكىدەك يارىتالمىسام ئۇيات ئەمەسمۇ؟ دېگەن ئەندىشىلىك خىياللار كاللامنى چۇلغىۋالغان ئىدى.

مەن ھەركەتنى باشلاشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن بۇ سەھنە ئەسىرىنىڭ ھازىرقى ۋە خەلق ئىچىگە تارالغان بۇرۇنقى بىر قانچە خىل نۇسخىلىرىنى تېپىپ قايتا ـ قايتا ئوقۇپ، ئەسەرنىڭ ئەسلى ۋەقەلىكى بىلەن تەپسىلىي تونۇشتۇم ھەمدە ئۆز ۋاقتىدا غېرىپ رولىنى ئوينىغان پىشقەدەم ئارتىستلارنىڭ رول تەجرىبىسىدىكى تەسىراتلىرىنى ئاڭلىدىم ۋە ئۇلارنىڭ رول ئېلىش تەجرىبىلىرىنى ئۆگەندىم. مۇناسىۋەتلىك يولداشلاردىن شۇ دەۋرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى سورىدىم. يەنە بۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ، «ناۋايى»، «ئەمىر ھاكىمبەگنىڭ يەمرىلىشى» قاتارلىق فىلىملەرنى كۆرۈش ئارقىلىق بۇ ئوپېرانىڭ مەزمۇنى، تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى، ئۆز ۋاقتىدىكى ئۆرپ-ئادەت ۋە قائىدە ـ يوسۇنلىرى توغرىسىدا مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇم. تارىخىي پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازىنى قانداق يارىتىش جەھەتتە داۋاملىق ئىزلىنىپ شېكسپىر ۋە شائىرلارنىڭ سەھنە ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ پاي-دىلاندىم. يولداش جاۋدەن قاتارلىق ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق كىنو، تىياتىرچىلىرىنىڭ تارىخىي ئوبراز-لارنى يارىتىش توغرىسىدىكى ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئۆگەندىم ھەمدە ئۆزۈم ئويناماقچى بولىۋاتقان غېرىپنىڭ تەرجىمىھالىنى يېزىپ چىقتىم. ئاخىرى غېرىپ ئوبرازىنىڭ "كىرىلەڭگۈسى" تەسەۋۋۇرۇمدا ئاستا ـ ئاستا نامايەن بولۇشقا باشلىدى. ئىككىنچى قەدەمدە پىشقەدەم ئۇستازلار ۋە رېژىسسور سەپداشلىرىمنىڭ ئىلھامى ۋە ياردىمى ئارقىسىدا غېرىپنىڭ ئادەتلىرىنى قېزىپ ئۆگىنىشكە باش-لىدىم. يەنە بىر تەرەپتىن رولنىڭ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلغان ھالدا ئۆزۈمدىكى "90 كىلوگىرام" ئېغىرلىقتا ھەجىم قىلىپ، سەھەر ئويغىنىپ يۈگۈرەپ، كۆپرەك ھەركەت قىلىپ، تاماق مىقدارىمنى مۇۋاپىق كېمەيتىپ رولغا لايىق تېتىكلىك ۋە چەبدەسلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جاپالىق مەشىق ئېلىپ باردىم. مەقسەتلىك ھالدا ياتلارنىڭ پىسخىك خۇسۇسىيىتى، مېڭىش ـ تۇرۇشى، سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، غېرىپنىڭ خاراكتېرى ۋە روھىي ھالىتىگە قانداق قىلىپ بارغان-سېرى يېقىنلىشىش، ئۇنىڭ يارقىن ئوبرازىنى قانداق قىلىپ توغرا ئىپادىلەش ئۈستىدە ئىزدەندىم. كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ، تەكرار ـ تەكرار مەشىق ئېلىپ باردىم. تېكىست يادلىغاندا ئۇنىڭ بىل-دۈرمەكچى بولغان يوشۇرۇن مەنىسىنى تېپىپ چىقىپ ئۇنى توغرا، ھەسسىياتلىق گەۋدىلەندۈرۈش يولىدا چوڭقۇر ئىزدەندىم. يۇقۇرقى بىر قاتار ئۆگىنىش، ئىزدىنىش ۋە جاپالىق ئەمگەكلەر نەتى-جىسىدە غېرىپنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانى ۋە ۋەتىنىنى چەكسىز سۆيىدىغان، ئىلىم ـ مەرىپەتكە چوڭقۇر ئىش-تىياق باغلىغان، ئادالەتسىزلىككە قارشى تىغ كۆتۈرۈپ، ئەركىن مۇھەببەت ۋە ھۆرلۈك ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدىغان باتۇرانە ئوبرازى كۆز ئالدىمدا بارغانسېرى روشەن گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. دېمەك، بۇ گەۋدىلىنىش مېنى غېرىپ ئوبرازىنى يارىتىشتا بىر قەدەر ئىشەنچىگە ئىگە قىلدى.

نەچچە يىلدىن بېرى مېنىڭ غېرىپ، ئەسقەر، سەيپىدىننىڭ شاھزادە، باپۇچچىلارنىڭ يەنى ياش يىگىتلەرنىڭ رولىنى ئېلىپ كېلىۋېتىپ، «ئاتا ۋە بالا» ئوپېراسىدا بىراقلا ئۆزۈمدىن 8 ـ 7 ياش چوڭ بولغان «ئاتا» — قاسىمنىڭ رولىنى ئېلىپ ئېلىشىم مەن ئۈچۈن يېڭى مەسىلە بولۇپ، بۇنىڭدا باشقىچە ئىزدىنىشكە توغرا كەلدى.

«ئاتا ۋە بالا» ئوپېراسىدا ئائىلىلەردە يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ئادەتتىكى تۇرمۇش مەسىلىلىرى ئاساسىي تېما قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ "ئادەتتىكى مەسىلە" ئارقىلىق سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزدىكى رېئال تۇرمۇشنى روشەن ھالدا يورۇتۇپ بەرگەن ۋە ئۇنى مەزمۇن جەھەتتىن بايىتىپ توغرا ھەل قىلىنغان. ئەسەردە ئاق كۆڭۈل، ياخشى نىيەتلىك ئانىسىنىڭ ئوبرازى، تىرىشچانلىق كىشىلىك گىرۋەكلىك كىتابخانىنى يامان يولغا ماڭغان ئەكرەمنىڭ ھەم ئۇنىڭ سەنەمى، كۆڭلى ئۆز، ئەمما ساپ ئالدىراڭغۇراق دادىسى — قاسىمنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئوبرازلىرى ئەينى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان.

ئىراق ئەسەرىدە قاسىمنىڭ ئوغلىغا بىۋاسىتە تەربىيە بەرمىگەن ساھەدە تېكىستلىرى ئانچە كۆپ بولمىغانلىقىدىن، ئەگەر ئۇنىڭدىن جەھەتتە سەل - پەل دىققەت قىلىنمىسا قاسىم ئوبرازى تېرىككەك ھەم قۇۋال، مەسىلە تۇغۇلغاندا چىچىلىشىتىلا بىلىپ، ئۇنى ھەل قىلىشقا باش قاتۇرمايدىغان، ئائىلە زىددىيەتلىرىنى ئاياللارغا ئىتتىرىپ قويۇپ، ئۆزى بەشەبيۇسكار بولىدىغان بىر تەنتەك شەخس بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا مەن قاسىمنىڭ ئەسەردىكى تېكىستلىرىنى قايتا - قايتا تەھلىل قىلىپ، سۆز ئۇرامىنى توغرا ئىگىلەپ، ئۇنى ئوبرازنى ھەم ھەسسىياتلىق چىقىرىشقا شۇنىڭدەك بۇ رولنىڭ تېكىستسىز كۆرۈنۈشلەردىكى ئىچكى مونولوگىنى توغرا تېپىپ، پېرسوناژنىڭ رىددىيەتلەر ئالدىدىكى روھىي دۇنياسىنى ۋە ئوي - پىكرىنى ئوچۇق ئىپادىلەپ بېرىشكە تىرىشتىم. قاسىمدەك تورغۇنلىغان ئىنسان، ئاق كۆڭۈل، ئىزگۈ، ئەستايىدىل، پەرزەنتلىرىنى لاياقەتلىك ئادەملەردىن قىلىپ تەربىيىلەشكە كۆڭۈل بۆلىدىغان ئاتىلارنى مەھەللىلەردە كۆزىتىپ، ئۇلارنىڭ ئەدەپ-سۆزى ھەسسىياتى، مىجەز - خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن چوڭقۇر تونۇشتۇم. يەنە شۇنىڭدەك 10 يىللىق ئىچكى قالايمىقانچىلىق مەزگىللىرىدە ئوقۇشسىز، تەربىيەسىز قېلىپ يامان ئىللەتلەرنى يۇقتۇرۇۋالغان ھەتتا جىنايەت يولىغا ماڭغان تورغۇنلىغان ياش ئەۋلادلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ئىچىدىنلىق شىكايەتلىرىنى ئاڭلاپ ئۇلارنىڭ قەلبىنى چۈشەندىم. "ئەگەر ئۆزەمنىڭ بېشىغا مۇشۇنداق كۈلپەت، ئىشلار چۈشكەن بولسا قانداق قىلاتتىم؟ ئۆز پەرزەنتلىرىمنىڭ بېشىغا شۇنداق سەۋدالار چۈشكەن بولسا قانداق قىلغان بولاتتىم؟" دېگەندەك سوئاللارنى قويۇپ تۇرۇپ، رولنىڭ تۇرمۇشىنى دەل ئۆزەمنىڭ تۇرمۇشى، قايغۇسىنى ئۆزەمنىڭ قايغۇسى، شادلىقىنى ئۆزەمنىڭ شادلىقى دەپ تونۇيدىغان ھالدا رولنى تۇرمۇشلۇق، ھەسسىياتلىق تەبىئى ئوينىشقا تىرىشتىم. قاسىمنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتا، ئاساسەن ئۇنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنى قىزغىن سۆيىدىغان، "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ چەكسىز زەھەرلىرى قىلچە يۇقمىغان ساددا قەلبىنى، سوتسىيالىستىك ماددى مەدەنىيەت يارىتىش، دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش يولىدا پىداكارلىق بىلەن ئىشلەيدىغان جاسارىتىنى، ئۆز پەرزەنتىنى كوممۇنىستىك ئەخلاقى يۈكسەك ئىگە، جەمئىيەتكە پايدىلىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەشتىن ئىبارەت قىزغىن ئىنتىلىش روھىنى گەۋدىلەندۈرۈشنى چىقىش نۇقتا قىلدىم.

شۇنىڭ ئۈچۈن شۇ ئەسەرنى ئىشلىمەكچى، رول ئېلىش ۋە ئوبرازغا يېقىنلىشىش قانداقتۇر چۈشىنىكسىز بولمايدىغان سىرلىق نەرسە ئەمەس. ئارتىست ئۆزى دراماتۇرگىيە بولغان پېرسوناژغا نىسبەتەن چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق چۈشەنچە ھاسىل قىلىپ ئىشەنچىسىپ ئىزدەنگەندىلا ئاندىن ئۇنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. رول بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى ئايرىلمىنى پەيدىن - پەي قىسقارتىپ، ھەرىكەت ۋە ھەسسىياتتا بىر، جانلىق ئوبراز يارىتىپ، تىياتىر سەنئىتىنىڭ ھەقىقى تەسىرلەندۈرۈش رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ.

ئىجادىيەت ئۇسۇلى ۋە تېخنىكىسى دېگەن - شۈبھىسىزكى، تىياتىر ئىجادىيىتىدىن ئىبارەت بىر پۈتۈننىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ئەڭ مۇھىم ۋاستىسىدۇر. ئارتىست سەھنىدە تىرىشچانلىقىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزىنىڭ مەنالىق ئەمگىكى ۋە مېھنىتىنى مەلۇم يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈشكە جۈرئەتلىك بولىدىكەن، پېرسوناژلارنىڭ تۇرمۇشى، تەبىئىي ۋە ھەسسىياتى ئىچىگە چوڭقۇر چۆكەلەيدىكەن، جەزمەن كۆڭۈلدىكىدەك تىپىك ئوبرازلارنى يارىتالايدۇ. يەنى، تىياتىر پېشۋاسى ستانىسلاۋسكىي ئېيتقاندەك: "ئارتىست ھەر قانداق رولنى ئويناشتىن، ھامان ئۆزىنى چىقىش نۇقتا قىلىشى لازىم." رول ئېلىش سەنئىتىنىڭ ئىجادكارى — ئارتىست، ئىجادىيەت ۋاستىسى بولغان تۇرمۇشىنى، ئۆزىدە تەييار بار بولغان تۇرمۇش دېتاللىرىنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويغان ھالدا ھېچقاچان ئىككىنچى بىر ئادەمگە ئايلىنىپ ئوبراز يارىتالمايدۇ. ئەگەر ئۇ رولنى ئويناش بىلەن ئۆزىنى يوقىتىپ قويسا، ئۇ ھالدا رولنىمۇ يوقىتىپ قويىدۇ. شۇنداق بىلەن رولنىڭ ئىسىملىك كۆچىمۇ

تۈگەيدۇ. يەنە بىر ئېيتقاندا رولنىڭ ئىچىدىن ئۆزىنى ئىزدەپ تېپىش ۋە ئۆزىدىن رولنى ئىزدەپ تېپىش ئۇسۇلىلا توغرا ئىجادىيەت ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ.

"تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" مەدەنىيەت مۇستەبىتلىكى يۈرگۈزۈۋاتقان يىللاردا ئېكران ۋە سەھنىلىرىمىزدە چىنلىقتىن چەتنىگەن كۆلكىلىك كىنو ـ تىياتىرلار يامراپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار "ئۈچنى گەۋدىلەندۈرۈش" دېيىلگەن بىمەنە سەپسەتىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئىجابىي ئوبرازلارنى ھەددىدىن زىيادە مۇبالىغىلاشتۇرۇۋەتتى ۋە ئىلاھىلاشتۇرۇۋەتتى، سەلبىي ئوبرازلارنى بولسا ئىنتايىن پۈچەكلەشتۈرۈپ جانسىز گەۋدە قىلىپ قويدى. ئۇلارچە ئىجابىي ئوبرازلار ئىگىز قۇياش ئەڭ ئوتتۇرا، ئەڭ قىزىل چۈشىدىغان يەردە تۇرۇشقا يارالغان. ئۇلارغا ئاداق ئۆتمەيدۇ، ئوق تەگمەيدۇ، تەككەن تەقدىردىمۇ يىقىلمايدۇ، يىقىلسىمۇ ئۆلمەيدۇ، ئۆلگەن تەقدىردىمۇ دۈشمەننى ئىككى ئۈچەي تاللىۋالمىغۇچە، گالغا ئىراسىنى بالدۇرمىغۇچە كۆزى يۇمۇلمايدۇ. سەلبىي روللار بولسا ۋاقالەتكى ئىجابىي روللارنىڭ ئالدىدا تۆت پۇتلۇق بولۇپ ماڭىدىغان، ئۇلار قاتتىقراق كۈلۈپ قويسىمۇ غال ـ غال تىترەيدىغان، ئالدىپ قويسا مۈشۈكتىن قاچىدىغان ئۆلۈك يولۋاس. ئەمەلىيەتتە دۈشمەن ئۆزىنى ھەرگىزمۇ "سەلبىي"، "ئەكسىيەتچى" دەپ قارىمايدۇ. ئېنىقراقى ئۇ ھەقلىق دېمەكچى ئاساسلىقچە ئەمەس بەرمەيدۇ، مەيلى ئۇ قانداقلا ئادەم بولسۇن، ئۆزىنىڭ ئۆزىگە چۈشەنچىسى دەرت ـ ئەلەمى، شادلىق ـ قايغۇسى، ئارزۇ ـ ئارمىنى بولىدۇ، ھامان ئۆزىنىڭ يەتمەكچى بولغان مەقسىتى ۋە كەلگۈسى ئىشلار ئۈچۈن ھارمايدۇ ـ تالمايدۇ، ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلىدۇ. سەلبىي تەمسىلەرمۇ ئىجابىي تەمسىلەردەك ئادەم سىپاتىغا، مۇئەييەن ئوي ـ پىكىرگە ۋە ئادەمگە لايىق ھەركەتلەرگە ئىگە بولىدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ رېئال ھەقىقىتىنى ئەكس قىلىپ بېرىدىغان تىياتىر سەنئىتىنىڭ قانۇنىيىتىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولالمايدۇ. شۇڭا ئارتىست مەيلى تەنقىدلىنىدىغان ئوبرازلارنى بولسۇن ياكى مەدھىيىلىنىدىغان ئوبرازلارنى بولسۇن ئەمەلىي تۇرمۇشنىڭ مەنتىقى ۋە قانۇنىيىتى بويىچە، ئوخشاشلا جانلىق، تۇرمۇشچان ۋە ئىشەنچلىك قىلىپ گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىشى لازىم.

شۇنى قايتا تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئاتالمىش ئىجابىي رول، سەلبىي رول، قەھرىمان، خائىن... دېگەن ئاتالغۇلارغا چەك ئىشلىتىۋېلىپ، ئۇنى ئوبراز يارىتىشنىڭ چەكتىن ئۆتمەس ۋە ئاساسى قىلىۋالماسلىقى، مەن "قەھرىمان"نى ئوينايدىغان، دەپ سەھنىگە چىقىش بىلەنلا بىر قېتىمنى ئىگىز كۆتۈرۈپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، مەيدىسىنى كېرىپ، مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگۈپ، جېنىنىڭ بارىچە ۋاقىراپ سۈرلەپ "قەھرىمان"لىق كەيپىياتىنى دوراشقا ئورۇنماسلىقى، ياكى مەن "سەلبىي" رول ئوينايدىغانمەن، دەپ يۈز ـ كۆزىنى گىرىم بىلەن سەتلەشتۈرۈپ، چىرايى، ھەركەت ۋە سۆز ئاھاڭىدا بىھۇدە ئەبىرلىكى، رەزىللىكى، ھىيلە ـ نەيرەڭلىكىنى ئىپادىلەشنى قوغلاشماسلىقى، بەلكى تۇرمۇشنى ئاساس قىلىپ، رولنىڭ ماھىيىتىنى چىقىش نۇقتا قىلىپ، سەھنىدە تەبىئىي ھەركەت قىلىپ، رولنىڭ ھەققانىيلىق، ئىنسانىيلىق، ئەسىرلىك يارىتىشنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا تىياتىر سەنئىتىدىكى قېلىپلىق، ئابستراكتلاشتۇرۇش، شەكلىۋازلىق قاتارلىق ئىللەتلەردىن خالىي بولغىلى بولىدۇ.

بۈگۈنكى تىياتىر سەھنىلىرىمىزدە ساقلىنىۋاتقان ئىپادىلەش سەنئىتى ۋە رول ئىشلەش تېخنىكىسىدىكى مۇھىم كەمچىلىكلەرنىڭ بىرى دەل ئىجابىي ۋە سەلبىي روللارنىڭ ئىچكى ھېسسىياتلىرىنى رەسمىي قاتارىدا چۈشەندۈرۈش، ھېسسىياتنى شەكلەن دوراپ بېرىشتىن ئىبارەت. رولنىڭ ھېسسىياتىنى شەكلەن دوراش ياسالمىلىق ۋە سۈنئىيلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. مەسىلەن، ئادەملەر تۇرمۇشتا بەزىدە كۈلىدۇ، بەزىدە يىغلايدۇ. بۇ كۈلۈش ۋە يىغلاشنىڭ سەۋەبلىرى ھەر خىل بولغانلىقتىن

ئۇنىڭ شەكىللىنىشى ھەر خىل بولىدۇ. شۇڭا ئارتىست ئۇنى چىراي ئىپادىسىدىلا دوراپ بېرىشنى قوغلاشماي، شۇ كىشىنىڭ نېمە ئۈچۈن كۈلگەنلىكىنىڭ ياكى يىغلىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى، كۈلگەندىمۇ چىن قەلبىدىن راھەتلىنىپ راستىن كۈلۈشى، يىغلىغاندىمۇ چىن قەلبىدىن يىغلىشى لازىم. ئارتىست مۇنداق قىلماي ئەكسىچە سەۋەبىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ھېسسىياتنىڭ نەتىجىسى (كۈلۈش، يىغلاش) شەكلىنى دوراپ بېرىلىپ كەتسە ئۇ ھالدا بۇ كۈلۈش ۋە يىغلاشلار تاماشىبىنلارغا بىر خىل ياسالما، سۈنئىي تۇيغۇ بېرىدۇ ـ دە، قىلچە تەسىرلەندۈرەلمەيدۇ. ھەتتا ئۇلارنى ئويۇنغا بولغان ئىشەنچ ۋە چىنلىقتىن مەھرۇم قالدۇرىدۇ. شۇڭا ئارتىست سەھنىدە ھەر قاچان ئۆزى ئويناۋاتقان (ئىجابىي، سەلبىي ياكى باشقا) رولنىڭ روھىي دۇنياسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، مەزمۇت سالاھىيىتىنى ئىسمە چىڭ تۇتۇپ، پېرسوناژنىڭ ئىچكى روھىي ھالىتىنى چىنلىق بىلەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىشكە تىرىشىشى زۆرۈر. بۇ خىل كەمەلدىن خالىي بولۇش ئۈچۈن كۆڭۈلنىڭ ئىچكى بولغان كۆزنى ئىشلىتىشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىشى، چىن ھېسسىياتنى ئۇيغىتىشى، جىسمانىي كۈچكە ۋە كېلىشكىلا زورلاشنىڭ ئورنىغا سەھنىداش بىلەن ھەقىقىي ھالدا ئالمىشىش باسقۇچى، قارشى تەرەپنىڭ ئىنكاسىنى (پوزىتسىيەسىنى) چىنلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۆزىمۇ چىنلىق بىلەن ئىنكاس قايتۇرۇپ سەھنىدە راستىن ئاڭلاش، راستىن ئويلاش، راستىن تەسىرلىنىش، راستىن سۆزلەشتەك ياخشى ئادەتنى دەبدىن ـ بەي ئۆگىنىۋېلىشى ۋە ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشى لازىم.

3

ئومۇمەن ھەر قانداق سەھنە ئەسىرىدە باش رول ۋە ئاساسلىق رولدىن باشقا يەنە ئاز ساندىكى بىر نەچچە، تەپەر قوشۇمچە رول بولىدۇ. بىر قابىلىيەتلىك ئارتىست ئۈچۈن نىسبەتەن ئۇنىڭ ئويناۋاتقىنى مەيلى باش رول، ياكى قوشۇمچە رول بولسۇن ھەممىسىنىڭ ھۆددىسىدىن ياخشى چىقىشى لازىم. ستانىسلاۋسكىينىڭ: "ئارتىستنىڭ كىچىكى بولىدۇكى، رولنىڭ كىچىكى بولمايدۇ" دېگەن مەشھۇر سۆزى بار. بۇنىڭ مەنىسى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئارتىستلارنىڭ قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن پەرقى بولىدۇ. ئەمما پېرسوناژلارنىڭ (رولنىڭ) چوڭ ـ كىچىك پەرقى بولمايدۇ. مەسىلە، باش رول ياكى قوشۇمچە رولدا ئەمەس، بەلكى ئۇنى ياخشى ئويناش ـ ئوينىيالماسلىقتا.

ئارتىستلارنىڭ شارائىتى ۋە قابىلىيىتى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئوبراز يارىتىش يولى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزى ئارتىستلارنىڭ ئەسلىدىكى شارائىتى ياخشى بولسىمۇ، لېكىن ئاساسىي مەشىق ۋە ئارتىستلىق تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە تىرىشمىغانلىقىدىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇرمۇش بىلىمى ۋە سەھنە تەجرىبىسىنىڭ كەملىكىدىن ئۆزىنىڭ رول ئېلىش يولىنى تارلاشتۇرۇپ قويىدۇ. يەنە بەزى ئارتىستلارنىڭ گەرچە ئەسلىدىكى شارائىتى ۋە ئاساسى ناچارراق بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئاساسىي مەشىقنى تاشلىماي، كەسپىي تېخنىكىسىنى ئۆستۈرۈش يولىدا داۋاملىق ئىزدىنىش ۋە تەتقىق قىلىشقا ئىزچىل تۈردە ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، ئوبراز يارىتىش يولى ۋە ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتەلەيدۇ ۋە ئاشۇرالايدۇ. شۇڭا ئارتىست ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، كەمچىلىكلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ ۋە يېڭىپ ئۈزلۈكسىز تىرىشىشى، بىر رولنى ئويناپ قويۇپلا ئۆزىنى قالتىس چاغلاپ قانائەتلىنىپ قالماسلىقى، بولۇپمۇ رول ئىجادىيىتىدە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبنى يارىتىپ، ئوبراز يارىتىشتا نەتىجە قازىنىپ ئەمەلىيەت ئالدىغا ئىلگىرىلەشتە ئۆز ـ ئۆزى-

دىن كۆرەلەپ كەتمەسلىكى لازىم. ستانىسلاۋىسكىي ئارتىسلارنىڭ ئەخلاقى ھەققىدە توختالغاندا: «ئارتىست ئۆز سەنئىتىنى سۆيسۇن، سەنئەت ئىچىدە ئۆزىگە زوقلانماسلىقى كېرەك.» دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ. ياش ئارتىسلار ئامان كەمتەر، ئېھتىياتچان ئىستىلنى ساقلاپ، تۇرمۇش ئۆگىنىشى، جەمئىيەتتىن ۋە يېشقەدەم ئۇستازلاردىن ئۆگىنىشى، باش رولنىلا تالاشماي، قوشۇمچە رول ۋە ئاممىۋى روللارنىمۇ ئېلىشقا ئىنتىلىشى لازىم. نۇرغۇنلىغان ئاتاقلىق ئارتىسلار ئۆزىنىڭ ئارتىسلىق ھاياتىنى ئالدى بىلەن قوشۇمچە رول ۋە ئاممىۋى روللارنى ئويناشتىن باشلىغان، ئېلىمىزدە يولداش جېڭ جاڭدەك قوشۇمچە رول ئېلىش ئارقىلىق كۆزگە كۆرۈنگەن ۋە «ئەڭ ياخشى قوشۇمچە رول ئارتىسى» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن كىنو ـ تىياتىر ئارتىسلىرى ئاز ئەمەس. ئاپتونوم رايونلۇق ئوپېرا ئۆمىكىدىكى تالانتلىق، يېشقەدەم ئارتىسلاردىن ئەمەت تۇدەر، ھەسەن بۆجۈرلەرنى ئالساقمۇ ئۇلار ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئارتىسلىق ھاياتى جەريانىدا بىرەر قېتىممۇ باش قەھرىماننىڭ رولىنى ئېلىپ باققان ئەمەس، بەلكى ئۇلار يۈزلىگەن قوشۇمچە روللارنى كۆڭۈلدىكىدەك ئويناش بىلەن داڭ چىقارغان، خەلقنىڭ ئالقىشى ۋە ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. قىزىل گۈلنى تېخىمۇ قىزىل، تېخىمۇ چىرايلىق كۆرسىتىپ تۇرىدىغان ئۇنىڭ ياپ ـ يېشىل يوپۇرمىقى. دېمەك ئاشۇ يوپۇرماق ـــ قوشۇمچە ۋە ئاممىۋى رول باش قەھرىماننى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ پۈتۈن ئويۇننىڭ مۇكەممەللىكىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا قىلچە سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئەمما قوشۇمچە رول ئوينايدىغان ئارتىست ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۇنىڭ سەھنىدىكى ۋەزىپىسى ئانچە ئېغىر بولمىغانلىقتىن سەھنىدە ئۆزىنى يېنىك ھېس قىلىدۇ. بۇ خىل ئازادىلىك، قوشۇمچە رول ئوينايدىغان ئارتىسنىڭ دىققەت كۈچىنى[*] مەركەزلەشتۈرۈپ ئويۇن ۋەقەلىكىگە تېخىمۇ چوڭقۇر چۆكەلەيدىغان، ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى بېيىتالايدىغان ياخشى شارائىتقا ئىگە قىلىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئارتىست ئۆزىگە زۆرۈر بولغان سۆز ئىرادىسى، ھەركەت مۇددىئاسى، ھېسسىيات تۈزگەرىشلىرى ۋە سەھنىدىكى ئىمكانىيەتلىرىنى ئوڭۇشلۇق ھالدا تاپالايدۇ. قوشۇمچە رول ئوينىغاننىڭ يەنە بىر پايدىسى شۇكى، قوشۇمچە رول ئالغان ئارتىست ئۆزىنىڭ رولىنىڭ ھۆددىسىدىن ياخشى چىققاندىن سىرت، بوش چاغلىرىدا باشقا ئارتىسلارنىڭ رولىنى قانداق ئويناۋاتقانلىقىنى، ھەركەت، ھېسسىياتلىرىنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۆگىنەلەيدۇ. باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ رول ئېلىش يولىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتەلەيدۇ.

تىياتىر سەنئىتى ـــ رول ئېلىش ۋە ئوبراز يارىتىشتا جىددىي مۇئامىلە ۋە جاپالىق ئەمگەك قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان، بىر پۈتۈن سىستېمىسى ۋە ئىزدىنىشكە، تېخنىكىلىق قانۇنىيەت ـ پىرىنسىپلارغا ئىگە بىر پەن. ئۇ ئاللىقانداق قېتىپ قالغان، مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان نەرسە ئەمەس. ئۇ دەۋر چاقىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ پەيدىن ـ پەي بېيىيدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ.

پارتىيىمىز ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىمىز ئۈچۈن گۈللىنىش دەۋرى ئېچىپ بەردى. تىياتىرچىلىق ئىشلىرىمىزنىڭ سەنئەتتىكى ئەۋزەللىكى يېتىپ كەلدى. بىز «چوڭ ئىنقىلاب» ۋە «تۆت زىيانداش» تەرىپىدىن ۋەيران قىلىۋېتىلگەن تىياتىر خارابىسى ئۈستىگە يېڭىدىن چىرايلىق يېڭى چىرى باغلارنى بىنا قىلالايمىز، تىياتىر بېغىمىزدا جىلۋىلىق ئوتقاشتەك رەڭدار گۈللەرنى ئېچىلدۇرالايمىز. دراماتورگلار، رېژىسسورلار ۋە ئارتىسلار، بۇ يېڭى دەۋرنىڭ قەدرىگە يېتىپ، يېڭى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، يېڭى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ، تىياتىرچىلىق ۋە ئارتىسلىق سەنئىتىنىڭ سەۋىيىسىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرسەك، يۈكسەك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشنىڭ ئاۋانگارتلىرىدىن بولالايمىز.

ئايشەم توختى تەھرىرلىگەن



(بىر پەردىلىك كومېدىيە)

مەھەممەت روزى

# قاتناشقۇچىلار

جاپپار: يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتىنىڭ باشلىقلىرىنىڭ بىرى، 50 ياش.
خەلچىخان: جاپپارنىڭ ئايالى، 48 ياش.
ئۆمەر: جاپپارنىڭ ئوغلى، 20 ياش.

[كىرىز ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى. جاپپارنىڭ ئۆيى، ئۆينىڭ ئوڭ تېمىغا كەلگەن ئۇزۇنچىلىقى چوڭ گىلەم ئېسىلغان، تامغا يۆلەپ قويۇلغان كىركەم تۆمۈر كارۋاتقا قىممەت باھالىق ئېسىل يوتقان ئەديال يىغىلغان، كارۋاتتا كەشتىلەنگەن پەر ياستۇقلار. ئۆينىڭ دەل بىر تەرىپىدە ئەينەكلىك چوڭ ئىشكاپ، ئوتتۇرىدىكى ئىككى دېرىزىگە تور پەردىلەر تارتىلغان. ئۆينىڭ بىر چېتىدە تومپۇچكا، تومپۇچكا ئۈستىدە تۆت كانايلىق ئۈن ئالغۇ. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا دۈمۈلاق ئۈستەل، ئۈستەلنىڭ ئەتراپىدا ئىككى يۇم - يۇم ئورۇندۇق، بىر چەتتە بىر جۈپ يالغۇز كىشىلىك سافا، يەنە بىر چەتتە ئۈچ كىشىلىك چوڭ سافا.]

پەردە ئېچىلىشتىن ئىلگىرى جاپپارنىڭ: "بولمايدۇ! ھەل قىلىپ بېرەلمەيمەن، چىقىپ كېتىڭ، چىقىپ كېتىڭ!" دېگەن سۆزلىرى ئاڭلىنىدۇ.

پەردە ئېچىلغاندا، ئۆمەر سەھنىنىڭ بىر چېتىدە تۇرۇپ بىر ئىشىككە، بىر ئۈستەلگە قاراپ بېشىنى چايقايدۇ، ئاندىن تاماشىبىنلارغا قاراپ سۆزلەيدۇ؛

تۇمەر: جامائەت، سىلەر مېنىڭ دادامنى بىلەمسىلەر؟ ئېھتىمال بىلىسىلەر، ئەگەر بىلمەيمىز دېگۈچىلەر بولسا... ياق، مەن ئىشەنمەيمەن. ئۇلار بىلىپ تۇرۇپمۇ بىلمەسكە سېلىۋالىدۇ. مەيلى بىلمىگىلار، مەيلى بىلمەڭلار، مەن دادامنى سىلەرگە قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي! دادامنىڭ ئىسمى جاپپار، پامىلىسى غاپپار، ئۇ ئېگىزمۇ ئەمەس، پەسمۇ ئەمەس، سېمىزمۇ ئەمەس، ئورۇقمۇ ئەمەس. دادام يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتىدە ئىشلەيدۇ، ئۇنىڭ ئەمەلى چوڭمۇ ئەمەس، كىچىكمۇ ئەمەس. دادام ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۆيدە تونۇيدىغان ۋە تونىمايدىغان بىرمۇنچە مېھمانلارنى كۈتىدۇ. مېھمانلارنىڭ بەزىلىرى قىزىل گۈلدەك ئېچىلىپ، ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ چىقىپ كېتىدۇ، بەزىلىرى بولسا چىرايلىرى تۈرۈلگەن ھالدا، باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ قايتىشىدۇ. بەزى بىچارىلەر تېخى قايتىپ كەتكەن بىچارە ئەنە شۇنداق چىقىپ كەتتى. سىلەر بەلكىم نېمىشقا شۇنداق دەپ سورىشىڭلار مۇمكىن. بۇنى سۆزلەپ يۈرسەممۇ بولاتتى، لېكىن مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا دېگەن گەپ بار، قېنى مەن سىلەرگە كۆرسىتەي. (ئۇ چىقىپلا بىر بوينى كۆتىرىپ كىرىدۇ — دە، ئۇنى يېشىدۇ. بىرمۇنچە كىيىم — كېچەكلەرنى ئالىدۇ. ئۇ بىر دادام دوپپىنى ئېلىپ بېشىغا جىكۈرۈپ كىيىدۇ، ئۇچىسىغا ئۇزۇن چەكمەن چاپان كىيىپ بېلىنى پوتىدا باغلايدۇ، ئاندىن ئاقارغان ساقال — بۇرۇتلارنى ئېلىپ چاپلايدۇ. بىر ئەينەكنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا قاراپ ئۆزىنى تۈزەشتۈرگەندىن كېيىن چىقىپ كېتىدۇ. ئۆيگە قولىدا گېزىت تۇتقان ھالدا جاپپار كىرىپ كېلىدۇ ۋە سافاغا ئۆزىنى تاشلاپ گېزىتنى ئاچىدۇ. ئارقىدىن خەلچىخان كىرىدۇ)

خەلچىخان: دادىسى، ئەل رازى، خۇدا رازى دېگەن گەپ بار، سىلىدىن خوش بولاي، ھەرقانداق ئىش بولسا ئىدارىلىرىدا، ئۆزلىرىنىڭ ئىشخانىلىرىدا تۈگىسە كەلسىلە. ئۆيگە ئادەملەر بۇنداق كىرىپ كېلىۋەرسە...

جاپپار: (ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ) سەن ئازىمۇ ئەقىلسىز — دە. ئىشخانىدا نىمە ئىش پۈتىدۇ. قارا ئۆيىمىزگە، ھەي ئاخماق، ھەي ئاخماق.

خەلچىخان: مەن ئاخماقمۇ، سىلىمۇ؟ بالا — قازا دېگەنچۇ يۈز — قولىنى ساڭگىلىتىپ كەلمەيدۇ. ئەنە — ئۆگۈن بىر بالاسى جېنى قانداق قىلدى؟!

[ئىشىك قېقىلىدۇ، جاپپار بىلەن خەلچىخان دەرھال دىققەت بولىدۇ]

خەلچىخان: يەنە بالىنى كىشىمكىنە؟!

جاپپار: بۇ رودۇپايىنى ئەمدى ئېلىپ چىقىرىۋەتسەم... (ئورنىدىن تۇرۇپ ئاچچىقى بىلەن بېرىپ ئىشىكنى ئاچىدۇ)

[مۇرىسىگە خورجۇن ئارتقان ھالدا "ئەسسالام" دەپ تۇمەر كىرىپ كېلىدۇ. جاپپار بىر ئاز تۇرۇپ قالىدۇ. كېيىن چىرايى سەل — بەل ئېچىلىدۇ]

جاپپار: خوش كەپسىلا، كىمنى ئىزدەيدىلا؟

تۇمەر: ئېزىپ قالمىدىم تەخسىر، دەل سىلىنى ئىزدەپ كەلدىم، مېنى تونىمايۋاتاملا؟

جاپپار: (ھەيران بولۇپ) ئۆزلىرى كىم بولىلا؟

تۇمەر: بەللى، بەللى تەخسىر، ئۆزلىرى بىزنىڭ قوشتېرەككە باش بولغاندا خۇددى گۆش بىلەن

ياغدەك يېقىن ئۆتكەنتۇق، قارىغاندا سىلىنىڭ كۆزلىرىدىن چىقىپ قالغان ئوخشايمىز ـ دە.

جاپپار: (سىجىلاپ قاراپ) يوقسۇ، يوقسۇ، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ھەرگىز، راستىنى ئېيتسام كۆزۈم ئاجىزلاپ قالغانمۇ، زادى تونۇيالمايۋاتىمەن.

ئۆمەر: شۇنداقتۇ تەخسىر، شۇنداقتۇ. سىلى بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى كۆپ ئۆزگىرىپ كېتىپلا، مېنى راستىنى تونۇمىغان بولسىلا مەن ئۆزەمنى تونۇشتۇراي، مەن ھېلىقى ھەمشىراخۇن تۆگمەنچىنىڭ تام خوشنىسى ھېيزاخۇن يەنچى بولىمەن ئەمەسمۇ؟

جاپپار: ۋۇي، شۇنداقمۇ؟ راس شۇمۇ؟ مۇنداق دېسىلە، كەلسىلە، يۇقۇرى ئوتسىلە.

[ئۆمەر خورجۇننى ئۇستەلنىڭ ئاستىغا قويۇپ ئولتۇرىدۇ، خەلچىخان چىقىپ كېتىدۇ. جاپپار سەھنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تاماشىبىنلارغا سۆزلەيدۇ]

جاپپار: قاپىسى ھېيزاخۇن يانچى، زادىلا ئېسىمگە كەلمەيۋاتىدۇ. بىر قارىسام تونۇيدىغاندەكلا قىلىمەن، بىر قارىسام ھېچ تونۇيالمىدىم. كۆزۈم راستىنلا ئاجىزلاپ قالمىغاندۇ ـ ھە؟ يەنە بىر سىنچىلاپ قاراپ باقاي. (كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئۆمەرگە يېقىن كېلىپ قارايدۇ)

ئۆمەر: ھە، جاپپاراخۇن، سىلى بىزدىن كېتىپلا بىرەرىمىزنىمۇ يوقلاپ بارالمىدىلا، بۇ يەردە خىزمەتلىرى ئالدىراش ئوخشايدۇ. بىز سىلىنى يوقلاپ كېلىش ئارزۇسىنى يەنە بىر نەچچە ھەپتەم تەرەددۇت قىلغان بولساقمۇ ھېچ يولى بولمىدى. مانا بۈگۈن خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن يۈز كۆرۈشتۇق. (ئۆمەر خورجۇننى ئېچىپ ئىچىدىن بىر تۇلۇم ماي، بىر پۇت گۆش، نىمدۇر قاچىلانغان بىر خالتىنى ئېلىپ ئۇستەلگە قويىدۇ. ئارقىدىن بىر كىيىملىك ئېسىل رەختنى قوينىدىن چىقىرىپ خالتىنىڭ ئۇستىگە ئىككى قوللاپ ئاۋايلاپ قويىدۇ) قۇرۇقلا كېلىپ قالدىم، ئاز بولسىمۇ تىرىكچىلىكنىڭ نىشانى.

جاپپار: (ئۇستەلگە قاراپ كۆزلىرى چاقنايدۇ، كالپۇكلىرى تىترەپ، چىشلىرى پاقىرايدۇ) ۋاي ـ ۋۇي، بۇ نىمە ئاۋارىچىلىق، شۇنداقلا كېلىۋەرمەمدى، بىز تونۇمىغان، بىلمىگەن ئادەملەر بولمىغاندىن كېيىن، ھەممىمىز بىر يېزىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئەمەسمۇ؟

ئۆمەر: ئۇغۇ شۇنداق، شۇنداق بولسىمۇ، بۇ كۆڭلىمىز دېسىلە.

جاپپار: (بېشىنى بۇراپ) ئاپىسى، چاي ئەكىر!

خەلچىخان: (كۆرۈنمەيدۇ) مانا ھازىر.

ئۆمەر: بولدى، بولدى، ئاۋارە بولۇشمىسىلا، چايغا روقۇم يوق، ئالدىراش كېلىۋىدىم، ھازىرلا ماڭىمەن.

جاپپار: سىمگە ئۇنچىۋالا ئالدىرايلا. ئولتۇرسىلا. چاي ھازىر تەييار بولىدۇ.

ئۆمەر: ئۆزلىرىنىڭ خەۋەرلىرى بار، ھازىر يېزىدا يەرلەرنى دېخانلارغا تەقسىم قىلىپ بەردى. ئۇيدانىراق ئىشلەپ، كۆپرەك كىرىم قىلىش ئۈچۈن تېتىكىرەك بولمىساق بولمايدىكەن. ئەگەر ئېيى ـ جىيى كېلىپ قالسا بىرەر ھارۋا قىلىۋالساق يەلەن بولماقچىدى. ئەمما لېكىن ھارۋىغا چاق تېپىلمايۋاتىدۇ. ئۆزلىرى كاتتا باشلىق، بىزگە يېردەم قوللىرىنى سوزۇپ، مۇشكۇلىمىزنى ئاسان قىلىپ بېرەرمىكىن دىگەن ئۈمىدتە ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنى تاپقىنىم.

جاپپار: (ئويلانغاندەك قىياپەتتە ئۇياق ـ بۇياققا ماڭىدۇ، كوزىنىڭ قىرىدا ئومەرگە قاراپ قويۇپ تاماشىبىنلارغا) جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا دېگەن ـ دە! (دەرھال ئومەرنىڭ قېشىغا بارىدۇ) ئوبدان گەپ بولدى ھېيىزاخۇن، بەلكىم گەپ بولدى، سىلەرگە قانداق چاي لازىمتى؟

ئومەر: بولسا پىكاپنىڭ چاقى بەلەن ئىدى.

جاپپار: بولىدۇ، مەن ئۇقۇشۇپ باقاي، ئوگۈنلۈككە بىر كەلسىلە. (خەلچىخان پەتنۇستا چاي كوتىرىپ كىرىدۇ، جاپپار خەلچىخانغا قاراپ) ھېيىزاخۇن ئالدىرايدىكەن، ئادىمى، ئوگۈنـ لۈككە يەنە كېلىدۇ. (ئومەرگە قاراپ) چاي ئىچىپ كەتكەن بولسىلا ئوبدان بولماقـ چىدى ھېيىزاخۇن.

ئومەر: خوش، خوش، رەھمەت! ئوگۈنلۈككە يەنە كېلىمەن ئەمەسمۇ جاپپاراخۇن. (ئورنىدىن تۇرۇپ خوشال ھالدا چىقىپ كېتىدۇ. خەلچىخان چاينى قايتا ئېلىپ كىرىپ كېلىدۇ. جاپپار ئۇنىڭ ئالدىكى نەرسىلەرگە قاراپ ھەيران قويىدۇ ـ دە، ھەممىنى يىغىشتۇرۇپ كىرىپ كېتىدۇ. سەھنىدە ئومەر سوپىسىنى كوتىرىپ پەيدا بولىدۇ)

ئومەر: كوپچىلىك ماذا بۇ ئويگە كەلگەن مېھمانلارنىڭ خوشال چىقىپ كېتىشى، يىراق ئىمىس يۇنىڭ بىلەن تۈگىمەيدۇ، ئوگۈنلۈككە كېلىش ئۈچۈن يەنە سوغا ـ سالام بىلەن كېلىشـ كە توغرا كېلىدۇ. بۇ چاغدا بادام كەلگەن مېھماننى ئۈمىتسىز قويمايدۇ ـ دە، دەرـ ھال ئامانچىغا خەت يېزىپ مېھماننىڭ تەلەپ قىلغان نەرسىسىنى ھەل قىلىپ بېرىدۇ. مېھمان ئەنە شۇ چاغدىلا ھەقىقىي خوشال بولۇپ چىقىپ كېتىدۇ. ئەگەر مېھمان سوغاـ سالام ئالماي كەلسىچۇ؟ بۇ چاغدا ئىش باشقىچە بولىدۇ. قېنى نەزىرىڭلارنى تۆۋەندىـ كى كورۈنۈشكە ئاغدۇرۇڭلار!

[ئومەر بادام دوپپىنى تۇماق بىلەن ئالماشتۇرىدۇ. چەكمەن چاپاننى پەشمەت بىلەن ئالماشتۇرىدۇ. ئاق ساقال، ئاق بۇرۇتنى ئېلىۋېتىپ، قارا بۇرۇت، قارا كەكە ساقال بېكىتىدۇ. يەنە ئەينەكنى ئېلىپ ئوزىنى تۈزەشتۈرگىنىچە چىقىپ كېتىدۇ. سەھنىگە جاپـ پار كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ يەنە سافادا ئولتۇرۇپ گېزىت كورۈشكە باشلايدۇ. ئارقىدىن خەلـ چىخان خاپا بولغان ھالدا چىقىدۇ)

خەلچىخان: سىلى تولىمۇ داغاچ قۇلاق بولۇپ كېتىۋاتىلا، ئەقىلسىز بولسامۇ مېنىڭ بىرەر ئېغىز گېپىمگە قۇلاق سېلىپ قويسىلا بولاتتى. ھازىلا بىرمۇنچە گەپ قىلسام ئودەككە سۇ يۇقمىغاندەك يەنە ئوزلىرىنىڭ بىلگەنلىرىنى قىلدىلا. بۇنداق بولمىغۇر ئىشلارنى قىلىـ ۋەرسىلە خۇدا تۈگۈل ئەل ـ يۇرتمۇ رازى كورمەيدۇ.

جاپپار: ھەي ئاخماق خوتۇن، ھېلىمۇ مەمەت، ھېلىمۇ مەمەت، گالدىن ئوتكىنى غەنىمەت دېـ گەننى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟!

خەلچىخان: گالدىن ئوتتى دەپ دەۋەرگەن سىلەن بىر كۈنى گالىرىنى تېشىپ چىقىدۇ. ئوزلىرىگە ھاي بەرگەنلىرى تۈزۈككىمىكى. ئەل ـ يۇرت ئىچىدە يۈز كوتىرىپ يۈرگىلى بول قالىدۇ.

جاپپار: سېنىڭ ئاغزىڭدىن مېنى خوش قىلغىدەك بىرەر ئېغىز چىرايلىق گەپمۇ چىقامدۇ زادى؟ ئاچچىقلا بولسا شۇ بالا - قازا، قىيامەت ئاخىرمۇ؟

[ئىشىك چېكىلىدۇ، ئەر - ئايال ئىشىككە قارايدۇ. ئىشىك تېخىمۇ قاتتىقراق چېكىلىدۇ، جاپپار بېرىپ ئىشىكنى ئاچىدۇ. ئۆمەر "ئەسسالام" دېگىنىچە ئۆيگە كىرىدۇ]

جاپپار: (ئۆمەرگە بىر قۇر سەپسېلىپ قاراپ غادىيىدۇ) ئۆزلىرى كىم بولىدىلا؟

ئۆمەر: پېقىرنى تونۇمايدىلىغۇ، دەيمەن. مەن يېراق سەھرادىن كەلگەن ئادەممەن.

جاپپار: تىلەمچىمۇ ئەمەستۇرلا؟

ئۆمەر: يوقسۇ تەخسىر، تىلەمچى ئەمەسمەن، ھاجەتمەن بىر ئاجىزمەن. (ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ ھەممە ياققا قاراپ ھەيران بولۇپ، ئاغزىنى چېكىلدىتىدۇ)

جاپپار: (كۆزلىرىنى پاقىرىتىپ) ھوي، گەپلىرى بولسا دېمەمدىلا!

ئۆمەر: (پەرۋاسىزلىق بىلەن سافانىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىنى سىلاپ چىقىپ ئېھتىيات بىلەن ئولتۇرىدۇ) ئىدارىلىرىغا ئۆزلىرىنى ئىزدەپ تۆت - بەش قېتىم باردىم، بىراق ئۆزلىرى تېزراق سەپەرلىرىنىمۇ تاپالمىدىم، سۈرۈشتۈرسەم شۇيەردە ئىكەنلا دېيىشتى، ئىزدەپ يۈرۈپ مانا بىر جاپادا تېپىپ كەلدىم.

جاپپار: (ئاچچىقلىنىپ) نېمىگە شۇنچە ئىزدەپ قالدىلا مېنى؟

ئۆمەر: ۋاي كادىر ئەپەندىم، دۆممىزگە قول تىراكتورنىڭ چاقى كېرەك ئىدى، شۇنى سېتىۋالغىلى كەلسەك ئاۋال ئۆزلىرىنىڭ رۇخسەتلىرىنى ئالىدىغان گەپكەن.

جاپپار: (پەرۋاسىزلىق بىلەن) ئۇ نەرسە ھەممىسى سېتىلىپ بولدى.

ئۆمەر: كادىر ئەپەندىم، ئۇنداق دېمىسىلە، ئامبارچىدىن سورىسام بار دەيدىغۇ؟ سىلىلا بىر نېمە دېسىلە ئېلىپ بېرىدىغان بولدى.

جاپپار: (غەزەپلىنىدۇ) ئامبارچى ئاغزىغا كەلگەننى دەۋېرىدىغان بىر ئادەم. دۆلەت چاقنى پىلان بىلەن بىر تۇتاش تەقسىم قىلىشقا بەرگەن، ئۇنداق كەلگەنلا ئادەمگە بېرىۋېرىدىغان چاق نەدە تۇرۇپتۇ.

ئۆمەر: ئۇنداق دېمىسىلە كادىر ئەپەندىم، بىزمۇ شۇ دۆلەت تەقسىم قىلىپ بېرىدىغان ئورۇنلارنىڭ بىرسى بولمامدۇق؟ دۆلەت چاقنى بىزگە ئوخشاش ھاجەتمەنلەر ئۈچۈن ياسىغان، شۇڭا ئالغىلى كەلدۇق دېسىلە، قوللىرىدىن كېلىدىغان ئىش بولغاندىن كېيىن تولا قاتتىقلىق قىلمىسىلا. بىزمۇ باشقىلاردەك پۇل تۆلەيمىز، پۇل!

جاپپار: (كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ) ھوي، سىلىچە مۇتتەھەم نەرسە مەن؟! تېخى نارتىسىدىن ئەجەپ گۆر - گۆر سۆزلەيسەنا؟ پۇلغا ئالىدىغان بىكارغا ئالىدىغانمۇ بارمىدى، تېخى، بىلىپ قوي، بۇ دۆلەتنىڭ مۈلكى، ساڭا ئوخشاش گەدەنكەشلەرگە بېرىدىغان چاق يوق.

ئۆمەر: ئەپەندىم، ھە دېسىلا توقانى قانىلىرىغا ئالمىسىلا، بىزمۇ دۆلەتنىڭ مۈلكى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئالغىلى كەلدۇق. سىلىنىڭ شەخسىي مۈلۈكلىرى بولسا كەلمەيتتۇق!

جاپپار: (تېخىمۇ ئەدەپ) ھوي، ئۇنداق بولسا مېنىڭ قېشىمغا نېمىگە كەلدىڭ؟ بىلەمسەن، بۇ مېنىڭ ئۆيۈم. بۇ ئىدارە ئەمەس، بۇ مېنىڭ ئۆز ئۆيۈم، بۇ ئىشخانا ئەمەس، ئىشىڭ بولسا ئىشخانىغا بار، مەن ئۆيدە ئىش بېجىرمەيمەن...

ئۆمەر: ئۇنداق بولسا ئۆزلىرىمۇ بىللە بارسىلا، قۇرۇق ئىشخانىدا ھېچ ئىش پۈتمەيدىغانلىقىنى سىلىمۇ بىلىدىلىغۇ؟

جاپپار: ھوي، ئاڭلاۋاتامسەن، بۇ مېنىڭ ئۆيۈم. مەن ئۆيدە ئىش بېجىرمەيمەن. ئىشخانىغا بار، ئىشخانىغا.

[ئۆمەر چوڭقۇر بىر تىنىپ، بېشىنى چايقايدۇ ۋە بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە چىقىپ كېتىدۇ. جاپپار قول ياغلىقىنى ئېلىپ پېشانىلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇشىغا خەلچىخان سۆزلەيدۇ]

خەلچىخان: ھە، ھەممىلا ئادەم يۇۋاش بولىۋەرمەيدۇ، مۇنداق سىلىنى تەرلىتىدىغانلارمۇ بار، ئۇنى چۇۋالا بوغماي كەتمىسىلە.

جاپپار: (خەلچىخانغا جىددىي بۇرۇلۇپ قارايدۇ ۋە ئۈستەلگە ۋاقىقىدە بىرنى ئۇرىدۇ) تولا ۋالاقشىماي كۆزۈمدىن يوقال!

خەلچىخان: (ئاغزىنى پۇرۇشتۇرىدۇ) ئېيتەككە كۈچۈڭ يەتمىسە ئۇر - توقۇممىدۇ؟ مەن سىلىنىڭ ھەيۋىلىرىدىن قورقۇپ قالمايمەن.

جاپپار: (غەزىپىدىن تىترەپ كېتىدۇ. بىگىز قولىنى خەلچىخانغا تەڭلەيدۇ) سەن... سەن... سەن...

[خەلچىخان پىشىنى قېقىپ چىقىپ كېتىدۇ. جاپپار ئىختىيارسىز ئاستا - ئاستا ئۈستەلگە يېنىپ كەلگىنىچە تىترەپ ئىككى چېكىسىنى تىزلىرىدە تۇتقىنىچە ئولتۇرۇپ قالىدۇ. سەھنىنىڭ بىر چېتىدە ئۆمەر يەنە ئاۋالقىدەكلا پەيدا بولىدۇ]

ئۆمەر: كۆپچىلىك! مانا بۇ دادامنىڭ سىزگە - سالامىز كەلگەنلەرگە قىلىدىغان مۇئامىلىسى. قاراڭلار، ئىز خۇددى دوران ئورىنغاتقان كونا تامدەك تۈزۈكچىلىك ئىگىلەنگەن ۋە مىسكىن، ياق ئۇ مىسكىن ئەمەس، پەقەت خالاس دۇنيادا كىشىلەرنى خاپا قىلغان كىشىلەر ئاخىرقى ھاياتتا ئۆزىمىز خوشال بولالمايدۇ. بىراق خاپىلىق مەڭگۈلۈكمۇ نەرسە ئەمەس. بىردەمدىن كېيىنلا دادامنىڭ خاپىلىقى تاراپ كۆڭلى يايراپ كېتىدۇ. ئەنە شۇنداق خوشاللىقتىن كېيىن نېمە بولىدۇ؟ ئەگەر كۆرۈشنى خالىساڭلار مەرھەمەت، دىققەت قىلىڭلار!

[ئۆمەر ساقال - بۇرۇتىنى ئېلىپ تاشلايدۇ. ئۈچىسىغا ئېسىل سوكنو چاپان كىيىدۇ. بېشىغا سىلىق ۋە سىپايە تارالغان كۈمۈشتەك ئاپئاق چاچ كىيىدۇ. چاققانلىقىنى چىرايلىق ياسالغان بۇرۇت چاپلايدۇ. كۆزىگە كۆزەينەك تاقاپ قولتۇقىغا سىرتىملىق ماتېرىيال سومكىسى قىستۇرىدۇ ۋە ئەينەكنى ئېلىپ ئۆزىنى تۈزەشتۈرگىنىچە چىقىپ كېتىدۇ]

[ھاۋال ئۆتمەي ئىشىك چېكىلىدۇ. جاپپار ئېرەنسىزلىك بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىشىككە قارايدۇ. ئىشىك يەنە چېكىلىدۇ. جاپپار ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ كۆزلىرىنى يۇمۇپ بىر ناز ئويلىنىۋالىدۇ - دە، بېرىپ ئىشىكنى ئاچىدۇ. ئۆمەر ئۈن - تىنسىزلا ئۆيگە كىرىپ كېلىدۇ. جاپپارنىڭ ئۆزىگە قاراپ ئاغزى ئېچىلىپلا قالىدۇ. ئۆمەر ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ ئۇياق - بۇياققا قارىۋېتىپ سومكىنى ئۈستەلگە قويىدۇ - دە، بىر ئۆتتىنى ئالماپ ئولتۇرىدۇ. جاپپار ئىنگىكىنىچە ئۆمەرنىڭ كەينىگە كېلىپ توختايدۇ]

جاپپار: ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟ مەن زادىلا تونۇمىدىمغۇ؟

ئۆمەر: (پەرۋاسىزلىق بىلەن) مەن سىز بىلەن خىزمەتداش.

جاپپار: نېمە، نېمە، خىزمەتداش دەمسىز؟!

ئۆمەر: ھە، ئەلۋەتتە. مەن شىركەتكە يېڭىدىن جىڭلى بولۇپ تەيىنلەندىم.

جاپپار: نېمە، نېمە، جىڭلى بولۇپ تەيىنلەندىم دېدىڭىزما؟ (بىردىنلا خوشاللىنىپ) ئوھوي، مانا ئەمەسمۇ؟ بىزنىڭ يېڭى جىڭلى قالتىس - تە، ئالايتەن بىزنى يوقلاپ كەپتۇ. بۇنە

داق ئەمخورازۇققا نېمە دەپ جاۋاپ بېرەرمىز؟ مۇبارەك سىزگە، مۇبارەك سىزگە!

(ئالدىراپ ئۆمەرنىڭ قولىنى سىقىدۇ) مانا، ھارا كارامەت ئىش بولدى ـ دە بۇ. سىزنىڭ رەھبەرلىكىڭىزدە ئاجايىپ زور ئىشلارنى ئىشلەشكە يۈزدە ـ يۈز ئىشەنچىم كامىل.

(دەرھال يېنىدىن ئاماكا چىقىرىپ تەكلىپ قىلىدۇ. ئۆمەر ئالمايدۇ. جاپپار زورلايدۇ، ئۆمەر ئۇنىمايدۇ. ئاخىر جاپپار ئىلاجسىز ئۆز ئاماكىسىنى يۆتىلىشتۈرىدۇ)

جاپپار: (ۋاقىراپ) ھوي ئاپىسى، چاپسان بول، بىزنىڭ ئۆيگە جىگلى كەلدى، جىگلى. بىزنىڭ جىگلىمىز كەلدى. (خەلچىخاندىن جاۋاپ چىقمايدۇ. جاپپار بىردەم ئوڭايسىزلىنىپ تۇرۇپ قېلىپ كېيىن ئۆرى يۈگۈرلاپ كىرىپ كېتىدۇ ۋە دەرھال يېنىپ چىقىدۇ)

جاپپار: مەن ھازىرلا چىقىمەن، مەن چىققىچە مۇزىكا ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ. (ئۇ تومپۇچكا ئۈستىدىكى ئۈن ئالغۇنى ئېچىپ قويىدۇ. ئۈن ئالغۇدىن ئۆزىنىڭ يۇرغىسىغا ئولىمۇ ماس لاشقان قانداقتۇر بىر مۇزىكا ياڭرايدۇ. بىردەمدىن كېيىن جاپپار پەتنۇستا بەخىلەرگە سېلىنغان كەمپۈت، پىرەنىك ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئېلىپ چىقىپ ئۈستەلگە تىزىدۇ. يەنە كىرىپ ئاندىن بىلەن بىرنەچچە تەخسە گۆش ۋە ئىككى بوتۇلكا ھاراق بىلەن ئىككى رومكا كۆتىرىپ چىقىدۇ. ئاندىن ئۈستەلگە بىر قارىۋېتىپ "جىگلىمغا" ھەجىيىدۇ. "جىگلى" بەرۋاسىزلارچە ئولتۇرىۋېرىدۇ. جاپپار بېرىپ ئۈن ئالغۇنى توختىتىۋېتىپ "جىگلى" نىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرىدۇ ۋە ھاراقنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ رومكىلارغا قۇيىدۇ)

جاپپار: (رومكىنى خوشامەت بىلەن "جىگلى" نىڭ ئالدىغا قويۇپ) قەدىردان جىگلى، سىزنىڭ مېنى يوقلاپ كەلگەنلىكىڭىزگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. بۇندىن كېيىنمۇ داۋاملىق كېلىشىڭىز ئۈچۈن بۇ رومكىنى كۆتىرىۋېتەيلى.

ئۆمەر: كەچۈرۈڭ، مەن ھاراق ئىچمەيمەن. (رومكىنى جاپپارنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويىدۇ)

جاپپار: (ئوڭايسىزلىنىپ چىرايى ئۆزگۈرۈپ كېتىدۇ، كېيىن يەنە ھەجىيىپ ئورۇندۇقنى "جىگلى" غا يېقىنراق تارتىدۇ ۋە رومكىنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ) قەدىردان جىگلى، سىزنىڭ بەك مۇ پەزىلەتلىك، ساپ ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى بۇرۇنلا بىلەتتىم. بىز قېتىم سىز مېنى قاتتىق تەسىرلەندۈردىڭىز. مەن سىزگە زادى يېتىشەلمەيمەن. سىزنىڭ مېنى تەربىيەلەپ قوشۇنىمىزنىڭ مۇناسىپ بىر ئەزاسى قىلىپ چىقىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن. ئىيە جىگلى، مەن ئەنە شۇ پاك ئۈمىدىمنى بۇ رومكىغا تولدۇردۇم. (رومكىنى ئۆمەرنىڭ ئالدىدىكى رومكىغا بىر نەچچە قېتىم چېكىپ كۆتىرىشكە دالالەت قىلىدۇ. ئۆمەر ئورنىدىن تۇرىدۇ)

ئۆمەر: بىلەمسىز، مەن سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە مېھمان بولغىلى كەلمىدىم.

جاپپار: (داڭ قېتىپ تۇرۇپ قېلىپ تۈگۈرىگىنى يۇتۇپ، زورىغا كۈلىدۇ) بىلىمەن قەدىردان جىگلى، بىلىمەن، لېكىن بۇ سىزنى مېھمان قىلغىچىلىك نەرسىلەر ئەمەسقۇ؟ پاراڭلاشقاچ ئېچى ئولتۇرۇڭ، بۇلاردىن ئاز ـ تولا... ھە، قېنى!

ئۆمەر: (سەل جىددىي تۈس ئالىدۇ) مەن سىز بىلەن سۆزلەشكىلى كەلدىم.

جاپپار: (ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالىدۇ) ھۆرمەتلىك جىگلى، مەن سۆزىڭىزنى چۈشىنەلمىدىم گاڭگىراپ قېلىۋاتىمەن. سىز... سىز...

ئۆمەر: (كەسكىنلىك بىلەن) سىز خىزمەت ھوقۇقىڭىزدىن پايدىلىنىپ نېمىلەرنى قىلدىڭىز؟

جاپپار: (كۆزلىرى ئالاق ـ جالاق بولۇپ كېتىدۇ) سوبۇغلۇق جىگلى، بۇ، بۇ، بۇ نېمە دېگىنىڭىز، مەن... مەن... مەن يوۋاش بىر ئادەم، سىز مېنى چۈشەنمىگەندىن ئوخشايسىز.

AltunOq

ھە راس، مېنى كورەلمەيدىغان ئايرىم ئادەملەر سىزگە مېنى غاجاپ بەرگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئاللايلاۋۇق، قادىر كەمەنكەش، ئۇ يەكمۇ ئىچى تار، ھەسەتخور بىر نەرسە. يەنە مەسىلەن، ھەلىمە جاپ ــ جاپىرۇ سۇۋداق، ئۇ تىنماي جاۋىلداپ غەيۋەت ــ شىكايەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان سورەلمە. يەنە مەسىلەن، ياسىن يەل تاپان، ئىتۇ ئەتىمدىن ــ كەچكىچە ئۆز ئىشخانىسىدىن يۇز ئىشخانىسىغا قاتراپ گەپ توشۇيدىغان نەرسە. يەنە مەسىلەن، يەنە مەسىلەن، ئۇنداقلاردىن خېلى بار... سىز ھەرگىز ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەڭ.

ئومەر: ياق! مېنىڭ قولۇمدا پاكىت بار، سىز پارىخور ئادەمسىز. مەشنا زاۋۇتلىرىنى يېزىلارغا ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بەرمەي، ئامباردا ساقلاۋېرىپ ئۇلارنى كېرەكسىز نەرسىلەرگە ئايلاندۇردىڭىز، ئالدىڭىزغا كەلگەنلەردىن پارە ئېلىپ، ئادەم ساتتىڭىز. بىلەمسىز، بۇ دۆلەتنىڭ مۈلكى، خەلقنىڭ قان ــ تەرىگە يۇتكەن نەرسىلەر، سىز دۆلەتكە، خەلققە زىيان سالمىدىڭىز.

جاپپار: باشلىق، بۇلارنىڭ ھەممىسى بوھتان، ھەممىسى توقۇلما، ماڭا قىلىنغان زىيانكەشلىك.

ئومەر: بۇ بوھتان ئەمەس، ھەقىقەت. سىز تېخى ياپىلا ھېچنېمە ئالغىنىڭىز يوق دەپ ئىكەنسىز، بىراق دېگەن كەلگەن بىر دېھقاننى تونۇمىدىڭىز، ئۇنى چىقىرىۋەتتىڭىز. نېمىشقا، بۇلار يالغانمۇ؟ ئەمەلىيەتتە ئون تىراكتورنىڭ چاقى ئامباردا باھايىتى كۆپ، ئۇلارنى ئېلىپ كەلگىلى ئالدىغا ئىككى يىل، كېيىنكە بەش ئاي بولدى. بىراق سىز ئۇلارنى ئامباردا ساقلاۋەردىڭىز، ئۇلارنى نېمىشقا بەرمەيسىز؟ بۇ چۈشىنىشلىك، چۈنكى ئۇ كىشى سىزگە سوغا ــ سالام ئېلىپ كەلمىدى، شۇنداقمۇ؟ يولداش جاپپار، سىزدە ۋىجدان دېگەن نەرسە بارمۇ ــ يوق؟!

جاپپار: (بىردىن يىغلامسىرايدۇ ۋە ياتلىقىنىڭ پۇتىغا يىقىلىدۇ) قەدىردان باشلىق، مېنى كەچۈرۈڭ، مەن راستىنلا خاتالاشتىم، مەن ئورنىمنى تەكشۈرىمەن، (ئۆزىنى كاچاتلايدۇ) مەن ئۆلگۈر، مەن پارىخور، مەن جىنايەتچى...

ئومەر: بولدى، بولدى، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ! (جاپپاردىن يىراقلاپ) مۇنداق ئاسان قۇتۇلۇپ كېتەلمەيسىز.

جاپپار: ھە؟... (كۆزلىرى چەكچىيىپ، بىردىنلا ھوڭگىرەپ يىغلاپ، تىزلىنىپ مېڭىپ باشلىقنىڭ پۇتىغا ئېسىلىدۇ) قەدىردان باشلىق، مەن گۇناھىمنى بۇيۇمەن، ئالغان نەرسىلىرىمنى تولۇق تاپشۇرىمەن. ماڭا كەچۈرۈملۈك قىلىڭ. ماڭا رەھىم قىلىڭ، ماڭا شەپقەت قىلىڭ. مەن يامان ئادەم ئەمەسمەن.

ئومەر: ۋاقتى ئۆتتى. سىزنى خەلق كەچۈرەلمەيدۇ. مەن سىزنىڭ بارلىق ۋەزىپىلىرىڭىزدىن ئېلىپ تاشلايمەن!

جاپپار: ھە؟ (ئەسىدە يوناپ يىگىلىپ ئولتۇرۇپ قالىدۇ)

[ئومەر سەھنىنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ]

ئومەر: كۆپچىلىك، قاراڭلار، داداملىڭ ھازىرقى ھالىتى نېمىگە ئوخشايدۇ؟... گويا قولىغا چۈشقان كىرىۋالغان يىل، ياق، ئۇنداقتا ئىمىرلايتتى... گۈلغا پېچىق سۇركەلگەن كالا. ياق، ئۇنداقتا مورەتتى... دۆلۈنى ئۈزۈلگەن تايغان. مېنىڭچە بۇ ئوخشىتىش بىر ئاز جايىغا چۈشتى، چۈنكى ئەمەل داداملىڭ دەل يولۋىسى ئىدى، لېكىن كۆپچىلىك، راستىنى

ئېيتسام، دادامغا ئىچىم ئاغرىيدۇ. چۈنكى ئۇ تۇۋۋە قىلىۋاتىدۇ ـ دە! بۇنىڭدەك ئادەمگە قاتتىق قوللۇق قىلىش توغرا ئەمەس. ئۇنىڭ راستىن ياخشى ئادەم بولۇش نىيىتى بولىدىغانلا بولسا، ئۇنى قۇتقۇزۇش كېرەك. بىتىپ، مەن ئۇنى بىر سىناپ كۆرۈپ باقاي. (جاپپارنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ مۈرىسىگە بىرنى ئۇرىدۇ. جاپپار مىدىر قىلمايدۇ. ئۆمەر ئۇيۇقتا ئۇتتۇپ يەنە بىر مۈرىسىگە بىرنى ئۇرىدۇ. جاپپار يەنە مىدىرلىمايدۇ)

ئۆمەر: دادا! نېمە بولدۇڭ، مەن جىگىلى ئەمەس، مەن سېنىڭ ئوغلۇڭ ئۆمەر بولىمەن.

جاپپار: ھە؟ (چوچۇپ ئۇنىڭغا قارايدۇ. ئۆمەر چىرچىنى، يۈزۈسىنى ۋە كىيىمىنىڭ ئېلىۋېتىدۇ)

ئۆمەر: دادا، مەن سېنى قۇتقۇلدۇرۇۋالماقچىمەن. سەن بۇيا خاتالىقىڭنى تونۇيدىغانلىقىڭنى ئېيتتىڭمۇ؟ ئۇنداق بولسا ناھايىتى ياخشى، سەن ھازىرلا تەشكىلگە بېرىپ تۇۋۋە قىلغىن.

جاپپار: (كۆزىنى ئۇۋۇلاپ، بېشىنى سىلكىيدۇ. ئاندىن ئاستا ـ ئاستا ئورنىدىن قوپۇپ ئۆمەرگە يېقىن كېلىپ قارايدۇ) سەن، سەن... سەن راستىنلا ئۆمەرمۇ؟

ئۆمەر: نېمە، سەن مېنى تېخىچىلا تونۇمايۋاتامسەن؟

جاپپار: (ئۆمەرنىڭ ئىككى مۈرىسىدىن تۇتتۇپ ئۇنى ئايلاندۇرۇپ قارايدۇ. چىراي بىسارىغانىدى، تۆرۈلۈپ بىردىن موشتۇمىنى تۈگۈپ ۋاقىرايدۇ) ئەبلەخ! (ئۆمەر چۆچۈپ كېتىدۇ) قارا كۆڭۈل ھارامتاماق!... يۇشنۇۋەدىن ئادەم تېزىتقۇ. مەن سېنى...

ئۆمەر: (ھەيران بولۇپ) دادا، ساڭا نېمە بولدى؟ مەن سېنى قۇتقۇزىۋالماقچىمەن، كېيىكەدە تۇرۇپ تەشكىلگە بارغىن، خاتالىقىڭنى ئىقرار قىلغىن.

جاپپار: (ھەقىرايدۇ) نېمە دەۋاتىسەن مۇتەھەم؟! بىلەمسەن، سەن ماڭا ئىتائەتسىزلىك زىيان سالدىڭ. ئەمدى ئۆزىنى قولا يېمەن!

ئۆمەر: دادا، مەن نېمە قىلدىم؟ ساڭا قانچىلىك زىيان سالغىنىم بولىدۇ؟

جاپپار: ھىم، زەھەرلىك چايان، بىلەمسەن، مەن بۇ نەرسىلەر بىلەن ھەققى جىگىلىنى كۆتەلىگەن بولسام ئورۇن، مەرتىۋەم قانچىلىك ئۆسكەن بولاتتى. ئەمدى بۇلارنى تولەيسەن.

ئۆمەر: دادا، خۇشامەت ۋە نەخسىكەشلىك بومۇسىز ئادەملەرنىڭ ئىشى. ھازىر ئۇنىڭغا ئورۇن يوق. سەن ئاز ئىش قىلمىدىڭ، ئەمدى ھوشۇڭنى تېپىپ، كېيىنلىكىڭنى ئويلاپ كۆرىدىغان ۋاقتىڭ يەتتى.

جاپپار: (ئىككى قولىنى كۆتىرىپ موشتۇمىنى تۈگۈپ ۋاقىرايدۇ) سەن ۋاپاسىز ئىت، كۆيۈمسىز ئېشەك، سەن مېنىڭ بالام ئەمەس، سېنىڭدىن كەچتىم. چىق ئۆيدىن! يوقال كۆزۈمدىن!

ئۆمەر: دادا، ئۆيدىن دادا، بۇنداق قىلمىغىن، مەن ساڭا ئېچىنىمەن، سېنىڭ ھەممە يېرىڭ ياخشى، پەقەت كاللاڭلا چاتاق، سەن خەلقنىڭ كادىرى، خەلق ساڭا ئىشىنىپ بۇ ھوقۇقنى بەرگەن، سەن خەلقنى ئويلىشىڭ كېرەك. سەن خاتالىقىڭ بولغا كىرىپ قالدىڭ، ئەمما مەسلىھەتىم، سەن بۇ يولدىن قايت!

جاپپار: (جىنىلىرىنى غۇچۇرلىتىپ نېخەمۇ خىتىرايدۇ) بۇ ساختىپەز يانچۇقچى! سېنى ئۇنۇپ بېرىمەن، سېنى تۈرمىگە سولىتىۋېتىمەن...

[ئۆمەر جاپپارغا قاراپ بىردىن قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىدۇ. جاپپار چوچۇپ ئالاقزادە بولىدۇ ۋە كەينىگە داجىپ ماكىنىچە بۇلۇڭغا بېرىپ تۈگۈلۈپ ئولتىرۇپ قالىدۇ. ئۆمەرنىڭ مەيۈسلىك كۈلكە ساداسى ئىچىدە پەردە چۈشىدۇ]

دەۋەت بولات تەھرىرلىگەن.



## ئايشەم توختى

تىياتىرنىڭ قايسى شەكلىدە بولسۇن، ئوخشاش بىر رولنى بىر نەچچە ئارتىست ئوينىغاندا، گەرچە ئويۇندىكى پېرسوناژ يەنىلا شۇ بولسىمۇ، نەتىجىدە يارىتىلغان ئوبرازلار خاراكتېرىدە ھەم ئۇم پەرقىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىمىز. بىر ئارتىستنىڭ ياش قۇرامىنىڭ، بەدەن قۇرۇلىشى ۋە ئاۋازىنىڭ شۇ رولغا لايىقلاشقانلىقى ئارتىستنىڭ ئوبرازغا يېقىنلىشىشىدا مۇھىم رول ئوينىسىمۇ، ئامما رولنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلىشى - يارىتىلمايلىمىدا ھەل قىلغۇچى ئامىل بولالمايدۇ. چاقناپ تۇرىدىغان بەدىئىي ئوبراز ئارتىستنىڭ تەرەككىي ۋە جىسمانى جەھەتتىكى جاپالىق ئىجادىي ئەمگىكى ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدۇ.

ئۇسسۇل سەنئىتىمىزنىڭ سەلتەنەتلىك گۈلتاجىنى تاقاپ، سەنئەت بېغىدا ئۆزلۈكسىز پەرۋاز قىلىۋاتقان تالانتلىق شۇڭقارىمىز مەريەم ناسىر باشقىلار تەرىپىدىن كۆپ قېتىم ئوينالغان «خەلچخان»، «شىنجاڭ ياخشى»، «چىرايلىق» قاتارلىق لەپەرلەرنى، پادىچى تاجىك قىزى، شوخ ئۆزبېك قىزى، ئوت يۈرەك قازاق قىزى ۋە چايچى خەنزۇ قىزلىرىنىڭ ئوبرازىنى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك، ئوخشىمىغان بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئورۇنلاپ 57 - يىللىرىلا كۆزگە كۆرۈنگەن ئارتىستلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ قالغان ئىدى.

ئۇسسۇل سەنئىتىمىزنىڭ پېشىۋالىرى، يېتەكچىم باغۋەنلىرىمىز ھاجى راخمان ۋە ئىبراھىمجان تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن بۇ ئۇسسۇل چولپىنى ۋەتىنىمىزگە قوشلاپ شان - شەرەپ كەلتۈرۈۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئۇنىڭ گۈزەل ئارزۇ، جاپالىق مەشىق قىلىش، قېتىقىنىپ ئىزدىنىش ۋە ئىجادىي بېيىتىش بىلەن ئوتكۈزگەن 29 يىللىق سەھنە ھاياتى ئىختىيارسىز كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ.

مەريەم ناسىر غەربىي شىمال سەنئەت شۆبىۋەنىگە ئېرىپ ئىككى يىللىق ئوقۇشنى تاماملاپ، ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىگە ئورۇنلاشتى. شۇ چاغدا مەريەم بىر قانچە لەپەر ئويناش بىلەن ئۆزىنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتىدىكى يوشۇرۇن تالانتىنى ئاشكارىلاپ، ئۇستازلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

ئۇسسۇل ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە سەنئەتنىڭ مۇرەككەپ تۈرلىرىنىڭ بىرى. ئۇز كەمىنگە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان بۇ شاگىرت ئۇستازلىرىنىڭ ئەجىرە سىڭدۈرۈپ تەربىيىلىشى ۋە ئۆزىنىڭ جاپاغا چىداپ ئۆزلۈكسىز تىرىشىشى ئارقىسىدا ھەركەت قۇرۇلمىسى بىر قەدەر مۇرەككەپ

بولغان «ئۆزۈمچىلىك ئۇسۇلى»، «قوغۇنچىلىق ئۇسۇلى»، «ئالمىلىقتا»، «شوخ قىز» قاتارلىق ئۇسۇللارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوينىدى. رەھبەرلىكنىڭ ئىشەنچىسىگە ۋە ئوقۇتۇش تەربىيىلىشىگە ئېرىشتى. ئۇستازى ئىبراھىمجاننىڭ يېتەكچىلىكىدە «يادىچى قىز» ئۇسۇلىنى ئۆزىچە قىستۇرما ھەركىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئويناپ، ئۇنىڭ بەدىئى سەۋىيىسىنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ خىزمەت كۆرسەتتى. رېژىسسورنىڭ ھەركەت لايىھەسى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىنى بىرلەشتۈرگەندىلا ئاندىن بىر پۈتۈن ئوبراز يارىتىپ چىققىلى بولىدىغانلىقىنى ئۇ ئۆز ئەمەلىي تەجرىبىسى ئارقىلىق يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدى.

"بىر قانچە خىل ھەركەت بىرىكمىسىدىن تەشكىل تاپقان كىچىك شەكىلدىكى يالغۇز ئۇسسۇل پەقەت ئارتىستنىڭ ئاساسىي ماھارىتىنى جايىدا كۆرسىتەلىشى بىلەنلا مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقالمايدۇ. ئارتىست ئالدى بىلەن ئوينىماقچى بولغان رولنى ئوبدان تەھلىل قىلىشى، ئاندىن ئۇنىڭ سەھنىدىكى ۋەزىيىتىنى، ھەر بىر ھەركىتىنىڭ مەقسىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى لازىم. ئۇسسۇل ئارتىستىمۇ خۇددى درامىدا ئارتىستلىرىدەك سەھنىدە قايسى رولدا چىقسا شۇ رولنى شۇ شەخس دەپ ھېس قىلىشى لازىم. شۇ چاغدىلا ئوينىغان ئۇسسۇلى ھەسسىياتلىق ھەم جانلىق چىقىدۇ". مەريەم ئۆزىنىڭ بۇ تەسىراتىنى ئوينىغان ھەممە رولىرىدا تولۇق ئەكس ئەتتۈرەلىدى. ١٩٩١ - يىلى ٦ - ئاينىڭ ١١ - كۈنىدىكى «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» مەريەمنىڭ بۇ تەرەپتىكى تالانتىغا يۇقىرى باھا بەردى. شياڭگاڭدا چىقىدىغان «ۋېنخۇيباۋ» گېزىتىمۇ ئۇنى "تيانشاننىڭ مەرۋايىتى" دەپ مەدھىيىلىدى.

پارلاق زېھنىتى، ياشلىق باھارىنى كەسپكە بېغىشلاپ، ئۇسسۇل دېڭىزىنىڭ ئورگىشلىرىدە غۇلاچ تاشلاپ ئۈزۈۋاتقان بۇ تالانت ئىگىسى ئۈچۈن گۈزەل ئىستىقبال ئىشىكى كۆرۈنمەكتە. ئۇ ئىلگىرىلەۋەتتى، ئىلگىرىلىگەنسېرى سەنئەتتىن ئىبارەت بىلىم بۇلىقىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ چوڭقۇرلىقىنى، ئۇنىڭدا قېزىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان مول بايلىقنىڭ يېشىلىپ ياتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭدا غەيرەت - شىجائەت ئۇرغۇپ تاشماقتا ئىدى. ئېغىر بوراك كېيىملىرى تومۇر بەلۋاغ بىلەن كىشەنلەپ، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ قەيسەرلىكى بىلەن بىزنى تاڭ قالدۇرغان ئىس ئىزلىرى ھىلىمۇ ئېسىمدە.

«باشسىز خەلق گۈزەللىكى» دەك چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇل خەلق تىياتىردا داغدۇغۇلۇق ئوينىلىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، باش رولدىكى ئارتىست تۇيۇقسىز ئاغرىپ قالدى. ئويۇننىڭ پۈتۈنلەي توختاپ قېلىش ئېھتىمالى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سانائورىيەدە دەم ئېلىپ كېلىۋاتقان مەريەم دەرھال ئۆمەككە قايتىپ كېلىپ، رەھبەرنىڭ ئۇنىڭغا بىر كۈن ئىچىدە باش رولدىكى ئايشەمنى تەييارلاپ ئوينىشى توغرىسىدىكى ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى. ئۈچ سائەتتىن ئاشىدىغان بۇ ئويۇندا ئايشەم نۇرغۇن كۆرۈنۈشلەردە ئايرىم ھەركەت قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۈلگۈرگەنلىرىنى ئاتچە مۇنچە رېپېتىس قىلىۋالدى. ئۈلگۈرمىگەن كۆرۈنۈشلەرنى رېژىسسوردىن ئاڭلىغىنى بويىچە تەسەۋۋۇرىدا رېپېتىس قىلىپ ئەتىسى سەھنىگە چىقتى. يۈزلىگەن كۆزلەر ئۇنىڭغا ئەندىشە ۋە ئۈمىت بىلەن تىكىلگەن ئىدى. كۆرۈنۈشلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇلىنىپ كېلىۋاتاتتى ئىدى. دېرىژورمۇ بۈگۈن ئادەتتىكىدىن بەكرەك جىددىيلىشىپ قالغان ئىدى.

"مەريەم! ئېغىر مەريەم! سەن ھەقىقەتەنمۇ تالانت ئىگىسى، سەنئىتىمىزنىڭ پەخرى" دەپ پىچىرلىشاتتى ئۇنىڭغا قايىل بولغان سەپداشلىرى. بىرەر قېتىممۇ رېپېتىسكە قاتناشمىغان ئارتىستنىڭ سەھنىداشلىرىغا ماسلىشىپ، ھېچبىر تەمتىرىمەي ئوينىشى باشتىن - ئاخىر مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويناپ چىقالىشى ئەلۋەتتە كەم ئۇچرايدىغان ئەھۋال - دە!

ئۇ «گۈلەمخان» ئوپېراسىدا ئۆزىنىڭ تالانتلىق ئۇسسۇلچىلا ئەمەس، شۇنداقلا لاياقەتلىك دراما ئارتىسى ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلغان بولسا، بۇ قېتىم ئۇسسۇل ھەركىتىدىكى ئاساسىنىڭ پۇختىلىقى بىلەن ئۇسسۇل جۇلۇسى ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلىدى.

مەريەم گۈزەل ۋە مول خەلق تۇرمۇشىنى كەسپىي ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشنىڭ تۈگىمەس بۇلىقى دەپ ئويلىغاچقا ھەر قانداق بىر رولنى ئىشلەشتىن ئالدى بىلەن تۇرمۇشقا مۇراجىئەت قىلاتتى. بىر دېھقانچى قىزى ئۇسۇلىدا پادىچى قىزنىڭ سەبىيى، چۈشۈپ قالاي دېگەن بىر قوزىنى قولىغا ئېلىپ، چوڭقۇر مېھرى بىلەن ئۇنى باغرىغا باسقان كۆرۈنۈشلىرىنى كۆرگەن چېغىمىزدا مەريەمنىڭ ئۇستازى ئىبراھىمجان بىلەن بىرگە چارۋىچىلىق رايونىغا بېرىپ، يېڭى تۇغۇلغان قوزىلارنى بېقىش قىلىشتا قانچە كۈنلەپ قويچىلار بىلەن جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىنى يادىمىزغا كەلتۈرۈشىمىز ناتايىن. شۇنداقلا تىزلىنىپ ئىلگىرىلەيدىغان كۆرۈنۈشلىرىنى كۆرگەن چېغىمىزدا رېپېتىس جەريانىدا تىزى زەخىملەنگەن مەريەمنىڭ قانچىلىك ئازاپ چەككەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالىشىمىز ناتايىن. ئۇسۇل ۋەقەلىكىنى ۋە ئارتىستنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان بىردىن بىر ۋاستە ئۇسۇل تىلى. مەريەم نېمە ئۈچۈن قايسى رولنى ئوينىسا شۇنىڭغا توختايدۇ؟ ئۇ ئەينە شۇ ئۇسۇل تىلىدىن ئىبارەت بۇ ئىپادىلەش ۋاستىسىدىن ئوبدان پايدىلىنىدۇ ۋە ھەر بىر ھەرىكەتكە تولۇق ئۆزلەشتۈرىدۇ.

ئۇ تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىدۇ، ئۆز مۇھەببىتىنى قەدىرلەيدۇ. ئەمما بۇ مۇھەببەتلىرىنىڭ ھېچ قايسىسى ئۆز كەسپىگە بولغان مۇھەببىتىنى بېسىپ چۈشەلمىدى. شۇڭا ئۇ يولداشلىرىنىڭ بەختلىك كىچىك ئائىلە قۇرۇۋېلىش توغرىسىدىكى ھەر خىل تەكلىپلىرىگە ئانچە ئېتىبار قىلمىدى. مەريەم گۈللەپ - ياشنىغان ئۇيغۇر ئۇسۇلىنى جاھان سەھنىسىدە جەۋلان قىلدۇرۇشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى.

كۈتۈلمىگەندە بېسىپ كەلگەن جۇت - زىمىستان بورانلىرى ئۇنىڭ بۇ گۈزەل ئارزۇلىرىنى ئالماياقلارغا ئۇچۇرۇپ كەتتى. ئۇ قانچىلىغان "تيانشان مەرۋايىتلىرى" بىلەن بىرگە سەھنىدىن مەڭگۈ ۋىدالاشتۇرۇلغانچى بولدى. گەرچە ئۇنىڭ «ئىشپىيون» لۇق قالپىقى كۆپ ئۆتمەي ئېلىپ تاشلانغان بولسىمۇ، تاكى 1971 - يىلغىچە ئۇ سەھنىگە يېقىن كېلەلمىدى. ئۇنىڭ 6 يىللىق ياشلىق باھارى ئېقىن سۇدەك مەنىسىز ئۆتۈپ كەتتى.

"ئەگەر مەن ئازاپ چەككىنىم دېسەم، ئۇ ئازاپ مېنىڭ 6 يىل سەھنىدىن ئايرىلغىنىم بولدى" دەيدۇ مەريەم.

"مەريەم، سەن نېمە ئاۋارىچىلىق، ئورمەك كېيەل، شۇنچە ئازاپ چەكتىڭ. شۇنداق بولۇپ تۇرۇقلۇق بۇ كەسىپنى يەنىلا مېھرىڭنى ئۈزەلمەيسەن".

"مەريەم، سىز نېمىشقا قارا ئەنجانغىدىرسەن؟ شۇنچە ئىشلاردىن بىرى ياش رولنى ئويناپ كەلگەن ئىلگىرىكى قارىدىكى ئارتىستىسەن. بۈگۈنكى كۈندە بىر نامەۋى رولنى بەرسە، يەنىلا ئۇنىڭدەك قىزغىن ئوينايسەن؟".

بۇ خىل سوئاللارنىڭ ھېچقايسىسى مەريەمنىڭ ئۇسۇل ئۈچۈن سىڭدۈرگەن ئىقتىدار يۈرەك تارىنى بوشاتالمىدى. ئارتىستنىڭ چوڭ - كىچىك بولمىغان رولنىڭ چوڭ - كىچىكى بولىدىغانلىقىنى ئۇ چۈشىنەتتى. ئۇ جۇلالىنىپ تۇرغان گۈزەل گۈللا ئەمەس، سەھنىدە بېغىنىڭ يارىشىملىق بىر تال يوپۇرمىقى بولۇشقىمۇ رازى ئىدى. ئالاي ئەمەلىي پائالىيەتلەر ئۇنىڭ ھەقىقىي سەھنە ئىنسانىغا ئايلانغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

1978 - يىلنىڭ باھارى مەريەمگە كۈتۈلمىگەن خۇشخەۋەر ئېلىپ كەلدى.

ئېچ، جانجان پايتەختتا ئۆتكۈزۈلگەن شەتلىق دېڭىزىغا چۆمۈلگەن تيانشان سۈمرۈغى «دېگەن ئەدەبىي - سەنئەت كېچىلىكى» ئۇسۇلى بىلەن تولۇپلار ئەڭگىچە قانىتىغا ئېرىشكەن بىرىنچى زۆھرەت تاماشىبىنلاردا چوڭقۇر قالدۇرغانىدى.

AltunOq

ئەللەي دېسەم دالىمدىن،
بال تامدۇ تالىمدىن،
مەن كېپىنەك سەن گۈلخان،
ئايرىلمايمەن سېنىڭدىن.
ئەللەي بالام، ئەللەي...

بۇ نېمە دېگەن يېقىملىق ناخشا، نېمە دېگەن نەپىس ئۇسۇل ـ ھە!

ئوركېستىرلاشتۇرۇلغان «ئەللەي ناخشىسى» نىڭ يېقىملىق تېمپىسى ئىچىدە نەقىشلەنگەن تاجىرەڭ دۇخاۋا پەردە ئېچىلىش بىلەن پايتەخت تاماشىبىنلىرىنىڭ دىققىتى چوغدەك قىپقىزىل گىلەم ئوتتۇرىسىدا بوشۇك تەۋرىتىپ ئولتۇرغان گۈزەل ئانىغا مەركەزلەشتى. ئازات زامانىنىڭ بۇ بەختىيار ئانىسى ـ سەنئەتچى مەريەم ناسىر ھەسسىياتىنىڭ سەزگۈرلۈكى، ھەركىتىنىڭ نەپىسلىكى، ئۇسۇل تىلىنىڭ روشەنلىكى بىلەن بارا ـ بارا تويۇن كۆرگۈچىلەرنىڭ قەلبىگە چوڭقۇرلاپ كىرمەكتە ئىدى.

ئانىنىڭ نەسىۋىرىدا بالا يوق بولۇپ، شەرەپلىك ھالدا ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ يىراق چېگرىدا ئاتلاندى. يەنە ئانىنىڭ نەسىۋىرىدا بالىسى ئۇچقۇچى بولۇپ، كۆمۈش قاناتلىق بۈركۈتكە ئولتۇرۇپ ئاسماندا پەرۋاز قىلدى. بالا چوڭ بولۇپ تىراكتورچى بولۇپ مەھسۇلاتىنىڭ گۈل تاقىدى...

ئانا ئۆز پەرزەنتىنىڭ ئەنە شۇ گۈزەل ئىستىقبالىنى ئويلىغان چېغىدا، يۈرىكى ئىچىدە كىرىپ كەتكەن قايغۇسى ئۆتكۈزگەن تۈرتكىسىنى، بالا چوڭ قىلىشنىڭ جاپالىق كۈنلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغانىدى. قەلبى شاتلانغان ئانىنىڭ كۆزلىرىدىن بەخت يېشى قۇيۇلاتتى.

زالنىڭ ئىچى شۇنچىلىك جىمجىت كەتكەن ئىدىكى، گويا تاماشىبىنلار يوشۇرۇنچە نەپەسىنى ئوغرىلاتقان بولۇپ، ئانىنىڭ نەپىس نەپەسىنى بۇزۇۋاتقاندەك، ئانىنىڭ گۈزەل ئارزۇ ـ ئويلىرىنى ئۈزۈۋېتىشتىن ئەندىشە قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

ئەنە ئاۋۇ تويۇن كۆرۈۋاتقان ئانا ئۆز پەرزەنتىنىڭ يېقىن ئارىدا قايتا چېگرىدىن ئۇچۇپ كېلىشى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى. ئوغلىنىڭ ئاتقۇرىغا ئىچىنغان ئاۋۇ ئانىنىڭ خىيالچان كۆزلىرىدە ئەلەم يېشى بىلىنىپ تۇراتتى...

گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى قايتىدىن تويۇن كۆرگۈچىلەرنىڭ خىيال سېلىشىنى ئۈزۈۋەتتى.

مەريەمنىڭ يولداشلىرى ئۇنىڭ «بالا تەربىيىلىگۈچى» ئۇسۇلىنى ھەقىقەتەنمۇ يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئويناپ چىققانلىقىدىن مەمنۇن بولۇپ: «مەريەم، سېنىڭ ئۇسۇلۇڭنى كۆرگەنلەر تېخى سېنى ئون بالىنىڭ ئانىسى بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالىدۇ» دەپ چاقچاق قىلىشتى.

— «بالا تەربىيىلىگۈچى» ئۇسۇلىنى ئويناپ چىقىشنى ماڭا تاپشۇرغاندا، — دەيدۇ مەريەم ئۆز تەسىراتىنى بايان قىلىپ، — دەسلەپتە خېلىلا ھودۇقۇپ ۋە ئەندىشە ئىچىدە قالدىم. چۈنكى مېنىڭ نۇرغۇندىن ئويناپ كېلىۋاتقان ئۇسۇللىرىم كۆپىنچە يېنىك، شوخ ئۇسۇل بولۇپ، ئانىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ماڭا ئاسان چۈشمەيتتى. بۇ ئۇسۇلنى ئاۋالقى ئۇسۇللاردەك مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويناپ چىقىشقا ھەقىقەتەنمۇ كۆزۈم يەتمىگەن ئىدى. قانداق قىلىشىم كېرەك؟ مەن يەنىلا ئالدى بىلەن تۇرمۇشتا ئىزدىنىشنى قارار قىلدىم. بالىلار باغچىلىرىغا بېرىپ تەربىيىچىلەر بىلەن سىرداشتىم، تەجرىبىلىك ئانىلار بىلەن ئەھۋاللاشتىم، ئانىلىق مېھرىنى ئالدى بىلەن ئۆزەمدىن ئىزدىدىم، كۆپ ئويلاندىم، كۆپ مەشىق قىلدىم، بارا ـ بارا ئوبرازغا يېقىنلاشتىم.

ۋاقىت قىستاڭ، ۋەزىپە ئېغىر ئىدى. مەريەم پېشقەدەم ئۇستازى ھەجى راخماننىڭ يېتەكلىشى بىلەن نۇرغۇن قېتىم تەرگە چۆمۈلۈپ، تەكرار ـ تەكرار مەشىق قىلاتتى. بەزىدە ئۇلار تاماققا بېرىشتى.

نىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتى. ئەزەلدىن كەسپتە شاگىرتلىرىغا تەلەپچان بولغان ھاجى راخمان ئۇستازلىرىنىڭ ھەركەتلىرىنى تەكرار ئۆزگەرتىپ ئىشلەپ، مەريەمنىڭ ئىجادىي ئۆزلەشتۈرۈشىنى تەكشۈرەتتى. ھەر قېتىم قوشۇلغان يېڭى ھەركەتلەرنى مەريەم زېرەكلىك بىلەن قايتا - قايتا پىششىقلايتتى. شۇڭا بەزىدە ھەركەتلەرنى ئۇ رېژىسسورنىڭ كۆرسىتىپ بەرگىنىدىنمۇ گۈزەل ۋە ھەسسىياتلىق ئوينىغاچقا ھاجى راخمان ئۇنىڭدىن ئىنتايىن رازى بولدى.

ئاخىرى «بۇلا تەربىيىلىگۈچى» بۇ ئۇسۇل مەملىكەتلىك ئۇسۇل مۇسابىقىسىدە بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزغا شۆھرەت ئېلىپ كەلدى.

1979 - يىلى ئېچىلغان مەملىكەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيى مەريەم ئۈچۈن چەكسىز ئىلھام ۋە كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلىدى. ئۇ يىغىن جەريانىدا پىششىقدەم سەنئەتكارلار بىلەن تەجرىبە ئالماشتۇرۇپ، ئۆز كەسپىنى يېتىشتۈرۈشتە يەنىمۇ ئاساس ھازىرلىدى.

يېقىندىن - بېرى جەڭگىۋار ۋەزىپىلەر مەريەمنى كۈتمەكتە ئىدى. ۋەتەن ئۈچۈن شان-شەرەپ كەلتۈرۈشنىڭ ھالقىلىق پەيتلىرى ئۇنى ساقلىماقتا ئىدى. 6 - 7 يىل قاناتلىرى قىرقىلىپ، ئۇرۇمچى سەھنىلىرىدە ئويۇن قويۇش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان بۇ سۇمرۇغ ئەمدىلىكتە ئەرەب، ئافرىقا ئەللىرىدە ئۆزىنىڭ ماھارىتىنى كۆرسىتىپ مەدھىيىگە سازاۋەر بولدى. ئۇنىڭ ئۇسۇلىنى كۆرگەن چەتئەللىك دوستلار: "سىزدەك تالانتلىق ئۇسۇلچىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن جۇڭگوغا بارىكاللا" دېيىشتى.

بۇ ئىشنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە 2 يېرىم يىل بولغان بولسىمۇ، ئۆمەكتىكى يولداشلار ھازىرغىچە ئېسىدىن چىقارغىنى يوق:

كۆچىلىك چىراق نۇرىدا جۇشقۇن روھلۇق بىر جۈپ ئىگىز ئوغۇل - قىز دۇمباقنىڭ رېتىمغا ماسلىشىپ شۇنداق چەبدەس ئۇسۇل ئوينايتتىكى، نىگېرىيە سەھنىسىگە تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغان بۇ يېڭى ئارتىسلارغا جىمى ئادەم دىققەت نەزىرىنى تىكىپ ئولتۇراتتى.

بۇ قارا تەنلىك قىز - يىگىت كىمدۇر؟

جۇڭگو خەلقىنىڭ نىگېرىيە خەلقىگە بولغان چوڭقۇر دوستلۇق مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن شۇ كۈنى كەچتە ئۆتكۈزۈلىدىغان بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىگە مەريەم ئاسىر بىلەن ھاجى راخمان ئىككى كىشىلىك نىگېرىيە ئۇسۇل نومۇرى قىلماقچى بولدى - دە، دەرھال ھەركەتلەندى.

— ھاجى ئاكا، ئاران بىر سائەتتەك رېپېتىتسىيە قىلدۇق، ۋاقىت بەكمۇ ئاز بولۇپ قالدى، سەل ھودۇقۇۋاتىمەن.

— مەريەم، قورقما، ئارتىست ئۈچۈن ھېچقاچان بىر نومۇرنى بىر نەچچە كۈن مەشق قىلىدىغان پۇرسەت كېلىۋەرمەيدۇ. ئاساسىڭنىڭ پۇختا ياكى ئاجىزلىقى مانا مۇشۇنداق مەيداندا سىنىلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىرلا سائەت رېپېتىتسىيە قىلىپ نىگېرىيە ئۇسۇلى بىلەن سەھنىگە چىقتى. ئويۇن ئۇلارنىڭ پەرەز قىلغىنىدىنمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوينىلىپ چوڭ تەسىر قوزغىدى. ئويۇن كۆرگۈچىلەر گۈلدۈراس ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ئۇزۇنغىچە چاۋاك چېلىپ ئالقىشلىدى. جۇڭگونىڭ نىگېرىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ خادىملىرى بۇ ئويۇن ئارتىسلىرىدىن تولىمۇ مەمنۇندار بولغانلىقىنى بىلدۈردى.

مانا ئۇسۇلنىڭ گۈزەل ئارزۇسى ئاخىرى ئەمەلگە ئاشتى. مەريەم بىر ئاي ئىچىدە رېژىسسور ئىبراھىمجاننىڭ يېتەكچىلىكىدە «قەشقەر سەنەمى»، «ئاتۇش ئۇسۇلى»، «قوڭغۇراق ئۇسۇلى» قاتارلىق توققۇز مىللىي ئۇسۇل نومۇرىنى پىششىقلاپ ئىشلەپ ئامېرىكىغا ۋە كاناداغا سەپەرگە كەتتى. ئۇ كامالەتكە يەتكەن ئۇيغۇر مىللىي ئۇسۇللىرىنى چەت مەملىكەت سەھنىلىرىدە جەۋلان قىلدۇرماقتا.

مەھەممەت رېھىم تەھرىرلىگەن.

# مۇقامنى بېرىپ راۋاقا، نامى قالدى جاھانغا

(خاتىرە)

ئابدۇقادىر ئابدۇللا

يېقىندا ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن مۇزىكىلىق رادىيو دىراممىسى «تاشۋاي» ھەققىدە مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن يولداش داۋۇتنىڭ ئۆيىگە كىرگىنىمدە، ئۇ ئوغلى پەرھادقا راۋاپ چېلىشنى مەشىق قىلدۇرۇۋاتقان ئىكەن. ئۇنىڭ چىرايىدىن قانائەتسىز بىر خىل خاپىلىق چىقىپ تۇراتتى. مەن ئۇنى ئايىمىزلىق ھېس قىلدىم. ئاخىرىچە ئۇ ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ سۆزلەپ كەتتى:

— قارىمامسەن بۇ پەرھادنى! "مۇڭلۇق «شادىيانە» نى مەشىق قىل. زەخمەك ئۇرۇشۇڭ ئاستا، ئۇدارلىرىڭ ئېنىق ئەمەس" — دەپ تاپشۇرسام، 2 — 3 قېتىم مەشىق قىلىپلا "قولۇم ئېششىپ كەتتى" دەپ راۋاپنى تاشلاپ قويدۇ. "تېخى قولۇڭ سۇنۇپمۇ كەتمىدۇ، ئازراق ئېششىپ قالسا نېمە بوپتۇ. راۋاپنى قولۇڭغا ئال" دېسەم، "بولدى، راۋاپ چالغىچە كەتمەن چاپىمەن" دەپ دوھىيىپ ۋاتامدۇ!

— تېخى ياش ئەمەسمۇ، ئاستا - ئاستا ئۆگىنىپ قالار، — دېدىم مەن داۋۇتقا تەسەللى بېرىپ.

— "جاندىن كەچمىگىچە، جانانغا يەتمەس" دېگەن گەپ بار. مۇزىكا ئۆگىنىدىغان ئادەم پۈتۈن ئىشقىنى مۇزىكىغا بەرمەي تۇرۇپ، ھېچقاچان يارامىلىق مۇزىكا ئەھلى بولالمايدۇ. ھازىرچە مەھنەت ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن ئاز - تولا چىقىۋاتقان بىلەن جاپاغا چىداپ ئۆگەنمىسە، قانداقمۇ خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. مەرھۇم دادامنىڭ ماڭا قانداق تەلەپ قويغانلىقى ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ. دەرۋەقە، ئۇ جاھالەتلىك ئوتمۇش زامانىدا بىزنىڭ كۈن ئۆتكۈزۈشتىكى بىردىن - بىر يۆلەنچۈكىمىز راۋاپ بولغاچقا، ھاياتلىق يولى مېنى ئەشۇنداق جاپالىق ئۆگىنىشكە مەجبۇر قىلغان! داۋۇت تاماكىسىنى ئاچچىق بىر شورىۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — مۇھىمى، دادامنىڭ جان رىشتىسى راۋاپقا باغلانغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەرھۇم دادام مېنى 5 ياش ۋاقتىمدىن باشلاپلا ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈپ، بالىلىق قەلبىمنى ئۆزىنىڭ مۇڭلۇق راۋابى بىلەن چولغاپ ئالغان ئىدى. ئەمدىلا 8 ياشقا توشقان چېغىمدا، ئۆزى ياساپ بەرگەن ئەددى راۋاپنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ سەھەر ۋە ئاخشاملىرى ئېرىنمەستىن ماڭا راۋاپ چېلىشنى مەشىق قىلدۇرغان ئىدى.

بىر كۈنى سەھەردە دادام ماڭا «سايرىق» پەدىسىنى چېلىۋېتىپ دىققەت بىلەن ئاڭلىدى، ئۆزەمچە، خىيالى باشقا، چالغىنىدەك قىلغان ئىدىم، لېكىن دادام ئورنىدىن تۇرغىنىچە قولۇمدىكى راۋاپنى ئېلىپ ھويلىمىزدىكى ئۈزۈمنىڭ شېخىغا ئېسىپ قويدى ــ دە، ئوڭ قولۇمنى بىلىكىمدىن تۇتۇپ قاتتىق قايرىشقا باشلىدى، قولۇمنىڭ ئاغرىغىنىدىن يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدىم.

— قولۇڭنى يەنە بىر ئاز نەگى، بېشىڭدا ئۈچ يۈرەك ھاسىل بولسۇن، ھە ... ئەندى مۇشۇ ھالەتنى بۇزماي «قاشتاي» تۈگىگىچە ماڭا ئەگىشىپ زەخمەك ئۇر، — دېدى ــ دە، راۋاپنى ئېلىپ چېلىشقا باشلىدى، مەن دادامغا ئەگىشىپ، زەخمەك ئۇرۇشقا باشلىدىم.

— زەخمەك ئۇرۇشۇڭ ئاستا، ئېرەڭ، ھە، بىر ــ بىر !— دادام «قاشتاي» نى بىلىۋالغۇسىچە تەۋجىدە كۆتۈرەتتى.

— ھېلىچە قىززىن يەنە بۇ ... دەيتتىم غودۇكشۇپ قولۇمنىڭ ئاغرىشىغا چىدىيالماي.

— راۋاپنى نېمىشكە ئۈزمە ياغىچىدىن ياسايدۇ، بىلەمسەن؟ — دېدى دادام سوئال نەزىرى بىلەن، مەن بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنمەي دادامنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇردۇم.

— ئۇنى بىلىشىڭ كېرەك ئوغلۇم، ئۈزمە ياغىچى قاتتىق ھەم چىدامىلىق. ئۈزمە ياغىچىدىن ياسالغان راۋاپنى ھالىدىن ئەركەك ئۈزىكىدىنمۇ چىدامىلىق بولمىسا، راۋاپنىڭ كىشىنىڭ دىلىغا ياقىدىغان مۇڭلۇق سادا چىقىرالمايدۇ، بالام، — دېدى دادام، — مەندىن ساڭا قالىدىغان بايلىق مۇشۇ بىرلا راۋاپ، سەن خەلقىمىزنىڭ مۇڭ ــ زارىنى مۇشۇ راۋاپنىڭ تارلىرىدا ئىپادىلەپ بېرەلىسەڭ، جاھان ھەر قانچە تار بولغان دەۋرلەردىمۇ خەلق سېنى قوينىدا ئاسرايدۇ. بىزنىڭ ئەۋلادتىن ــ ئەۋلادقا قالدۇرىدىغان مىراسىمىز مانا مۇشۇ راۋاپ بولىدۇ.

ئادەتتە كۆپ سۆزلەشنى خالىمايدىغان ئاقكۆڭۈل بىگىتنىڭ بۇ ئەزمىلىك سۆزلىرى ماڭا يامانمۇ تەسىر قىلدى. داۋۇتنىڭ كۆڭلى بۇزۇلغان ئىدى. ئۇ سەل تىترىگەن ئاۋازى بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— دادام ھەمىشە ماڭا: "ئوغلۇم، زەخمەكنى راۋاپقا ئەمەس، يۈرەك تارلىرىغا ئۇرۇشنى ئۆگەن" دەيتتى ...

مەن داۋۇت بىلەن خوشلىشىپ قايتىپ چىققان بولساممۇ، خىيال يىپلىرىم ئىختىيارسىز ئۇنىڭ ئوسۇپ يېتىلىش جەريانى بىلەن باغلانغان ئىدى.

× × ×

دەسلەپكى باھار ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى ئىدى. "قەشقەرنىڭ قىشى ئاز، سوغىقى ئەتىياز" دېگەندەك، شۇ كۈنلەردىكى ئارىلاش غۇرۇق سوغۇق كىشىنى نەشتەردەك چېقىپ ئۆتەتتى. مەكتەپتىن ئۆيگە كېلىۋېتىپ، ھېيتگاھنىڭ يېنىدا ئولىشىپ تۇرغان بىر توپ كىشىلەرنى كۆرۈپ، مەنمۇ ئۇ يەرگە بېرىپ قالدىم. بويىنۇمنى ھەر قانچە سوزساممۇ، ئوتتۇرىدا نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرەلمىدىم. پەقەت، راۋاپنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازىغا تەڭكەش بولۇۋاتقان بىر كىچىك بالىنىڭ ناخشا ساداسى قۇلىقىمغا كىرىپ تۇراتتى. ئۇ بالىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈش ئارزۇسىدا قىستىلىپ كىرىپ، توپنىڭ ئالدىغا ئۆتتۈم. 50 ياشلاردىن ھالقىغان سەقاللىق بىر كىشى ئۇستىلىق بىلەن راۋاپ چېلىۋاتاتتى. يېنىدا قارا قاشلىق، چىرايلىق بىر بالا ئەپچىل ياسالغان راۋاپنى سايرىتىپ، ھەلقى چوڭ كىشىگە

تەڭكەش قىلىۋاتاتتى. بۇ بالىنىڭ راۋاپ چېلىشتىكى چاققانلىقى، يۈرەكنى ئېرىتىدىغان زىل ئا-ۋازى مېنى ھەممىدىن بەكرەك ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. مەن پۈتۈن دىققىتىم بىلەن بالىنىڭ چالغان راۋابىغا بېرىلىپ كەتكەچكە، يېنىمدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆرە - تۆپە بولۇپ كېتىشكەنلىكىنىمۇ سەزمەپتىمەن. مەيدان بىردىنلا قىيا - چىياغا تولدى. قاتىراپ كەتكەن بۆرىدەك بىر توپ ئەس-كەرلەر مېلىقلىرىنى دەۋەيلەپ كىرىۋاتاتتى. مەن ھېلىقى راۋابچى بالىدىن كۆزۈمنى ئۈزەلمەي تۇرۇپ قاپتىمەن. بىر چاغدا ئۇ بالا راۋابىنى مەھكەم قۇچاقلىغىنىچە قېچىشقا تەمشەلگەن ئىدى، بىر چېرىك "كاپ" قىلىپ ئۇنىڭ گەجگىسىدىن تۇتۇۋېلىپ، تاسما قامچا بىلەن پالاق - چالاق بىرنى سالدى. بالا ئاغرىققا پەرۋا قىلماي راۋابىنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇراتتى. ھېلىقى چېرىك ئۇنىڭ راۋابىغا ھۇجۇم قىلدى.

— غوجام، بىزگە رەھىم قىلسىلا، — دەدى بوۋاي يالۋۇرۇپ.

— ھە، پۇخرايى نوپلاپ نېمە دەپ تەشۋىق قىلىۋاتىسەن؟ سېنىڭ ھېلىقى ھوكۇمەتكە قارى-شى چىققان "سېمىت نوچى"نى ماختاپ راۋاپ چېلىۋاتامسەن؟ — چېرىك خىرقىراپ ھەدەپ قامچىغا باشلىدى.

— يوقۇ غوجام، راۋاپ چېلىپ، ئاز - تولا روزىغار تېپىشتىن باشقا ئىشنى بىلمەيمەن.

— ئىككىڭلارچى قېنىم يەنە تەھەرگە كىرىپ، مەيدان تۈزگۈچى بولما. ئاۋادا يەنە كۆزۈمگە چېلىقىپ قالساڭ، ئۇ چاغدا بىزدىن رەھىم - شەپقەت كۈتمە، — دەپ ۋاقىرىدى چېرىك ۋە ئاتا - بالىنى قاخشىتىپ ئەسكى خۇرجۇننى ئېلىپ كەتتى.

— داۋۇت ئاخۇن بالام، يۈرگىن، ئۆزىمىزنىڭ خىلۋەت ماكانىمىزغا كېتەيلى، — دېدى ئاۋۇت ئاكا ئۇلۇق - كىچىك تىنىپ.

مەن شۇ چاغدىلا كۆزۈمگە ئاجايىپ ئىللىق كۆرۈنگەن بۇ غېرىبانە دوستۇمنىڭ ئىسمى دا-ۋۇت ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئاتا - بالا راۋاپچىلار ھېچكىم بىلەن خوشلاشماي تۇستىن جوبى تەرەپ-كە يۈرۈپ كەتتى. بىر توپ كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى، مەنمۇ بالا راۋاپچىغا ھەۋ-ۋەس قىلغىنىمچە مەكتەپكە بېرىشنىمۇ ئۇنتۇپ، ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭدىم ...

× × ×

ئارىدىن بىرمۇنچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، تۈمەن دەرياسى بويىدا ئازاتلىق ئوتى چېچىلدى. دەھشەتلىك زۇلۇم دەستىدىن قەددى پۈكۈلگەن قەشقەر خەلقىمۇ قەددىنى كۆتەردى، قەشقەر بىزنى-لەردە قوزغىلاڭ - ئاتقۇلۇق ئەۋج ئېلىپ كېتىپتىش، زومىگەرلەرگە قارشى ئۇرۇش دولقۇنى داغدۇغىلىق قانات يېيىپ كەتكەن ئىدى.

بىر كۈنى تۇيۇقسىزلا ناھىيىلىك سەنئەت تەشۋىقات دۈينىڭ ئوبالىغا كېلىپ ئويۇن قويىدىغان-لىقىدىن خەۋەر تاپتىم - دە، ھەممىدىن بۇرۇن يېتىپ ئېتىزلىقتا قۇرغان سەھنىنىڭ ئالدىدىن ئورۇن ئالدىم.

ئاق يەكتەك كىيىپ، گىژگىژەك بەلۋاغ باغلىغان بىر كىشى بىلەن بېشىغا يېڭى بادام دوپپا كىيگەن، كالتە كۆينەك ئۈستىگە قىزىل چەكمەندىن ئۆزىگە لايىق تون كىيگەن 12 — 13 ياشلار-دىكى بىر بالا راۋاپ كۆتۈرۈپ سەھنىگە چىقىشى بىلەن مەيداندىكى مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ چاۋاك-

AltunOq

لىرى ئۆزۈنچە توختىمىدى. "بۇ ئاتا ـ بالا ماڭا ئەجەپ تونۇشقۇ..." دېدىم ـ دە، ئېسىمنى يىغىپ ئويلاشقا باشلىدىم. مۇندىن 2 يىل بۇرۇنقى مېيتكار ئالدىدا يۈز بەرگەن ھېلىقى ئاچچىق خاتىرە دەرھال يادىمغا كەلدى. "ھەي، دەل ئۆزى شۇ، داۋۇت راۋاپ ـ بالا راۋابچى!" خۇشاللىقىم ئىچىمگە سىغماي كەتتى. سەكرەپلا سەھنىگە چىقىپ ئۇنىڭ چۈمەر قوللىرىنى كۆزۈمگە سۈرتكۈم كەلدى. "پاھ، ئۇنىڭ راۋابى بۇلبۇلدەك سايرايدىغان بوپ كېتىپتۇغۇ!..." بارغانسېرى ھاياجانلىنىشقا باشلىدىم.

ئوينىسانى دېخانلار،
يوقسۇللۇقنى قارىغانلار،
بىرنى ئەمدى ئېزەلمەس
تويدە توقىدا ياتقانلار.

ئاۋۇت ئاكىنىڭ ئاۋازىغا تەڭكەش بولۇپ، داۋۇت راۋاپنىڭ يېقىملىق، زىلۋا ئاۋازى ياڭرىدى:

يەر بىزنىڭ، ھەممە يەر بىزنىڭ،
دۆلەت بىزنىڭ، ھۆكۈمەت بىزنىڭ.

ناخشا بارغانسېرى ئۇلغىيىپ، ئاخىرى ئومۇمىي خورغا ئايلاندى. راۋاپ قوشىقى ئاخىرلاشقاندا، تەرەپ ـ تەرەپتىن ئالقىش سادالىرى ياڭراپ كەتتى. بولۇپمۇ سەھنىدە ئۆزى يالغۇز راۋاپنى ۋىشىدىيانەم يەددىسىگە بۇلبۇلدەك سايرىتالىغان بالا راۋابچىغا دېخانلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئاپىرىن ئوقۇماقتا ئىدى.

— ياشاپ كەت، ئوغلۇم!

— بارىكاللا، قولۇڭغا دەرت كەلمىسۇن!

دېخانلار ئۇلارنىڭ يەنە بىردەم راۋاپ چېلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار يەنە باشقا رايونلاردا ئويۇن قويۇش ۋەزىپىسى بارلىقىنى ئېيتىپ، دېخانلار بىلەن خوشلاشتى. مەن ھازىرقى كۆزۈمدىن غايىب بولغىچە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇردۇم ...

1953 ـ يىلى 7 ـ ئايدا قەشقەردە خەلق سەنئەتچىلىرىنىڭ كۆرىكى ئۆتكۈزۈلدى. ھەيئەتلىك بېزەلگەن مېيتكار خەلق كالۇبىنىڭ سەھنىسىدە ئاتا ـ بالا راۋابچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئاجايىپ تالانتى بىلەن بىزلىگەن تاماشىبىنلارنى ئويغا قارىتىۋالدى. جاراڭلىق خەلقنىڭ يۈرەك شاتلىقىنى ناپايان قىلغان راۋاپ قوشىقى جاراڭلىماقتا ئىدى ...

مەن ئۆزەمنى تۇتىۋالالماي، دوقۇر ئاخىرلىشىش بىلەنلا سەھنە ئارقىسىغا ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ تونۇشۇپ ئالدىم. كېيىنكى ئاخىرلاشقاندا داۋۇت ئاكام تونۇغلى داۋۇتنى ئۆز قولى بىلەن كونا شەھەر ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە تەقدىم قىلدى ...

"شۇنىدىن باشلاپ مېنىڭ ھاياتىمدا يەنە بىر بۇرۇلۇش بولدى" — دەيدۇ يولداش داۋۇت ئەشۇ يىللارنى ئېسىگە ئېلىپ، — مەن بۇرۇن كوچا ـ كويلاردا كۈن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن داداڭغا





## چېگرا مەنزىرىلىرى

( فوتو سۈرەتلەر )

1. شامال يېزىسىنىڭ خوجايىنلىرى
جاڭ جۈگېن، ماڭ جىڭخۇا فوتوسى

2. كوچىدا
گۈجۈنشىڭ فوتوسى

3. شىمالى ئۇردا خارابىسى
ۋۇ جىنجاڭ فوتوسى

4. بايراملىقتىكى ھېيتگاھ
خەن لياڭ فوتوسى








## سەنئەت
## ئۇلزاردىن
## نورۇنۇشلەر



ئاۋار مەركۈچى ئارتىست ھاۋاخان سەيت

شى رۇيجۇن فوتوسى



ھەمىيەنىڭ ئۇسۇلى

جۇۋلىن فوتوسى



ئادىلە نورۇزئاخمان چىنە ئۇسۇلى

ياڭقۇن فوتوسى

ئەگىشىپ سەرگەردانلىقتا راۋاپ چالغان بولسام، ئەمدى تەشكىلنىڭ قوينىغا كىرىپ، "خەلق سەنئەتچىسى" دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەنلىكىم بىلەن پەخىرلىنىمەن. شۇ قېتىمقى كورەكتە پارتىيە، ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن قەشقەر مەدەنىيەت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە يېتەكچىسى مەرھۇم قاسىمجان قەمبىرى بىزگە ماددىي مۇكاپات تەقدىم قىلغاندا، دادام بىلەن ئىككىمىز ھاياجانلانغىنىمىزدىن بىر كېچە ئۇخلىيالمىدۇق. پارتىيىگە بولغان مىننەتدارلىقىمىزنى تىل بىلەن بايان قىلىشقا ئاجىزلىق قىلدۇق.

— بالام، — دېيتتى دادام بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ، — سەن ئەمدى پارتىيىنىڭ بالىسى، راۋابنى تېخىمۇ ئوبدان ئۆگىنىپ. تەشكىلنىڭ كۆتكەن ئۈمىدىنى يەردە قويمىساڭلا مەن سەندىن رازى. بىر پارچە نان ئۈچۈن يۇرتمۇ - يۇرت سەرگەردان بولۇپ ئۆتكەن كۈنلىرىمىزنى ئۇنۇتما...

× × ×

1956 - يىلى باھار ئايلىرىدا، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە بىرىنچى قېتىملىق خەلق سەنئەتچىلىرىنىڭ كۆرىكى ئۆتكۈزۈلدى. قەشقەردىن تاللانغان سەنئەتچىلەر ئىچىدە ھەممىمىزدىن كىچىكى داۋۇت بولۇپ، ئاۋۇت ئاكا ئۇنى ئۈرۈمچىگە ئۇزىتىش ئۈچۈن كەلگەندە، ھاياجان ئىچىدە كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالدى. تۇمەن دەرياسى بىلەن زەرەپشان دەرياسىنىڭ بويىغا بېرىپ ساقىلىسىغان ئوغلىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە مەشىنىغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىدەك مەركىزى شەھەرگە يول ئالغانلىقىدىن ئاۋۇت ئاكا قانداقمۇ ھاياجانلانمىسۇن؟! كۆزلىرىدىن قانداقمۇ بەخت ياشلىرىنى ئاققۇزماي تۇرالىسۇن؟!

بۇ قېتىمقى چوڭ كورەكتە داۋۇت ئاۋۇت يالغۇز راۋاپ بىلەن «قەدىمىمىزنى كېتەرمىدۇق»، «قادىر مەۋلان» پەدىلىرىنى ئاجايىپ ماھارەت بىلەن ئورۇنلاپ تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى.

كۆرەك ئاخىرلاشتى. داۋۇت كورەك تەسىراتلىرىنى ۋە ئالغان مۇكاپاتلىرىنى دادىسىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئالدىرايتتى. كۈتۈلمىگەندە ئۇنى رەھبەرلىك چاقىرىپ:

— سىز قەشقەرگە قايتماي، مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان تۇنجى قېتىملىق ئاز سانلىق مىللەتلەر سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭگە بارىسىز، — دەپ ئۇقتۇردى.

"بېيجىڭغا! بېيجىڭ! بۇ مەن ئۈچۈن چۈش ئەمەسمۇ؟" — پىچىرلايتتى داۋۇت ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمىگەن ھالدا.

يوقسۇزلۇق دەردىدىن مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن داۋۇت بېيجىڭغا باردى، ماۋجۇشىنى كۆردى. ئېھ! بۇ خۇشخەۋەرنى ئاڭلاپ چەكسىز ھاياجانلانغان داۋۇتنىڭ كۆزلىرىدىن بۇلاقتەك ئىسسىق ياش ئېقىشقا باشلىدى.

مانا ئۇنىڭ راۋابى بېيجىڭ سەھنىسىدە جاراڭلىدى. 20 ياشقا توشمىغان بۇ ئۇيغۇر بالىسىنىڭ راۋاپ چېلىشتىكى ماھارىتى ۋەتىنىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن مىڭلىغان سەنئەتچىلەرنى ھەيران قالدۇردى.

كورەك ئاخىرلاشقاندا، مەسئۇل يولداشلار داۋۇتنى زىيارەت قىلدى ۋە ئۇنىڭ 1957 - يىلى 9 - ئايدا موسكۋادا ئۆتكۈزۈلىدىغان دۇنيا ياشلار فېستىۋالىغا تاللانغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

بالىلىق ھاياتىنى تىلەمچىلىك بىلەن ئۆتكۈزگەن ئۇيغۇر يىگىتى دۇنيا سەھنىسىدە توققۇزاقنىڭ ئۇزۇن ياغىچىدىن ياسالغان راۋابى بىلەن ئۆزىنىڭ ماھارىتىنى نامايەن قىلىپ جۇڭگو ئېلىگە شان - شەرەپ كەلتۈردى. ۋەتەن بۇ ئاقكۆڭۈل، تالانتلىق ئوغلانى بىلەن پەخىرلىنىدۇ.

شۇ يىلى داۋۇت شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئانسامبىلىغا ئورۇنلاشتى. ئۇ ئەندى سەنئەتنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى چۈشەندى، ئۇز راۋابىغا مۇھەببىتى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۇز كەسپىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن ساۋات چىقىرىشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەنگەن داۋۇت ئۆزلىكىدىن تىرىشىپ ساۋادى-

نى چالاردى. كۆپ ئۆزگىچىلا مۇزىكا ئۇستىسى ئىمالال تونۇيدىغان بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇزىكى-دىكى ماھىرلىقىنى يالغۇز راۋاپ بىلەنلا چەكلەپ قويماي، دۇتار، ساتار، تەمبۇر، داپ، ناغرا قا-تارلىق مۇزىكا ئەسۋابلىرىنىڭ ھەممىسىدە چالالايدىغان بولدى ۋە "سىزگە ماھىر، كۆپكە تەقدىرلەن-لىق مۇزىكانت" دېگەن باھاغا ئىگە بولدى.

خەلقنى سۆيگەن سەنئەتكارنى خەلقمۇ سۆيىدۇ. يولداش داۋۇتنىڭ كەمتەر، ئاددىي ـ ساددە ئىستىلى ئۇنىڭ راۋابىنى خەلق بىلەن بىردەكلاشتۇرغان ئاساسىي سەۋەپلەرنىڭ بىرى. ئۇ ھەممىلا يېزا ـ قىشلاق، زاۋۇت، كەنتلەرگە ئويۇن قويۇشقا بارغاندا، ئاممىنىڭ "داۋۇت راۋابىنىڭ راۋاپ چېلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىمىز" دېگەن خەت ـ چەكلىرى سەھنىگە ئارقا ـ ئارقىدىن چىقىشىپ تۇراتتى. داۋۇت ھېرىپ ـ چارچىغىنىغا قارىماي، كىشىلەرنىڭ بۇ تەلىۋىنى چىن دىلىدىن ئورۇن-لايتتى ۋە ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولاتتى.

1978 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئۆمىكىمىز ئاقسۇ، ئاتۇشقا سەپەرگە ئويۇن قويۇشقا بارغاندا، ۋە باشلىق بىر بوۋاي داۋۇتنىڭ قولىنى تۇتۇپ، "سىزنى ئەزىزلىگەن پارتىيىگە رەھمەت. مانا ئۇ-شاش ئۆزىڭىز ئۇمۇر كۆرگەنلەرمەن بالام، مەنمۇ سىزنىڭ سىزنىڭكىدەك بىر جۈپ قولىڭىز قىرىمىسۇن" دەپ خەلق-نىڭ داۋۇتقا بولغان چوڭقۇر مېھرىنى ئىپادىلىگەن. ئاممىنىڭ ھەر بىر ماختىشى يولداش داۋۇت-قا چەكسىز ئىلھام ۋە مەدەت بولۇپ، ئۇنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ كەسپىي ئا-لاھىدىن ھەرگىز ماختانمايتتى.

1966 ـ يىلى رەئىس ليۇشاۋچى، جۇئېنلەي زۇڭلى، چېن يى فۇزۇڭلى قاتارلىق رەھبەرلى-رىمىز شىنجاڭغا ھال سوراپ كەلگەندە، يەنئەن مېھمانخانىسىدا ئۇلارنى قارشى ئېلىش بەزمىسىدە كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى. داۋۇت بىر نەچچە خەلق ئاھاڭلىرىنى يالغۇز راۋاپ چې-لىپ، رەھبەرلىرىمىزنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئويۇن ئاخىرلاشقاندا، رەئىس ليۇشاۋچى بىلەن جۇئېنلەي زۇڭلى داۋۇتنىڭ قولىنى مەھكەم قىسىپ تۇرۇپ، "ئەكبەر، ياخشى" دەپ باش بار-مىقىنى كۆرسەتتى. يولداش ليۇشاۋچى داۋۇتتىن: ـــ سەن ھازىر راۋاپ چېلىشتا داداڭدىن ئېشىپ كەتتىڭمۇ؟ ـــ دەپ سورىدى.

ـــ ياق، مەن تېخى دادامغا يېتەلمەيمەن، ـــ دەپ جاۋاپ بەردى داۋۇت.

ـــ تېخىمۇ تىرىشىپ چوقۇم داداڭدىن ئېشىپ كەت، ـــ دېدى ليۇشاۋچى ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىپ.

يولداش داۋۇت ئېلىمىزنىڭ سەنئەت گۈلزارىدا يۈكسەك شۆھرەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى چەت ئەللەردىكى دوستلار ئارىسىدىمۇ ئۈلكەن ھۆرمەت، ئالقىشقا ئىگە.

1961 ـ يىلى 2 ـ ئايدا دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ھال سوراش سەنئەت ئۆمىكىنىڭ تەركىبىدە داۋۇت ھىندونېزىيە، بىرما قاتارلىق جەنۇبىي ئاسىيا مەملىكەتلىرىدە زىيارەتتە بولدى. ھىندونېزىيىدە ئويۇن كۆرسەتكەندە، سابىق زۇڭتۇڭ سۇكارنو داۋۇتنىڭ ماھارىتىنى ئالا-ھىدە يۇقىرى باھالىدى ۋە ئۇنىڭدىن "سىز قايسى سەنئەت ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن" دەپ سورىغان ئىدى.

سىنگاپۇرلۇق چىڭۋاڭ شىنجاڭدا زىيارەتتە بولغاندا، داۋۇت سىنگاپۇرلۇق چىڭۋاڭ ئىشلىگەن ھەجۋىي-گۈلى سېغىنىمەن» دېگەن مۇزىكىنى يالغۇز راۋاپ بىلەن ئورۇنلىغان ئىدى. سىنگاپۇرلۇق چىڭۋاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ، جاۋاپ چېلىپ "رەھمەت سىزگە" دېگەن سۆزنى بىر قانچە قېتىم تەكرارلاپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

1975 ـ يىلى 12 ـ ئايدا غەربىي گېرمانىيە زۇڭلىسى شمىت ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئويۇن كۆرگەندە، داۋۇتنىڭ رەخمەك ئورۇنلىشى ماھارىتىگە ھەيران بولۇپ، "ئۇنىڭ قولىغا توك بېكىتىلگەنمۇ؟" دەپ سورىغان ئىدى.

1980 - يىلى ئوتتۇرا غەربىي ئافرىقىدىكى نىگېرىيە، گانا، كونگو، يۇقىرى ۋولتا قاتارلىق مەملىكەتلەرگە تۇيۇن قويغىلى بارغاندا، شۇ ئەللەردىكى خەلقلەر داۋۇتنىڭ چالغان راۋابىغا ھەيران بولۇپ "بۇلبۇلنىڭ ئاۋازىمۇ بۇنداق ئاۋازغا يەتمەيدۇ" دېيىشكەن ئىدى.

داۋۇت 1981 - يىلى 8 - ئايدا ياپونىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقارا مېيىپلەر يىلى مۇزىكا كېچىلىكىگە قاتنىشىپ، ۋىئولونچىلدا، ھەمدە راۋابتا قاتارلىق مۇزىكىلارنى ئورۇنلاپ، قەدىمكى بېيەك يۈرتىنىڭ يۈكسەك سەنئىتىنى جاھانغا نامايەن قىلدى.

بىر گۈل ئېچىلغان بىلەنلا باھار بولمايدۇ. ئۇ بىر قانچە يىللاردىن بۇيان ھەر قايسى سەنئەت ئۆمەكلىرى ئۈچۈن كۆپلىگەن يارامىلىق راۋاپ ماھىرلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەردى. ساۋۇت، ئايلىز راۋاپ، قۇربان، ھەزجى، ئابۇۋالى، توغلى بەرھات ... لار داۋۇتنىڭ بىۋاستە تەربىيىلىشى بىلەن يېتىشىپ چىققان بىرىنچى تۈركۈم ئىز باسارلاردۇر.

— مېنىڭ ئۇستازىم، — دەيدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق سىرلىك ئۆمىكىنىڭ راۋابچىسى ۋاڭ شەنجىڭ، — راۋاپ ئۆگىنىشكە بولغان ئىشتىياقىمغا قاراپ، 3 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە زېرىكمەي، ئەستايىدىللىق بىلەن ماڭا راۋاپ چېلىشنى ئۆگەتتى. شۇنداق قىلىپ، مەن داۋۇت ئۇستامنىڭ ياردىمى بىلەن سىرلىك ئۆمىكىنىڭ راۋابچىسى بولۇپ قالدىم. مەن ئۇستامنىڭ تەلىمى بويىچە جاپالىق مەشىق قىلىپ كەسپىي ماھارىتىمنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرىمەن.

ئاپتونوم رايونلۇق ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ كومپوزىتورى جۇجەن داۋۇتنىڭ راۋاپ چالغۇچى شاگىرتلىرىدىن بىرى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "داۋۇت يالغۇز راۋاپ چېلىشتىكى ئۇستازىم بولۇپلا قالماستىن، ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنى ئىگەللىشىمدىكى بىردىن - بىر ئۇستازىم."

كىشىلەر داۋۇتنىڭ باشقا مىللەت ۋە چەتئەل ناخشا - مۇزىكىلىرىنىمۇ بىرلا ئاڭلاپ، ئۇنى ئۆزىگە خاس پۇراق بىلەن ئوخشىتىپ چالالايدىغانلىقىغا بەكمۇ قايىل. شۇڭا ئۇنىڭغا "جانلىق ئۈن ئالغۇ" دەپ توغرا باھا بەرگەن.

دەۋر چاقى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىمەكتە، "تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش" نىڭ زەپەر مارشى ياڭرىغان بۈگۈنكى كۈندە، ئىقتىدارلىق مۇزىكانت داۋۇت بۇ يېڭى ئۇزۇن سەپەردە تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يۈكسەك تىرىشچانلىق بىلەن تىرىشماقتا. ئۇ بىر تەرەپتىن راۋاپنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتىدىكى رولىنى مۇھاكىمە قىلىپ، مىللىي مۇزىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ تەدبىرلىرىنى ئىزدىسە ۋە ئەمەلىي جەمئىيەتتىن يەكۈنلەشكە تىرىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» غا ۋارىسلىق قىلىپ، مەرھۇم دادىسىدىن ئۆگەنگەن "يۈسۈپ ئەخمەت"، "سېيىت نوچى"، "ئابدۇراخمان خان خوجا"، "ھۆرلىقا - ھەمراجان" قاتارلىق خەلق داستانلىرىنىڭ مۇزىكا كۈيلىرىنى يېشىپ چىقىپ رەتلىمەكتە.

ئەي، خەلق سازەندىسى، ئۇر زەخمىكىنى راۋابىڭ تارىغا،

كۈيلىرىڭ ھۆسن قوشسۇن ۋەتەننىڭ سەنئەت باھارىغا.

ئاپشەم توختى تەھرىرلىگەن.

# قابىل تىياتىر شىنسۇرى

دولەت تۇرسۇن، ماخمۇت مەھەممەت

بىز ئەشتىن چۈشۈپ ئىلى تىياتىرخانىسىنىڭ ئالدىدىكى بازار راستا قىزىۋاتقان كەڭ رەستىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمىزدا، ئۆدۈلدىكى تامغا يېپىشتۇرۇلغان ئېلان تاختىسىغا كۆزىمىز چۈشتى. ئۇنىڭدىكى "بۈگۈن ئىلى ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكى «سەلىمە ـ سەنەم» ئوپېراسىنى قويىدۇ" دەپ يېزىلغان خۇشخەۋەرلەر، ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانلىرى سىزىلغان كۆركەم سۈرەتلەر بىلەن ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ، يىراقتىنلا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. بىز «سەلىمە ـ سەنەم» ئوپېراسىنىڭ رېپېتىتسىيە قىلىنىۋاتقانلىقىدىن خېلى بۇرۇنلا خەۋەر تېپىپ، ئۇنى كۆرۈشكە بولۇپمۇ تەقەززا بولۇپ كەتكەن ئىدۇق. مانا، بۈگۈن بۇ ئىستىكىمىز ئەمەلگە ئاشىدىغان بولدى ـ دە!

بىز كەچلىك غىزانى بالدۇرراق يەپ، تىياتىرخانىغا يېتىپ باردۇق. زالدا ئادەملەر ھەۋەس بىلەن تولۇپ بولۇپتۇ. ئويۇن باشلىنىش ئالدىدا بىز ئىلگىرى «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىدا كۆرگەن «سەلىمە ـ سەنەم» دىن تەسىرات ئېلىپ، شۇ ھەقتە بىر قۇر پىكىرلەشتۇق ۋە بۇ ئوپېرانىڭ قانداقراق سەھنىلەشتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈش ئۈچۈن تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ ئولتۇردۇق...

ئويۇننىڭ باشلىنىش زىۋانى چېلىندى. زالدىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلار بىردىنلا تىمتاس بېسىلدى. شۇ ئەسنادا دومبۇرا كۆتەرگەن بىر ئاقىش ئوتتۇرا پەردە ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇ ھاياجان ئىلكىدە ئۆلەڭ ئېيتىپ، «سەلىمە ـ سەنەم» قىسسىسىنى رىۋايەت شەكلى بىلەن ئىخچام بايان قىلىپ، تاماشىبىنلارنى شۇ ھامان ۋەقە زاھىر بولغان ئەينى زامانغا باشلاپ كىردى. ئاندىن ئوتتۇرا پەردە ئاستا ئېچىلىپ تىياتىر رەسمىي باشلاندى.

سەھنىدىكى يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن سۈرەتلەنگەن ئاجايىپ گۈزەل ۋە جايىۋى يايلاق مەنزىرىسى تاماشىبىنلارنى بىردىنلا مەپتۇن قىلدى. كۆكتە پەرۋاز قىلىپ ئەگىپ چۈشكەن بىر جۈپ ئاققۇ ئېيىرىقتىكى زۇمرەتتەك كۆپ ـ كۆك، لەرزان داۋالغۇپ تۇرغان كۆلگە قونۇپ، ئەركىن ئۈزۈپ يۈرەيدۇ. ئالدى تەرەپتە بولسا، ئەنبۇتلىك ناخشا مۇزىكىسىنىڭ تەڭكەشلىكىدە بىر توپ كېنىزەكلەر خان مەلىكىسى سەلىمەنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، بەجايىكى ئەرشتە ئۇچۇۋاتقان گۈزەل پەرىزاتلاردەك لەرزان ئۇسسۇل ئويناۋاتىدۇ. مۇشۇ خىلدىكى سىزىمسىز سەھنە ھەركەتلىرى بىر ھازا داۋاملىشىدۇ. ئارقىدىن بەتنىيەت ئاقسۆڭەك ئوردا ئەمەلدارلىرى تومۇر خاننىڭ ھاماقەتلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئامرات چوپان سەمەتنىڭ سۆيگىنى سەلىمەنى خورلۇقتا ئېلىپ، شۇ ئارقىلىق ئوردا ھاكىمىيىتىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىش ئۈچۈن غالجىرانە قۇترايدۇ. مانا بۇ قارىمۇ ـ قارشى ئىككى تەرەپنىڭ ئۆتكۈر سوقۇلۇشى بىلەن تىياتىر ۋەقەلىكى جىددى

قاتات ياپىدۇ.

بىز ئوپېرىنى كۆرۈۋېتىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئاپتورنىڭ ئەسلى ئەسىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈردۇق. يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان بىر قاتار سۈرەتسىز ھەرىكەتلەر ئۇنىڭدا يوق ئىدى. رېژىسسور بۇ ئەمەلىي يېتەرسىزلىكلەرنى قوشۇش ئارقىلىق ئەسلى ئەسەرنى سەھنىدە بىر خىل جانلاندۇرۇپ ھەممىدە ئۇنى نەتىجىلىك بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، كېيىنكى رىتىمىك توقۇنۇشنى يەنىمۇ يارقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ياخشى زېمىن ھازىرلىغان. بىز تىياتىرنى كۆرۈش داۋامىدا، رېژىسسور ئەسلى ئەسەرنىڭ يەنە نۇرغۇن جايلىرىغا ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاش كىچىك دىراماتىك تۈس بېغىشلىغان مۇۋاپىق ئەمەلىي ھەرىكەتلەرنى كىرگۈزۈپ، بۇ ئارقىلىق تىياتىرغا ئالاھىدە جان كىرگۈزگەنلىكىنى بايقىدۇق.

بۇ تىياتىردىكى ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرسى شۇكى، رېژىسسور ئەسەردىكى قانداشلىق نەسەپ كۆز قارىشىنى قانۇنلاشتۇرۇۋالغان ئاقسۆڭەك فېئودال ئەكسىيەتچىلەرنىڭ خان مەلىكىسى سەنەم بىلەن چوپان يىگىت غېرىبنىڭ پاك مۇھەببىتىگە توسقۇن بولغانلىقى ۋە بۇ بىر جۈپ ئاق كۆڭۈل ياشنىڭ مۇھەببەت ئەركىنلىكىگە ئېرىشىش يولىدا ئۆزلىرىنى قۇربان قىلىپ، بۇ ئارقىلىق جاھالەتلىك فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكىدىن ئىبارەت ئاساسىي تېمىنى جانلىق ئىپادىلەپ بېرىشتە، رېژىسسور ئۆزىنىڭ سەنئەت ماھارىتىنى تولۇق نامايەن قىلغان.

رېژىسسور ئالدى بىلەن بۇ ئاساسىي تېمىنى سەھنىدىكى خاراكتېر جەھەتتىن بىر - بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ھەر خىل شەخسلەرنىڭ ئەمەلىي پائالىيىتىگە تەبىئىي يوسۇندا سىڭدۈرگەن. يەنى، سەھنىدىكى ھەر بىر پېرسوناژنىڭ ئۆزىگە خاس روشەن مۇددىئاسى بولۇپ، ئۇلار شۇ مۇددىئاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. رېژىسسورنىڭ سەھنىدىكى بەدىئىي ئورۇنلاشتۇرۇشى نەتىجىسىدە ھەر بىر ئىجابىي ۋە سەلبىي شەخس ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتىگە يېتىش يولىدا قارشى تەرەپ بىلەن ئۈزۈلكىسىز تۈردە تىغمۇ - تىغ ئېلىشىدۇ ۋە مۇشۇ يوسۇندا ئېلىپ بېرىلغان تەكرار ئېلىشىشلار ئارقىلىق رىتىمىك توقۇنۇشنى بارغانسېرى كەسكىنلەشتۈرۈپ ۋە دولقۇنسىمان راۋاجلاندۇرۇپ، پۈتۈن تىياتىر ئەۋجىگە كۆتۈرۈلىدۇ. رېژىسسور بۇ ئوپېرانى بەدىئىي جەھەتتىن بىر تەرەپ قىلىشتا، ئاپتور ئەسىرىنى قانداق يازغان بولسا ئۇنى شۇ پېتى بويىچە سەھنىگە كۆتۈرۈپ چىقماستىن، بەلكى يېزىلغان ئەسەرنى تىياتىر سەھنىسىگە تېخىمۇ مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ۋەقەلىكنىڭ ئومۇمىي لىنىيىسىنى ۋە راۋاجلىنىش باسقۇچلىرىنى روشەن ھالدا سىزىپ ئالغان، ئاندىن ئومۇمىي ۋەقەلىك بىلەن بىۋاسىتە باغلىنىشى بولمىغان ئارتۇقچە دېتاللارنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئوبرازلارنىڭ خاراكتېرىنى ۋە ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىشكە زۆرۈر بولغان يەنە بەزى ۋەقەلىكلەرنى كىرگۈزۈپ، ئەسەرنى ئىجادىي رەۋىشتە راۋاجلاندۇرغان. بولۇپمۇ ئەسلى ئەسەردىكى تولىمۇ ئۇزۇراپ كەتكەن دىئالوگ، ناخشا تېكىستلىرىنى دادىللىق بىلەن ئىخچاملاپ، تىياتىرنىڭ سوزۇلما، سۇس بولۇپ قېلىشىدىن ساقلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ رېژىسسور سەھنىلەشتۈرگەن بۇ ئوپېرا باشتىن - ئاخىر يارقىن، ئىخچام، كۆركەم ۋە

ئەسىرلىك بولۇپ، تاماشىبىنلار ئۇنى كۆرگەندە ئىختىيارسىز ھالدا ۋەقەلىكنىڭ ئىچىگە كىرىپلا كېتىدۇ ھەمدە سەھنىدىكى ھەر بىر پېرسوناژنىڭ تەقدىر - قىسمىتى ئۈچۈن ئورتاق باش قاتۇرىدۇ.

سەھنىلەشتۈرۈلگەن «رابىيە - سەئدىن» ئوپېراسىنىڭ شۇنچىلىك بەدىئىي سىھرى كۈچكە ئىگە بولۇشىدىكى يەنە بىر سەۋەب، رېژىسسورنىڭ پۈتكۈل تىياتىرنىڭ ئۆزگىچىلىك قۇرۇلمىسىغا ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەنلىكىدە. بۇ ئوپېرانىڭ ۋەقەلىكى خۇددى بىر پۈتۈن سىمفونىيىگە ئوخشاش ئۆركەش يېيىپ دولقۇنسىمان راۋاجلىنىپ بارىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، رېژىسسور بۇنىڭدا تىياتىر سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولغان باشلىنىش، راۋاجلىنىش، ئەۋج، يۈرۈلۈش ۋە يېشىمدىن ئىبارەت ئۆزگىچىلىكى تۆت ئالغان باسقۇچ خاراكتېرلىك بەدىئىي ۋاستىلارنى ناھايىتى جايىدا قوللانغان. شۇنىڭدەك رېژىسسور تىياتىرنىڭ ئۇسلۇب جەھەتتىكى بىر پۈتۈنلۈكىگىمۇ ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. «رابىيە - سەئدىن» ئۆزى مۇھەببەت تىراگېدىيىسى بولۇپ، ئەكسىيەتچىل قانداشلىق نەسەپ كۆز قارىشى بىردىن - بىر ئەدەپ - قائىدە قىلىپ بەلگىلەنگەن فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ بىر - بىرىگە ساپ مۇھەببەت باغلىغان ئامراق يىگىت سەئدىن بىلەن خان مەلىكىسى رابىيەنىڭ ئاخىرقى پاجىئەسى ئۈچۈن، تىياتىرنىڭ بېشىدىلا زېمىن ھازىرلانغان. رېژىسسور بۇ جەل تىراگېدىيىلىك تۈسنى پۈتۈن تىياتىر ۋەقەلىكىگە ۋە پاجىئەگە ئۇچرايدىغان ھەر بىر پېرسوناژنىڭ روھىي ھالىتىگە باشتىن - ئاخىر روشەن سىڭدۈرگەن. بولۇپمۇ رابىيەنىڭ لىرىكىلىق ھېسسىياتى مەركەزلىك ئىپادىلىنىدىغان مونولوگ خاراكتېرلىق يالغۇز ناخشىلاردا ئۇنىڭ قەلبىدىكى دەرت - ئەلەملىك ئېغىر روھىي بېسىم ۋە مەسىلىلىك تۈيغۇ روشەن ھالدا ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ھال تاماشىبىنلارغا ھەر ۋاقىت پاجىئەنىڭ ئاقىۋەتتىن بېشارەت بېرىدۇ.

«رابىيە - سەئدىن» ئوپېراسىنىڭ سەھنىدە شۇنچە مۇۋەپپەقىيەتلىك، تەسىرلىك ۋە جەزبىدار تىياتىر بولۇپ شەكىللىنىپ، تاماشىبىنلارنى يۈكسەك ئېستېتىك زوققا ئىگە قىلالىشىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئامىل، رېژىسسور بۇ تىياتىردا قازاق خەلقى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان قىز قوۋار، چېلىشىش، قارىغا ئېتىش، ئولاق ئېتىپ ئۇسۇل ئويناش قاتارلىق مىللىي ئەنئەنىلەردىن ئىنتايىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى تىياتىر ۋەقەلىكى بىلەن ناھايىتى زىچ جىپسىلاشتۇرغان ۋە شۇ ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى ھەم ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ بەرگەن. دەل شۇنداق بولغانلىقتىن، گەرچە بۇ تىياتىردىكى ناخشا - ئۇسسۇل كۆرۈنۈشلىرى شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بەزىبىر تىياتىرلاردىكى ناخشا - ئۇسسۇلنى ئەتەيلەپ سىغداپ كىرگۈزۈپ "تىزىملاش پۇرىقىنى كۆچۈرىدىغان" ئورۇنلىنىدىغان ئەھۋاللارغا زادى ئوخشىمايدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ تاماشىبىنلاردا زېرىكىش ھېس قىلدۇرمايدۇ.

بىز مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوينالغان بۇ تىياتىرنى شۇنچە زوقمەنلىك بىلەن بېرىلىپ كۆردۇقكى، ھەتتا ئويۇن ئاخىرلاشقاندىن كېيىنمۇ، خېلى ئۇزۇنغىچە ھاياجانلىق ھېسسىياتىمىزنى باسالماي كەلدۇق ۋە شۇ چاغدا رېژىسسورنىڭ بۇ ئەسەرنى قانداق قىلىپ تىياتىر سەھنىسىدە مۇنچىلىك بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەنلىكىگە ئائىت رېژىسسورلۇق "سىرى" نى ئوقۇپ بېقىشقا قىزىقتۇق.

بىز ئەتىسى ئەتىگەندىلا «سەنئەت ـ سەھنە» تىياتىرىنىڭ رېژىسسورى يولداش مۇختار ئابدىراخماننىڭ ئۆيىگە باردۇق. ئۇ، ئۈستەل ئۈستىگە يېيىپ قويۇلغان بىر تالاي خەتنۇسخا، ئۇيغۇرچە كىتاپ ـ ژۇرنال ۋە خاتىرە دەپتەرلىرىنى ۋاراقلاپ، پىكىر يۈرگۈزۈپ، بىر نەرسە يېزىشقا تۇتۇش قىلىۋېتىپتىكەن...

— بەللى، بەللى! سىزنىڭ يالغۇز رېژىسسورلۇقلا ئەمەس، تېخى يېزىقچىلىقتىنمۇ خەۋىرىڭىز بار ئىكەن ـ دە! — دېدۇق بىز ئۇنىڭغا خۇشچاقچاق قىلىپ. مۇختار دەرھال ـ قەلەملىرىنى يىغىشتۇرۇپ، بىز بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى:

— ۋاي ـ ۋۇي، سىزگەن قانداق بولۇپ، سىلەرنىڭدەك بارەك قەدەملىكلار بۇ يەرگە يېتىپ قالغانسىز؟ قېنى ئولتۇرۇڭلار! — دېدى ئۇ ئورۇندۇقلارنى ئىما قىلىپ.

ئاخشام قويغان تىياتىرىڭىزنى كۆرۈپ، سىزگە ئالقىشىمىز چۈشۈپ قالدى. شۇڭا بىزگىمۇ مانا سەھەردىلا سىزنى كۆرگىلى كەلدۇق، — دەپ گەپ ئېچىشتىن مەقسىتىمىزنى ئۇنىڭغا چاقچاق قىلدۇق. مۇختارمۇ بىزنىڭ دېگەن بىرىمىزدىن جىددىي يېقىنلاپ سورىدى:

— بۇ گەپچە، تىياتىر كۆرگىلى كەلگەنلەرگە خېلى ياقمىغان ئوخشىمامدۇ؟

— ياقمامدىغان! ئاخشام قويۇن كۆرگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ «سەنئەت ـ سەھنە» ئوپېرا ـ سىنى شۇنچىلىك مۇۋەپپەقىيەتلىك سەھنىلەشتۈرگەنلىكىڭىزدىن كۆڭلى سۆيۈنۈپ، سىزگە بارىكاللا ئېيتىشتى ـ دە!

— ياق، — دېدى مۇختار كىچىك پېئىللىق بىلەن، — تىياتىرنىڭ يېتەرسىزلىكى توغرىسىدا كۆپىرەك تەنقىدىي پىكىر بېرىڭلار، ئەمەلىيەتتە بۇ تىياتىر خېلىلا خام، رېژىسسورلۇقتىمۇ يەنە نۇرغۇن مەسىلىلەر بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ ئارتىستلىرىمىزنىڭ تولىسى ياش باللار، ئۇلار ئاكتىيورلۇقتىن خەۋەرسىز بولغاچقا، قانداق قىلغاندا ئوبرازنى مۇكەممەل يارىتالايدىغانلىقىنى تولۇق چۈشەنمەيدۇ. شۇڭا ھازىر ئوينىلىۋاتقان تىياتىرنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىدىن گەپ ئېچىش قىيىن. بۇ جەھەتتە يەنە كۆپلەپ ئىزدىنىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. — ئۇ شۇ گەپلىرىنى دەۋېتىپ داستىخان راسلاپ كېلىپ بىزنى چايغا تەكلىپ قىلدى. بىز ئۇنىڭ كېيىنكى ئاڭلىغانلىرىنى قىزىقىپ ئىنچىكىلەپ سورىدۇق:

— سىز بۇ ئەسەرنى قايسى ئاساستا سەھنىلەشتۈردىڭىز؟ مەسىلەن: بىز ئاخشام سەھنىدە ئەسلى ئەسەردە يوق بەزى كۆرۈنۈشلەرنى كۆردۇق. سىز بۇ ھەقتە ئاپتور بىلەن پىكىرلەشتىڭىزمۇ؟

— ھەئە، رېژىسسورلۇق باشلاشتىن بۇرۇن بۇ ئەسەرنىڭ رېژىسسورلۇقى ئۈستىدە توپ ـ توغرا ئۈچ ئاي تەييارلىق كۆردۈم. چۈنكى قەغەز يۈزىدىكى جانسىز ئەسەرنى، سەھنىدىكى جانلىق تىياتىرغا ئايلاندۇرۇشنىڭ ئۆزى ئىنتايىن مۇرەككەپ جەرياننى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىككىنچى قېتىملىق ئىجادىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، «سەنئەت — سەھنە»نىڭ سەھنە ئەسىرىنى قولۇمغا ئالغاندىن كېيىن، ئۇنى قايتا ـ قايتا ئوقۇپ چىقىپ، بۇ ھەقتە ئومۇمىيۈزلۈك ۋە كونكرېت تەھلىلنى يۈرگۈزدۈم. يەنى، ئەسەرنىڭ ئاساسىي تېمىسى، تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى، ئومۇمىي ۋەقەلىكى، ھەر بىر كۆرۈنۈشلەردە بولىدىغان ئىشلار، ھەر بىر پېرسوناژنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى ۋە بۇ ئەسەرنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدا بىر ـ بىرلەپ چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىپ باردىم. ئاندىن ئاپتور ئەسەرنى يېزىش ئالدىدا قانداق تەپسىلىي لايىھە تۈزگەن

AltunOq

بولسا، مەنمۇ بۇ ئەسەرنى قانداق بەدىئىي ۋاستىلار ئارقىلىق سەھنىلەشتۈرۈش ھەققىدە پۇختا قىلىپ رېژىسسورلۇق لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقتىم. شۇنىڭغا ئاساسەن نەشرى ئەسەرنىڭ بەزى جايلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، يەنە بەزى زۆرۈر دىئالوگلارنى كىرگۈزۈپ، ئۇنى سەھنىگە لايىقلاشتۇردۇم. شۇنىڭدىن كېيىن مەن تۈزگەن بۇ لايىھە توغرىلىق ئاپتورلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئۇلارنىڭ ماقۇللىقىدىن ئۆتكۈزدۈم. ئاندىن ۋەقە يۈز بەرگەن ئالتاي رايونىغا بېرىپ تۇرمۇشنى ئۆگىنىپ كەلدىم. مۇشۇ بىر قاتار تەييارلىق خىزمەتلىرىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن رەسمىي رېپېتىتسىيىگە چۈشتۈم. رېپېتىتسىيە جەريانىدىمۇ ئەسەرگە داۋاملىق تۈردە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ پىششىقلاپ باردىم. دېمەك ئاخشام سىلەر سەھنىدە كۆرگەن «ساھىلخە — سەھەن» مانا مۇشۇنداق جەريانلاردىن كېيىن بارلىققا كەلگەن.

بىر بولداش مۇختارنىڭ سوزلەپ بەرگەنلىرىنى ئاڭلاپ، رېژىسسورلۇقنىڭ "سىرى" — جاپالىق ئەجىر قىلىش، باش قاتۇرۇپ تىنىمسىز ئىزدىنىش ئىكەنلىكىنى بىر قەدەر ئېنىق چۈشەندۇق. ئارقىدىنلا بىز ئۇنى ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ يۈگۈنچەك بىر قابىل تىياتىر رېژىسسورى بولۇپ يېتىشكەنلىكىنى تەپسىلىيرەك سوزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدۇق. يولداش مۇختار بىزنىڭ بۇ تەكلىپىمىزنى قوبۇل كۆردى بولغاي، ۋاقىتسىز ئاقىرىپ كەتكەن كۆمۈش رەڭ چاچلىرىنى ئاستا سىلاپ تۇرۇپ، دېرىزە تەرەپكە بۇرۇلدى - دە، يىراق مەنزىلگە تەلپۈنۈپ قاراپ، ئۆزىنىڭ سەھنىدە ئۆتكۈزگەن 30 يىللىق ھايات كارتىنىسىنى بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىغا كەلتۈردى...

1951 - يىلى 15 ياشلىق مۇختار ئابدىراخمان تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، غەربىي - شىمال ئەدەبىيات سەنئەت دارىلپۇنۇنىغا ئىمتىھان بېرىپ ئوقۇشقا كىرگەن. ئۇ بۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا تىياتىر كەسپىگە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاپ، بۇ جەھەتتە ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىپ، تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ۋە مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەن. بۇ چاغدا ئۇ شىنجاڭغا قايتىپ كەلمەيلا يەنە مەملىكەت بويىچە تىياتىر سەنئىتىنىڭ ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتى — بېيجىڭ مەركىزىي تىياتىر ئىنستىتۇتىغا كىرىپ بەش يىل مەخسۇس رېژىسسورلۇق پاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. مۇختار بۇ كەسىپنى ئۆگىنىش نەزەر دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىپ، تىياتىر سەنئىتى — دۆلەتنىڭ ئىناۋىتىنى ئۇستۇرۇشتە ۋە مىللەتنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى دۇنيا ئەللىرىگە تونۇتۇشتا مۇھىم ۋاستە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان. شۇڭلاشقا ئۇ بارلىقىنى تىياتىر سەنئىتىگە بېغىشلاپ، رېژىسسورلۇق ماھارىتىنى ئىگەللەش ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز تىرىشىپ ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرىنىڭ ھەممىسى خەنزۇ بولۇپ، سەھنىدە ئۇلار بىلەن بىللە دراما ئوينىغاندا خەنزۇچە سۆزلەشكە توغرا كېلەتتى. شۇڭا مۇختار خەنزۇ ساۋاقداشلىرىغا قارىغاندا نەچچە ھەسسە قاتتىق تىرىشىپ ئۆگىنىپ، خەنزۇچە ئورتاق تىلنى راۋان سۆزلىيەلەيدىغان بولغان. ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇناسىۋىتى بىلەن تەييارلىغان جۇڭگونىڭ كلاسسىك دراممىسى «ساندۇقتا ياغار» دا، مۇختار «تاۋجۇ» دىگەن رولنى ئويناپ ۋە بۇ ئوبرازنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالاھىدە ماختىشىغا سازاۋەر بولغان. مەكتەپ رەھبەرلىكىمۇ مۇختارنىڭ «تاۋجۇ» ئوبرازىنى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئوخشاش دەرىجىدە كۆڭۈلدىكىدەك ياخشى ياراتقانلىقىدىن مەمنۇن بولۇپ، "مۇختار كېلەچەكتە چوقۇم ياخشى ئارتىست ھەم رېژىسسور بولۇپ چىقىدۇ" دەپ ئۇنىڭغا ئىشەنچ باغلىغان. شۇ چاغدا چىقىدىغان «تيەنجىن كەچلىك گېزىتى» مۇختار توغرىسىدا مەخسۇس زىيارەت خاتىرىسى

ئىلان قىلىپ، ئۇزاق تىياتىر سەھنىسىدە ياڭراق نۇقتىسى پەزىلىتىنى قىزغىن مەدھىيلىگەن.

1957 - يىلى مۇختار ئابدىراخمان مەركىزىي تىياتىر ئىنستىتۇتىنىڭ رېژىسسورلۇق فاكۇلتېتىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكىگە تەقسىم قىلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ، ئەللىك تىياتىرچىلىقنى ئىبارەت بۇ يۇمران نوتىنى ئوچۇپىلەپ پەرۋىش قىلىپ يېتىشتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن مول مېۋە ئېلىش ئۈچۈن بىلەن كەسپىي خىزمەتكە قىزغىن كىرىشىپ كەتكەن. ئۇ 1958 - يىلىدىن "مەدەنىيەت ئىنقىلابى"غىچە بولغان ئارىلىقتا «غۇنچەم»، «ئانارخان»، «سىرلىق يۈرەكچە» قاتارلىق 20 پەرچە دراما ۋە ئوپېراغا رېژىسسورلۇق قىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇختارنىڭ ئەڭ بەختى كۆرسەتكىنى «غۇنچەم» دراممىسى بولۇپ، ئۇ بۇ ئەسەرنى سەھنىلەشتۈرۈشتە يەنىمۇ ئالغا ئىلگىرىلەپ يەدىتى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئالاھىدە باش قاتۇرغان.

ئۇ بىر كۈنى ئويدە ئولتۇرۇپ «غۇنچەم» دراممىسىنىڭ رېژىسسورلۇق لايىھەسىنى ئويلىنىۋېتىپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئامغا مەھەللىنىڭ رەڭدار ئاتكىرتكىلارغا كۆزى چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ ئاتكىرتكىلارنىڭ بىرىگە ھۆپپىدە ئېچىلغان بىر جۈپ قىزىل گۈلنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، مۇختار ئۇنىڭغا قاراپ چوڭقۇر ئويغا چۆمۈپ مۇنداق بىر پىكىرگە كېلىدۇ: "مەن رېژىسسورلۇق قىلماقچى بولۇۋاتقان بۇ ئەسەرنىڭ ئىسمىمۇ «غۇنچەم»، بۇنىڭ باش قەھرىمانلىرى غۇنچەم بىلەن نورۇممۇ خۇددى مۇشۇ ئاتكىرتكىدىكى سۈرەتكە ئوخشاش بەرق ئۇرۇپ ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان بىر جۈپ غۇنچىلارغۇ؟ لېكىن جاھالەتلىك ئوتتۇرى زاماندا زالىم بەگ، شاكىۋۇلارنىڭ زۇلمى دەستىدىن بۇ پاك غۇنچىلار ئېچىلالمايلا، ۋاقىتسىز خازان بولۇپ كەتكەن ئەمەسمۇ؟..." مۇختار بۇ ئاتكىرتكىنىڭ تۈرتكىسى ئارقىسىدا رېژىسسورلۇق لايىھەسىگە شۇ زامانلا قايتا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ ئۇنى تولۇقلايدۇ.

ئەتىسى ئۇ رېپېتىتسىيە چۈشۈش ئالدىدا، بىرىنچى پەردىدىكى غۇنچەمنىڭ ئېشىك ئالدىغا گەۋدىلىك قىلىپ بىر ئاتىنەك گۈل ئورۇنلاشتۇرىدۇ ۋە بۇ گۈل ئارىسىغا ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان بىر جۈپ غۇنچىنى قىستۇرۇپ قويىدۇ. غۇنچەم بىلەن نورۇم بۇ گۈلگە بىللە سۇ قۇيۇپ، ئورتاق پەرۋىش قىلىش جەريانىدا بىر - بىرىگە بولغان ساپ مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىدۇ. رېژىسسور، تاماشىبىنلار بىر كۆرۈپلا چۈشىنەلەيدىغان ۋە كۈچلۈك درامالىق تۈس ئالغان مانا مۇشۇنداق سىمۋول خاراكتېرلىق ۋاسىتىلار ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىنى جانلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن. رېژىسسورنىڭ مۇنداق ئەمەلىي ئىزدىنىشلىرى نەتىجىسىدە «غۇنچەم» دراممىسى سەھنىدە تېخىمۇ جانلىق ۋە تەسىرلىك بولۇپ چىققان.

ئۇ 1978 - يىلى چاقىرىلغان «پرولېتارىيات داھىلىرىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش توغرىسىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»غا قاتنىشىپ كەلگەندىن كېيىن، مەملىكىتىمىزنىڭ سوۋېتتىكى تىياتىرچىلىق تەرەققىيات ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ، نەزەر دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيدى. ئۇ

شۇنىڭكە قايتىپ كېلىپ «ئەمەس ئەمەس بۇ ماكان»، «ئېھرەن يۈۋۈرەمنى قىزارغانلىدا» دېگەن تىككى دىرامىنى ئارقا ـ ئارقىدىن سەھنىلەشتۈرۈپ چىقىپ بۇ ئارقىلىق "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ"نى ساتىرىك ۋاستىلار بىلەن قاتتىق مەسخىرە قىلىپ ئۇلارنىڭ رەزىل ماھىيىتىنى كەڭ خەلق ئاممىسىغا تونۇتتى.

يولداش مۇختار يالغۇز رېژىسسورلۇق كەسپى بىلەنلا شۇغۇللىنىپ قالماستىن، ئارتىستلىق تالانتىمۇ تولۇق نامايەن قىلدى. ئۇ «تىيانشان قىزىل گۈلى»، «بەخت ناخشىسى» قاتارلىق كىنو ۋە تىياتىرلاردا مۇكەممەل ئوبرازلارنى يارىتىپ، كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ قەلبىدە ئوچمەس ئىز قالدۇردى. ئۇ يەنە تىياتىر خادىملىرىنىڭ يېتىلىشىنى دىققەت تۇتۇپ، ئوزىنىڭ تىياتىر رېژىسسورلۇقى ۋە ئاكتيورلۇقى جەھەتتىكى 30 يىللىق مول ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ ۋە ئۇنى ئىلمىي يۈكسەكلىككە كوتۈرۈپ، شۇ ئاساستا «تىياتىر رېژىسسورلۇقى ۋە تىياتىر ئاكتيورلۇقى توغرىسىدا» ناملىق بىر كىتاپ يېزىپ ئۆزىنىڭ تۈنجى نۇسخىسىنى قولدىن چىقاردى. مۇختار بۇ كىتاۋىدا ئوزىنىڭ تىياتىر رېژىسسورلۇقى ۋە ئاكتيورلۇقى جەھەتتىكى مول ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ ۋە ئۇنى ئىلمىي يۈكسەكلىككە كوتەردى. بىز ئۆيىگە كىرگەندە ئۇ دەل ئەنە شۇ كىتاۋى ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋېتىپتىكەن.

شۇنىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇكى، يولداش مۇختار ئابدۇراخمان مىللىي تىياتىرنى گۈللەندۈرۈشتىكى ئەڭ ئاساسلىق ئامىل ــ سەھنە ئەسىرى ئىجادىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، ئۇ بۇ جەھەتتىمۇ زور تىرىشچانلىق كورسىتىپ كورنەرلىك نەتىجە قازاندى. مەسىلەن، ئۇ «ئاتقەندىكى چېچەك»، «بوۋىدىن ـ مومىسغا»، «ئەلىق ئىگىزلىك ئۈلەمزادە» قاتارلىق دىرامىلارنى يېزىپ، ھەممىدە ئۇنى ئوزى سەھنىلەشتۈرۈپ، تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. شۇنىڭدەك ئۇ يەنە «كوزنى يىراققا تىكەيلى»، «تامنى تورۇپ قۇدا بولۇش»، «ساندۇقتا ناھار» قاتارلىق خەنزۇچە دىرامىلارنى ئىجادى يوسۇندا ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ تەرجىمە قىلدى ھەم ئۇلارنى سەھنىلەشتۈرۈپ خەلق ئاممىسىنىڭ تىياتىر سەنئىتىگە بولغان جىددىي تەشنالىقىنى قاندۇردى. بولۇپمۇ ئۇ سەھنىلەشتۈرگەن «تامنى تورۇپ قۇدا بولۇش» دىرامىسى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تىياتىر كورىكىدە بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

يولداش مۇختار ئابدۇراخمان ئازادلىقتىن كېيىن ئالىي تىياتىر مەكتىپىدە مەخسۇس تەربىيىلىنىپ چىققان تۇنجى ئۇيغۇر تىياتىر رېژىسسورى بولۇپ، ئۇ 30 يىللىق سەنئەت ھاياتىدا مىللىي تىياتىر سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا مۇناسىپ تۆھپە قوشتى. ئۇ خەلقىمىزنىڭ تىياتىر سەنئىتىدىكى قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان ئىپتىخارىدۇر. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئاتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى پەيتتە بىز يولداش مۇختار ئابدۇراخماننىڭ رېژىسسورلۇق كەسپى بويىچە يەنىمۇ كوپ نەتىجىلەرنى يارىتىپ زەپەر قۇچۇپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈرىمىز.

تاش مامۇت تەھرىرلىگەن.

# [illegible]

(ئوچېرك)

مەمەت مۇھەممەدى

بۈگۈن ھاۋا ئىنتايىن ئوچۇق، كىشىلەر قىمماقتۇ خۇشاللىق ئىلكىدە ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە مەيـ داننى ئالدىرىماقتا، سەنئەتخانىدە سازەندىلەر ئالدى ئاچايىپ شات ــ خۇراملىقتا چوڭقۇرلۇقتىن، رەڭگ ــ رەڭ گۈللەر خۇشى دەرەخلەر چاچاتتى. قىزىل بايراقلار مەيدان شامالدا لەرزان جەۋلان قىلاتتى. داۋرا ــ سۇناي ئاۋازى كۆكتە ياڭرايتتى.

بۈگۈن بۇ يەردە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخي ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە سەنئىتى "دارۋازلىق" ۋە "ساغاردى" ئويۇنلىرى كۆرسىتىلىدىغان بولدى. بۇ 20 نەچچە يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئورۇندىلىدىغان ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە مەيدانىدىكى چوڭ سورۇندا داغ ــ دۇغىلىق ھالدا كۆرسىتىلىش ئىدى. شۇڭا بۇ خۇشخەۋەر تارقالغان ھامان شەھەر، مەھەللە خەلقى گويا بايرام خۇشاللىقى كەيپىياتى ئىچىدە چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ، مەنىلىك تەنتەربىيە مەيدانىغا ئاقماقتا ئىدى.

مەن كۆزدەك چاغلىرىمدا، روزى ھېيت، قۇربان ھېيت ۋە نورۇز بايراملىرىدا كىشىلەرگە ئەگىشىپ، "دارۋازلىق" ۋە "ساغاردى" ("چاقپەلەك") ئويۇنلىرىنى كۆرگەن ئىدىم. ئەزىمەت كىشى ئاي ــ قارىسى يەردىن قانچىلىك بولسىمۇ مۇنداق ئويۇن ــ تاماشىلار يوقاپ كەتتى. يەقەت كېيىن، كىچىك چاغلىرىمىزدا بالىلار ئويناپ ئوسكەن دوستلار بىلەن خەلقىمىزنىڭ رادىن ــ راھەتلىرىدىن ئۈزۈپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە سەنئەت مىراسلىرى "دارۋازلىق" ۋە "ساغاردى" توغرىسىدا ھاياجان بىلەن سۆزلىشىپ ۋە ئەسلىمىلىرىمىزنى ئالماشتۇراتتۇق. شۇڭلاشقىمۇ بۈگۈن مەن ھەممىدىن بەكرەك ئالدىراشلىق بىلەن مەيدانغا كىردىم. 20 مىڭدىن ئوشۇق تاماشىبىن ئويۇن باشلىنىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشەتتى.

ئويۇن باشلاندى. ئالدى بىلەن "ساغاردى" كۆرسىتىلدى. يارتىمىنىڭ ئەتراپى كويىدەك كىيگەن قىز ــ چوكانلار گويا ئۇدۇل خەلق چۆچەكلىرىدە تەسۋىرلەنگەن يۇلتۇزلار ئارا سەيلى قىلىۋاتقان مالائىكە .. پەرىزاتلاردەك پەرۋاز قىلىشاتتى...

مۇچىسىپتلارنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، "ساغاردى" ــ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نورۇز (باھار بايرىمى)دا ئوتكۈزۈلىدىغان ئەنئەنىۋى پائالىيىتى بولۇپ، قىز ــ چوكانلار ياسانلىق كىيىم ــ كېچەكلىرىنى كىيىشىپ، قىزلار زەر چېچەكلەرگە گۈللىرىنى قىستۇرۇپ ئىلانگۈچ ئۇچىشىدۇ. ساغاردى ئويۇنى بولىۋاتقاندا ئەتراپىدىكىلەر ئويۇنغا قىزىقىپ قىزىشىپ، ئىلانگۈچ ئۇچىۋاتقانلارنىڭ روھىغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن "ساغاردى!"، "قىزاردى!" دەپ توۋلايدىكەن. ئېيتىشىچە، يىغىلىپ چوگىلەۋاتقان ھارۋىنىڭ چاقىغا باغـ

لانغان ئارقاندا ئىلانگۈچ ئۇچقۇچاتقان قىز ـ چوكانلار تېخىمۇ ئىگىز ئۆرلەپ، بەس ـ بەستە چۇرۇ ـ ۋاز قىلىدىكەن. شۇڭا بۇ ئويۇن "ساغاردى" دەپ ئاتالغان.

"ساغاردى" ئاياغلاشقاندىن كېيىن، "دارۋازلىق" باشلاندى. 25 مېتىر ئېگىزلىكتىكى دار ياغىچىغا تۇرغۇزۇلغان تەختى پەررىگە 85 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى چوڭ ئارقان 90 گرادۇسلۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ تارتىلغان ئىدى. تەختى پەررىدىن ھەرقايسى ئارقانلارغىچە بايراقچىلار ئېسىلغان بولۇپ، مەزمۇت باغلانغان دار موممىغا زىننەت بېغىشلاپ، كىشى كۆڭلىگە ئاجايىپ يېقىملىق بايرام كەيپىياتىنى ھېس قىلدۇراتتى. ناغرا ـ سۇناي، دارغا چىقىش ئالدىدا چېلىنىدىغان پەدىگە يۆتكەلدى. قوياش نۇرىدا جۇلالىنىپ، كۆزنى چاقنىتىپ تۇرغان، قىزىل دار كىيىمىنى كىيگەن دارۋاز نەنمەنە ۋە ئالقىش سادالىرى ئىچىدە مەيدانغا چىقىپ، ھەممە تاماشىبىنلارغا ئېھتىرام بىلدۈردى، ئاندىن سالماق قەدەم بىلەن تەڭشەك خادىسىنى تۇتۇپ، دار ئارقىنىغا قەدەم قويدى. ھەممە قەلبلەر دارۋازنىڭ قەدەم رىتىملىرىگە ئەگىشىپ گۈپۈلدەپ سوقاتتى. بۇ چاغدا سۇناي ئاھاڭلىرى ئارىسىدىن كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا مۇشەققەتلىك، خەتەرلىك "سەپەر" گە ئاتلانغان بىر قەھرىماننىڭ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ مەنزىل ئاتقۇلىمى نامايەن بولغاندەك تۇيۇلاتتى. بۇ، دارنىڭ 1 ـ پەللىسى ئىدى. ھەر بىر پەللە تاختا تارتىلغان ئاساسىي ئارقانغا قايچىلاشتۇرۇپ تىرەلگەن موما ياغاچلار بىلەن ئايرىلىپ تۇراتتى. 2 ـ پەللىگە قەدەم بېسىلغاندا چېلىنغان ئاھاڭدىن ئالدى بىلەن "سەپەر" ئۈستىدىكى ھەر خىل خەۋپ ـ خەتەرلەرنىڭ مەۋھۇم تەسۋىرى كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا كەلگەن بولسا، "قەھرىمان" نىڭ بىر ئالدىغا، بىر ئارقىغا مېڭىشى، ھەر بىر قەدەمنى ئېھتىيات ۋە ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن بېسىپ ئالغا ئىلگىرىلەشىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. شۇنداقتىمۇ كېمە دېڭىز دولقۇنىسىز ساھىلگە، كارۋان خەۋپ ـ خەتەرسىز مەنزىلگە يېتەلمىگەندەك، كۆتۈلمىگەن "پالاكەتلەر" بولۇپ تۇراتتى. دارۋاز كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز "يىقىلىپ، يۆتۈلۈشۈپ" كەتتى... ئارقان بىلەن تەڭ پۇلاڭلىتىپ تۇرغان يۈرەكلەر بىخەستىدىن چىقىپ كەتكىلى تاس قالدى. "ئاپلا!..." مەن كىشىلەرنىڭ ئەنسىزلىك ئىچىدە جىددىيلىشكەن چىرايىغا نەزەر سېلىپ ئەتراپىمغا قارىدىم. نۇرغۇن كىشىلەر بۇ "خەتەر" دىن قورقۇپ كۆزىنى يۇمۇۋالغان ئىدى. بىراق مەن ئۆزۈمۇنۇمىغا قارىسام، دارۋاز خۇددى توسۇن ئاتقا مىنىۋالغان باتۇر چەۋەندازدەك ئارقاندا يۆتىلىرىنى ئالمىشىپ قويۇپ، پەرۋاسىز ئولتۇراتتى. يۈرەكلەر جايىغا چۈشتى، دارۋازنىڭ كارامەتلىرى بۇنىڭ بىلەن تۈگىمىگەن ئىدى. ئۇ ئەمدى كۆزىنى تېڭىپ، پۇتىغا تەخسە باغلاپ، ئارقاننىڭ ئۇيان، بۇ يېقىغا دەسسەپ، ئېھتى ھەلىلا جايىغا چۈشكەن يۈرەكلەرگە يەنە ئەنسىزلىك سېلىشقا باشلىدى. دارۋاز بۇ پەللىدە، ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق "چاقچاقلىرى" بىلەن 12 خىل ماھارەت كۆرسىتىپ "خەۋپ ـ خەتەر" دىن غەلىبە قىلدى. بۇ ـــ ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدىكى باتۇرلارنىڭ "بارسا كەلمەس" يولغا مېڭىپ، خەۋپ ـ خەتەر ۋە دېۋىلەر بىلەن جەڭ قىلىپ، ئاخىرى كۆتكەن مۇرات ـ مەقسەتلىرىگە يېتەلىگىنىنىڭ تەسۋىرى بولسا كېرەك.

دارنىڭ 3 ـ پەللىسى ـــ ئاخىرقى نىشانە يېتىدىغان تولىمۇ خەتەرلىك ۋە ئەڭ بىر جەريان ئىدى. بۇ پەللىدە دار ئارقىنى بىلەن تەختى پەررە 45 گرادۇسلۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ، بارغانسېرى تىكلىشىشنى، سۇناي ئۆزۈپ ـ ئۆزۈپ مۇڭ ئارىلاش چېلىنىشقا باشلىدى. دارۋاز ئويۇن ۋۇجۇدىدىكى كۈچ ـ غەيرىتىنى قايتىدىن يىغىپ، قەتئى ئىرادىگە كېلىپ، ئىلگىرىلەشكە تىرىشىپ قالغان

ئارقىدا بىر قەدەم، بىر قەدەمدىن بېسىپ ئىلگىرىلەيتتى... كۆرمەك يۈرەكلەر دۈپۈلدەپ، مىڭلاپ كۆزلەر تەختى پەرىگە تىكىلگەن ئىدى...

دارۋاز تەختى پەرىگە ياماشتى! قەھرىمان مەنزىلىگە يەتتى! ئەنسىز تىپىۋاتقان يۈرەكلەر بىردىنلا جايىغا چۈشتى. پۈتۈن مەيدان گۈلدۈراس ئالقىش ساداسىغا چۆمۈلدى. ناغرا - سۇنايلار تەنتەنىسىدىن شاتلىققا تولغان يۈرەكلەرگە جور بولۇپ، «نادىيانە» گە چېلىندى. ئۇز كارامىتى بىلەن كىشىلەرنىڭ يۈرىكىنى زىل - زىلىگە كەلتۈرگەن دارۋاز بىلەن تاماشىبىنلارنىڭ ھېسسىياتى بۇ چاغدا ئۇز ئارا بىرلىشىپ كەتكەندەك بولدى. لېكىن شادلىق يەنتەمىسى ئانچە ئۇزاققا بارماي، يەنە بىر كۈتۈلمىگەن "مۈشكۈللۈك" سادىر بولدى. غەلىبە تەنتەنىسىنىڭ شاۋقۇنى "ئاپلا، بولمىدى" دېگەن كۈتۈلمىگەن ئىندا بىلەن ئالماشتى. دارۋاز ئىگىز تەختى پەرى ئۈستىدىن يەرگە مولالاپ چۈشتى. ئاپلا! بىچارىنىڭ ئۇستىخانلىرى پارچە - پارچە بولۇپ كەتتى بولغاي؟! ھەممە كۆزلەر تەختى پەرىدىن يەرگە تىكىلدى. 25 مېتىر ئېگىزلىكتىن مولالاق ئېتىپ چۈشكەن دارۋازنىڭ "جەسىتى" چاپان ئىچىدە مىدىرلىماي ياتاتتى... مۇشۇنداق بىر ئەنسىزلىك ئىچىدە دار موماسىغا جان كىرىپ لىڭشىشقا باشلىدى. ھەممە كۆزلەر موما بويلاپ تەختى پەرىگە تىكىلدى. دارۋاز تەختى پەرى ئۈستىدە ئىلجىراپ تۇرۇپ تاماشىبىنلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈۋاتاتتى. كۆڭۈللەر جايىغا چۈشتى. بىراق بۇ ئۇزۇنغا بارمىدى. دارۋاز بۇ قېتىم راستىنلا دارىدىن چۈشۈپ كەتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئەلىمىگە پۇتى مولالاقچە ئىلىشىپ قېلىپ ساڭگىلاپ توختاپ قالدى...

يۇقۇرقىلارنىڭ ھەممىسى دارۋازنىڭ كىشىلەر كۆڭلىنى زىل - زىلىگە سالىدىغان ھەممە كىشىلەرنى چەكسىز قايىل قىلىدىغان ئاجايىپ ماھارەتلىرى ئىدى. شۇ ئەسنادا ئەمدىلا 14 ياشقا كىرگەن شاگىرت دارۋاز 12 كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى، 6 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تەڭشەكنى دۇرۇس تۇتۇپ، دارغا چىقىشقا باشلىدى. ئۇ، ئۇستازىنىڭ ھەممە ھەرىكەت شەكىللىرىنى بىرمۇبىر ماھارەت كۆرسەتتى. بۇ يىگىت ۋارىسنىڭ ماھارىتى ھەممە ئادەمنى يەنە بىر قېتىم ھەيران قالدۇردى. ئۇمۇ كۆك ئاسمىندا پەرۋاز قىلغان قالغاچتەك ئەپلىك ھەرىكەت، چاققان قەدەملەر بىلەن تەختى پەرىگە چىقىپ ئۇستازى بىلەن بىللە چىمىرىق ئۈستىدە بېلىقتەك پىلتىڭشىپ مولالاق ئېتىپ ئۆز سەنئىتىنى نامايەن قىلدى.

دارۋازلىق سەنئىتى - ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان، تاماشىبىنلار قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە سەنئىتى تۈرلىرىنىڭ بىرى. ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چوڭ تىپتىكى ئەدەبىيات - سەنئەت، مۇزىكا بايلىقى «ئون ئىككى مۇقام» غا ئوخشاش ئۇزۇن تارىخقا ۋە قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. دارۋازلىق سەنئىتى يۇقۇرى ماھارەت، جاسارەت، روھ، قاتتىق ئىرادە تەلەپ قىلىدىغان نازۇك ھەرىكەت. خەلق ئارىسىدا دارۋازلىق توغرىسىدا قىزىق رىۋايەتلەر بار ئىكەن: قەدىمقى زامانلاردا بىر شەھەرگە جادۇگەر پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئۇ، كىشىلەرگە بالايى - ئاپەت ياغدۇرۇپ، زادىلا خاتىرجەملىك بەرمەيتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭغا قارشى ئاتلانسا جادۇگەر ئۆزىنىڭ سېھىر كۈچى بىلەن بۇلۇتلار ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالىدىكەن. ۋاقىتلار ئۆتۈپ، جادۇگەر زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىۋاتقان كۈنلەردە، ئوبۇل ئىسىملىك بىر باتۇر يىگىت ئەقىل - پاراسەت ئىشلىتىپ، چارە ئويلاپ چىقىپتۇ. بۇلۇتقا تاقاشقىدەك بىر نەچچە موما ياغاچنى يەرگە قاداپ، ئۇلارنى ئۆز ئارا تۇتاشتۇرۇپ ئارقان باغلاپتۇ - دە، جادۇگەر پەيدا بولغان ھامان قولىغا قىلىچ

ئېلىپ، ئافغانىستان ئۈستىدە مېڭىپ، جادۇگەر بىلەن ئېلىشىپتۇ، ئاخىرى جادۇگەرنى ئۆلتۈرۈپ، خەلقنى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ دارۋازلىق ئويۇنى قەھرىمانلىقنىڭ سىمۋولى بولۇپ خەلق ئارىسىغا تارقىلىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئىكەن.

مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمقى تارىخى كىتابلىرىدا دارۋازلىق توغرىسىدا نۇرغۇن مول مەلۇماتلار بار. شەرقىي خەن دەۋرىدىن تاڭ سۇلالىسىگىچە بولغان دەۋرلەردە غەربىي رايوندىن سېھىرگەرلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە چاڭئەنگە بېرىپ دار باغلىغان («غەربىي رايوننىڭ قىسقىچە بايانلىرى»، «خەننامە»، «تاڭ ناملىرى»غا قارالسۇن). شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيخانىدا ساقلىنىۋاتقان تۇرپان ئاستانىدىن چىققان ھەيكەللەر ئىچىدە، تالاشقاق ھادىسىنىڭ ئۈچىدا بوزتىنى قايرىپ ئاسمانغا قىلىپ تۇرغان بىر جۈپ ھەيكەل بار. بايىنغولىن قىرغىز مەڭ ئۆيىنىڭ 77 - نومۇرلۇق غارىنىڭ تام سۈرەتلىرى ئىچىدە دارۋازلىق ئويۇنى ئوينىۋاتقان كۆرۈنۈشلەر بار. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن چۈنيۈەننىڭ «غەربىي يۇرتتا ئاڭلىغان - كۆرگەنلىرىم» دېگەن ئەسىرىدە، "ئۇيغۇرلار ناھايىتى ماھارەتلىك كېلىدىكەن. ناخشا - ئۇسسۇل، سېھىرگەرلىككە ئۇستا ئىكەن. مەسىلەن، مورالىق ئېتىشنى، مىس ئارقاندا مېڭىشتا ئوخشاش ئويۇنلارنى ناھايىتى ياخشى ئوينايدىكەن" دېگەن. ۋاڭ زىكېيىنىڭ «شىنجاڭ خاتىرىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ سېرىكچىلىرى 7 — 8 يېشىدىلا بىر قېتىمدا ئون نەچچە مورالىق ئالالايدىكەن، ئۇچقاندەك سەكرىيەلەيدىكەن، كۆرگۈچىلەرنىڭ كۆزىنى ئالا - چەكمەن قىلىۋېتىدىكەن، دېگەن.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دارۋازلىق سەنئىتى ئەنە شۇنداق ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، يېقىنقى 200 يىلدىن بۇيان ئۇنىڭغا ھاشىم ھاجى ئائىلىسى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن. ئۇ، بۇ ئويۇننى مەملىكىتىمىزدىلا ئويناپ قالماستىن، قەدىمقى زامانلاردا شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيەت ئۇچرىشىدىغان يول ئارا ئالماشتۇرۇشتا ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ قەدەم ئىزلىرى قالغان «يىپەك يولى» بويلىرىنى كېزىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئافغانىستان، پاكىستان، ھىندىستان، ئىران، ئىراق، سۈرىيە، ئەرەبىستان ھەتتاكى مىسىرغىچە بارغان. ھىندىستاندىكى ئۇلار ئويناتقۇچىلارغىمۇ، جاھانكەزدىلەرگىمۇ ئىلھام بولغان. ئۇ بارغانلا ئەللەرنىڭ خەلقلىرىدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتلار قالدۇرغان. ھاشىم ھاجى دارۋازلىق سەنئىتىدىلا ئاجايىپ ماھارەت ئىگىسى بولۇپ قالماستىن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇزىكا سەنئىتى «ئون ئىككى مۇقام»نى پىششىق ئىگەللىگەن. ھاشىم ھاجى ئۆز ئۆمرىدە 37 شاگىرت يېتىشتۈرۈپ، دارۋازلىق سەنئىتىنى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇشتا تۆھپە قوشقان.

كىشىلەر ھاشىم ھاجىنى ھۆرمەت بىلەن ئەسلىشىدۇ. ھاشىم ھاجى خەلقىمىز ئىچىدە ئەنە شۇنداق زور شۆھرەتكە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن كونا جەمئىيەتتە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت بۇ خىلدىكى سەنئەتكارلارغا ھەر خىل سۈيىقەستلىك زىيانكەشلىكلەرنى يەتكۈزگەن. ئۇ غۇلجىدا بىر قېتىم دار باغلىغاندا ئەكسىيەتچىلەر قايناۋاتقان ماتاۋۇرنى بېشىغا ئېلىپ، دارغا چىقىشقا زورلىغان.

ئازادلىق تېڭى ئاتقاندىن كېيىن، پارتىيە، خەلق ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە سەنئىتىگە ئالاھىدە ئېتىبار بەردى. ھاشىم ھاجىنىڭ ئوغلى سادىق ئاخۇن باشلامچىلىقىدا تەشكىللەنگەن شىنجاڭ سېرىك ئۆمىكى 1950 - يىللاردا ئاپتونوم رايونىمىزدا ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردە ئۆتكۈزۈلگەن كۆرەكلەردە 3 ئالتۇن مېدال ۋە ئىنئاملار بىلەن مۇكاپاتلانغان.

ۋەتەن ئاسمىنىنى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ، سەنئەت بېشىمىزغا ئۈششۈك تەككەندە، خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە – سەنئىتى — دارۋازلىق بىر مەزگىل يوقاپ كەتتى. "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" يوقىتىلىپ، ۋەتىنىمىز سەنئىتىنىڭ يېڭى باھارى باشلانغاندا، سۇناي – ناغرا – سۇناي شادىيانىسى جاراڭلىدى، دار مۇھەللىرى قايتا تىكلەندى، ئالقىش سادالىرى ئىچىدە دارۋازلار مەزمۇت قەدەملەر بىلەن كۆككە تىرەلگەن دارغا چىقتى.

مانا بۈگۈن خەلقىمىزنىڭ داڭلىق سەنئەتكارى مەرھۇم ھاشىم ھاجىنىڭ ئوغلى سىدىق ئاخۇن ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي دار ئويۇنىغا يېتەكچىلىك قىلىمدى. دارۋازلىق سەنئىتىنىڭ زامانىمىزدىكى ۋارىسلىرىدىن بولغان ئۇراخۇن بىلەن نېچچە دارغا چىقىشنى باشلىغىنىغا بىر يىل توشمىغان ياش – ئۆسمۈر تۇرسۇن مەھەممەت دارغا چىقتى. يېقىندىكى چىققان داڭلىق سىنايىچى ئابدۇگۇل بۇ ئويۇننىڭ قايتا تىرىلدۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، قىسقىنى ھاياجانلانغانلىقىدىن ھېرىپ – چارچىغىنىغا قارىماي، شوخ يەددىلىرى بىلەن تاماشىچىلارنىڭ قەلب تۇركىشلىرىگە جۇر بولدى.

مەن بۇ قېتىم خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە سەنئىتى — دارۋازلىق ئويۇنى داۋامىدا، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ماھارەتلەر كۆرۈنگەندە، ئايىغى ئۈزۈلمەي چېلىنغان ئالقىش سادالىرىدىن، پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا قايتا گۈللىنىپ ياشناۋاتقان ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە – سەنئەت باھارىنىڭ كەلگۈسى مەنزىرىسىنى كۆرگەندەك بولدۇم.

ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە سەنئەتكارى ئۇراخۇن داردىن غالىبىلىك چۈشكەندە، يۈزلىگەن مەيدان يەنە بىر قېتىم لەرزىگە كەلدى. 99 ياشلىق بىر ئۆزبەك بوۋاي ھاياجانلىنىپ، ئاتا – بوۋىلىرىدىن مىراس قالغان، ئۇرىدىن ئايرىماي ساقلاپ كېلىۋاتقان تەسۋىسىنى ئۇراخۇنغا تەقدىم قىلىپ، چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن: "ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ئەنئەنىسى ۋە ئىمراداسىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان "دارۋازلىق" ئويۇنىمىزنىڭ خۇددى تەسۋى ھارجانلىرىدەك، ئەۋلادتىن – ئەۋلادقا ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ، نېمىسى رونىق تېپىشىنى تىلەيمەن" — دېدى.

تۇرسۇن ئىلىم تەھرىرلىگەن.

## مەشھۇر كىشىلەرنىڭ سەنئەت توغرىسىدا ئېيتقانلىرى

سەنئەتچى قەيەردىكى تەبىئەتنى قۇش مۇناسىۋەتنى، يەنى ھەم خۇشاللىق ھەم چىگىرالىق مۇناسىۋەتنى ئىلاۋشى كېرەك.

— گېيوتى

پالاكەت سەنئەتچى پەشتاقلارنىڭ كۆز ئالدىدىن ئايرىلالمايدۇ.

— روتان

— ئۇيغۇر مۇقاملىرى توغرىسىدا —

## مۇقاملىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى

گۈەن يېۋپي

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ غەرب-سى ياۋروپادىكى ۋە ياپونىيەدىكى بەزى ئالىملار شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا رايونلىرىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا «مۇقام» دېگەن بۇ ئاتالغۇغا دۇچ كەلگەن ۋە بۇ ھەقتە نۇرغۇن پەرەز ۋە قىياسلارنى قىلغان. مۇقامنىڭ مەنىسىنى «مۇزىكا داستانى» ياكى «كۈي شەكلى» دەپ چۈشەندۈرگەن، بۇ چۈشەنچە ھازىرغىچە تېخى ئېنىقلانغىنى يوق. مۇقامنىڭ شەكلى ۋە تەرەققىياتى قاتارلىق مەسىلىلەردە كۆپچىلىكنىڭ پىكرى ھەر خىل بولۇپ، بىرلىككە كەلگىنى يوق. ياكى ئۇنى پارسلار ۋە ئەرەبلەردىن كەلگەن دېيىشىدۇ، ياكى ھىندىستاندىن چىققان دېيىشىدۇ، نۇرلۇق سەيياھەتنامىلەرنىڭ زەھەرلىرىمۇ كەڭ تارقالغان.

1924 ـ يىلى سوۋېت ئۆزبېك كومپوزىتورى ۋ. ئا. ئۇسپېنسكىي (1879 — 1949) «6 بۆرۈش مۇقام» نىڭ نوتىسىنى يېزىپ چىققان ۋە ئۇنى نەشر قىلدۇرغان. بۇ مۇقاملارنىڭ مۇزىكا ماتېرىياللىرىنى ئۆزبېكىستاننىڭ خارەزم رايونىدىكى ئاتاقلىق خەلق سەنئەتكارى نىياز مىرزا باشى توپلىغان. ئەسلىدە خارەزم تەمبۇرىنىڭ نوتىسى دەپ ئاتالغان بۇنىڭ نۇسخىسىنى ئۇسپېنسكىي تەتقىق قىلىپ ۋە رەتلەپ، بەش سىزىقلىق نوتا قىلىپ نەشر قىلدۇرغان. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە «6 بۆرۈش مۇقام» نىڭ ئالدىنقى ئىككى بۆرۈشىنىڭ باشقا تېكىستلىرىنى رەتلەپ، نوتىلىرى بىلەن بىللە 1950 — 1954 ـ يىللىرى ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر قىلدۇرغان.① سوۋېت ئۆزبېك سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ بۇخارا شەھىرىدە نەشر قىلىنغان مۇزىكا ماتېرىياللىرى ئانچە تولۇق بولمىسىمۇ، لېكىن بەزى ئالىملارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان ئىدى.

ئېلىمىز ئازاد بولغاندىن كېيىن، مىللىي مۇزىكا — مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قېزىش ۋە رەتكە سېلىش ئىشىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى مەخسۇس گۇرۇپپا قۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئاتاقلىق خەلق سەنئەتكارى تۇردى ئاخۇن، شىمالىي شىنجاڭدىن ئاتاقلىق خەلق سەنئەتكارى روزى تەمبۇر قاتارلىق كىشىلەرنى تەكلىپ قىلدى. ئالدى بىلەن ئېيتىلىپ بېرىلگەن «12 مۇقام» خاتىرىگە ئېلىندى ۋە رەتلەندى. 1960 ـ يىلى رەس-

مى كىتاب قىلىپ چىقىرىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، مۇقام مۇزىكىسى جۇڭگودىكى ۋە چەتئەللەردىكى نۇرغۇن ئالىملارنى قىزىقتۇردى ۋە ئۇ مۇزىكا تارىخى ۋە مىللىي مۇزىكىلار تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قاتارىدى.

## مۇقدۇر — مۇقامنىڭ باشلانغۇچ شەكلى

**1. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى ئەسىر ئىلگىرىدىكى زامانلاردا، مۇقدۇر شىنجاڭنىڭ شەرق قىسمىدىكى تىيانشان تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي رايونلىرىدا تارقالغان.**

«جىننامە» نىڭ 25 - توپلىمىدىكى «نەغمە تەزكىرىسى» دە مۇنداق دەپ يېزىلغان:

"تونۇرىنىغا چىلىنىدىغان چالغۇلار ئىچىدە قوش بۇرغا بار ئىدى. بۇ بارىخۇر دەپ ئاتىلىدۇ. جاڭ چيەن ھەزرىتى غەربىي دىيارغا بارغاندا، ئۇنىڭ قائىدىلىرىنى ئۆگىنىپ كېلىپ، شىجىڭغا تارقاتقان. مارا بۇنىڭدىن مۇقدۇر دېگەن كۈينى تاپقان".

مۇنداق خاتىرىلەر كۆپ، شەرقىي جىن دەۋرىگىچە تارقىلىپ كەلگەن ۋە كۆي باۋ يېزىپ چىققان «قېدىمقى ۋە ھازىرقى كۆيلەر شەرھى» دېگەن «كېيىنكى خەننامە» دىكى «بەنچاۋ تەزكىرىسى» نىڭ شەرھىسىدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇلار «قېدىمقى ۋە ھازىرقى نەغمىلەر خاتىرىسى»، «كىتاب دىۋانىنىڭ ئەلكى يۈتۈكلىرى» دېگەن كىتابلاردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسەن جەدۋەتمىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

خەن دەۋرىدە غەربىي دىيار دەپ بۈگۈنكى شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كەڭ رايونلارنى كۆزدە تۇتاتتى، يەنە «تارىخنامە»، «خەننامە»، «ھۆكۈمدارلىق ئىبرەتنامىسى» دېگەنگە ئوخشاش تارىخ كىتابلىرىدىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، جاڭ چيەننىڭ زادى قايسى دەۋردە، قايسى يەردىن بارىخۇرنى ئېلىپ قايتقانلىقى، شۇ ئارقىلىق مۇقدۇرغا ئىگە بولغانلىقى، بۇنداق سەنئەتنىڭ قەيەردىن چىققانلىقىنى بىلىشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

جاڭ چيەن، خەن خاندانلىقىنىڭ خەنۋۇدى خەن خاندانلىقىنى قۇرۇپ ئىككىنچى يىلى (مىلادىيىدىن 139 يىل ئىلگىرى)② غەربىي دىيارغا بىرىنچى قېتىم سەپەر قىلغان. يولدا ھۇنلار تۇتۇۋېلىپ 10 يىلچە نەزەربەنت قىلىپ قويغان. كېيىن قېچىپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باكتىرىيىگە ۋە ئۇلۇغ ياۋچىلارنىڭ③ يۇرتىغا قېچىپ بېرىپ، بىر يىلدىن ئارتۇق دوستلۇق خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن، قايتىش ۋاقتىدا يەنە ھۇنلار تۇتۇۋالغان. كېيىن ھۇنلارنىڭ ئىچكى [illegible] لىكلىرىدىن پايدىلىنىپ قېچىپ كەتكەن. يۈەن شۇنىڭ 3 - يىلى (مىلادىيىدىن 126 يىل ئىلگىرى) ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن. بۇ قېتىم غەربىي دىيارغا بارغاندا نەچچە قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، نۇرغۇن جاپالارنى تارتقان. بارغاندا يۈز نەچچە كىشى بىلەن بارغان بولسىمۇ، قايتقاندا جاڭ چيەن بىلەن ئۇنىڭغا ھەمرا بولۇپ بارغان گەن پۇ دېگەن كىشىلا قايتىپ كەلگەن. چالغۇ ۋە ناخشا - كۈي ئېلىپ قايتىشقا زادىلا مۇمكىنچىلىك بولمىغان.

ئىككىنچى قېتىمدا يۈەن شۇنىڭ 6 - يىلى (مىلادىيىدىن 123 - يىل ئىلگىرى) ھۇنلارغا قارشى غەربكە يۈرۈش قىلغان ئۇلۇغ سانغۇن ۋېي چىڭ بىلەن بىللە بارغان. جاڭ چيەن يەر شارائىتىنى ياخشى بىلگەنلىكى، ئوت - سۇ بار يەرلەر بىلەن تونۇشلۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئۇلۇغ ئوليما دېگەن ئۇنۋان بېرىلگەن. بۇ قېتىم غەلىبە بىلەن تەنتەنىلىك قايتقانلىقتىن، يولەپ چالىدىغان بارىخۇر دېگەن سازنى بىللە ئېلىپ كەلگەن ۋە بۇنىڭ بىلەن مۇقدۇرغا ئېرىشىپ كۈچۈلدىكىدەك ئىش قىلغانلىقىنى سەزگەن.

ئۈچىنچى قېتىم غەربكە سەپەر قىلىش ئالدىدا، جاڭ چيەن يۈەن شۇئونىڭ 2- يىلى (مىلادىدىن 127 يىل ئىلگىرى) خارۇزىن لى گۇاڭ بىلەن بىللە ئوڭ ياقتىكى شىمالىي ئوزلىكلىكتە (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ ئىچى ـ تېشىدا) ھونلارغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتكەندە جەڭدە كېچىكىپ قويغانلىقى، خەن خاندانلىقىنىڭ قانۇنى بويىچە ئۆلۈمگە بۇيرۇلىدىغان جىنايەتچى بولغان. كېيىن ئەمەلىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، پۇقرالىققا چۈشۈرۈلۈپ قويۇلغان. شۇنىڭدىن كېيىن، يۈەندىڭنىڭ 2- يىلى (مىلادىدىن 115 يىل ئىلگىرى) خەن ۋۇدى جاڭ يەنە ئۇنى جوڭلاڭجاڭ قىلىپ تەيىنلەپ، 300 كىشى بىلەن تيانشاننىڭ شىمالىدىكى ئۇيسۇنلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكە ئەۋەتكەن، ئەلچىلەر بىرلى كېسەل بولۇپ ئۆلگەن. بۇ قېتىمقى سەپەردە جاڭ چيەن ئۇلارغا ئۆلمەس ئۆزنۇقلارنى قالدۇرغان. شۇڭا «چىننامە» دىكى خاتىرىدە بۇ نەرسە كۆرسىتىلگەن.

جاڭ چيەننىڭ ئەلچىلىكى قېتىم غەربىي دىيارغا بېرىپ ئۇلارغا سالغان ۋە چېگرا بىلەن بىللە ھونلارغا قارشى تۇرۇش قىلغان ۋاقتى خەن ۋۇدىنىڭ بۈيۈك شىر يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ چاغدا ھونلار شىنجاڭنىڭ لوپنۇر (قەدىمقى خەن خاندانلىقى دەۋرىدە شور كۆل دەپ تەرجىمە قىلىنغان) نى مەركەز قىلغان تيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىنى ئىگىلەپ تۇراتتى. بۇ رايوندىكى رولان، قانقىل① دېگەن جايلاردا مۇزىكا مەدەنىيىتى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان ئىدى. بۇنىڭدىن مۇنداق دۆلەتنىڭ مىلادىدىن 2 ئەسىر ئىلگىرىلا ھازىرقى شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تيانشاننىڭ جەنۇببىي رايونلىرىدا تارقالغان بىر خىل مۇزىكا ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

## 2. مۇقەدۇرنىڭ ئەسلى ئاتىلىشى ۋە ئۇنىڭ مەنىسى

ياپونىيىلىك كۇۋاپارا جىتسۇزۇ «مۇقەدۇر» دېگەن «ماخا ـ توخارا» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلغان.② «ماخا» ئەسلىدە سانسكرىتچە تىلىدىن كەلگەن بولۇپ، «بۈيۈك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «توخارا» دېگەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر جاينىڭ ئىسمى، دۆرۈۋىسىدا باكتىرىيە دەپ ئاتالغان. شۇڭا كۇۋاپارا جىتسۇزۇ مۇقەدۇرنى يەر نامى نەغمە نامى قىلىپ ئېلىنغان بىر خىل توخارا نەغمىسى ياكى باكتىرىيە نەغمىسى دەپ قارىغان. كېيىن ۋاتتېرس يەنە «مۇقەدۇر» دېگەن سانسكرىتچە سۆزدىكى «تۇرياھ» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، نەغمە دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمما كۇۋاپارا ئىككىلىسىنىڭ ساكاكىدىن تەلىم ئېلىپ، «تۇرياھ» دېگەن سۆز نەغمە دېگەندىن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بەلكى جاڭ ـ خولۇ ئاۋاز چىقىرىدىغان بىر خىل چالغۇنى كۆرسىتىدۇ، شۇنىڭدەك چالغۇ يەنى چالغۇچىلار دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ، دەپ قارىغان ئىدى. شۇڭا كۇۋاپارا ئاخىرىدا مۇقەدۇرنى «چوڭ نەغمە» دەپ چۈشەندۈرىدۇ. يۇقىرىدىكىلەر پەقەت تىل جەھەتتىكىلا پەرەزلەر بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاساس قىلىنىدىغان پاكىت يوق.

ئەمەلىيەتتە، «مۇقەدۇر» ماخادۇرنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدۇر. ئۇيغۇر يېزىقى بويىچە ماخادۇر دەپ يېزىلىدۇ. «ماخا» دېگەن سۆز «بەنچ» دېگەن سۆزگە ئوخشاش. قەدىمقى زامانلاردا شىنجاڭ رايونىدا ئۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ئورتاق قوللىنىدىغان سۆزى بولۇپ، «بۈيۈك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ؛ «دۇر» دېگەن سۆز كېيىن قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا ۋە ھازىرقى غەربىي قىسىمدىكى موڭغۇللار تىلىدا «ناخشا» دېگەن مەنىنى ئالغان. شۇڭا «مۇقەدۇر» نى يۇقىرىقىلاردىن ئۇلۇغ ناخشا ياكى قەسىدە ئۇلۇغ كۈي دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ.

«مۇقەددۇر» (ماھدۇر) قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا يەنە «ئۇلۇغ دۇر» دەپمۇ ئاتالغان بولۇپ، ئوخشاشلا ئۇلۇغ كۈي دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. ھازىرقى شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى قۇمۇل، ئاراتۇرۇك رايونلىرىدىكى ئۇيغۇر مۇقاملىرىدا «ئۇلۇغ دۇر مۇقامى»، «ھاي، ھاي نۇلان مۇقامى» دېگەن مۇقاملار بار بولۇپ، ھەممىسى ئۇسسۇل نەغمىلىرىدىن تەركىب تاپقان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە «دۇر مۇقامى» دېگەن بىر مۇقاممۇ بار بولۇپ، بۇمۇ بۇرۇنقى خەلق ناخشىلىرى ۋە ئۇسسۇل ناخشىلىرىدىن تەركىب تاپقان. بۇ ھال مۇقەددۇرنىڭ يەر ناملىرى قويۇلغان ناخشا - كۈيمۇ ئەمەسلىكىنى، نەغمە دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدىغانلىقىنى، ئەمەلىيەتتە قەدىمكى دەۋردە ئىپادىلىنىش جەريانىدىكى رولى، قانداق دېگەن جايلاردا تارقالغان چوڭ ھەجىملىك نەغمىلىك ناخشا ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.

### 3. مۇقەددۇر ۋە ئۇنىڭ مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى

«جەننامە» دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، جاڭ چيەن غەربىي دىياردىن يولىدىن چاڭئەنگە بىللە چاڭئەنگە بارىدىغانى ئېلىپ كەلگەنلىكى ۋە ئۇنىڭدىن مۇقەددۇر كۈيىگە ئىشلىتىلگىنى، مۇقەددۇرنىڭ يۇرغىنىڭ تەگكىنى بىلەن ئېيتىلىدىغان نەغمىنىڭ كۈي ئىكەنلىكى شۇڭا - شۇبھىسىز، بىر يەنە «جەننامە» نىڭ «نەغمە تەزكىرىسى» دېگەن بابىدىكى خاتىرىلەرگە قاراپ باقايلى:

"لى يەنيەن غەربىي دىيار نەغمىسى (يەنى مۇقەددۇر) ئاساسىدا 28 ئاھاڭنى ياراتقان. بۇ جەڭ ھارۋىلىرىدا چېلىنىدىغان ھەربىي مۇزىكىغا ئۆزگەرتىلگەن بولۇپ قالغان ئىدى".

خەن خاندانلىقىنىڭ نەغمە - ناۋا مەھكىمىسىنىڭ ئاتاقلىق مەششاقى لى يەنيەن مۇقەددۇرنىڭ ئەسلى كۈيلىرى ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ 28 ئاھاڭ (ياكى 28 بۆلەك) لىك ھەربىي نەغمە ئىجاد قىلغان. دېمەك «مۇقەددۇر كۈيى» نىڭ ئەينى ۋاقىتتا بىر مۇزىكا بولمىسىمۇ، ھالقى سىزىۋىشلىكەن چوڭ نەغمە ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ.

قەدىمدا ساز نەغمىلىرىنىڭ تولىسى خەلق ناخشىلىرى ياكى ئۇسسۇل نەغمىلىرىدىن ئۆزگەرتىلىپ تۈزۈلگەنتى. شۇڭا، ئۇ چاغلاردىكى مۇقەددۇر بىر خىل تۈرلۈشكەن خەلق مۇزىكىسى بولۇپ، ئۇنىڭ خەلق ناخشىلىرى ياكى ئۇسسۇللۇق نەغمىلەردىن تەركىب تاپىدىغانلىقى ئېھتىماللىقى كۆپ ئىدى، مەسىلەن: ھازىرقى شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە «بىر تۇرۇش ئىلى ناخشىلىرى»، «بىر تۇرۇش ئۇسسۇللۇق سەنەم» ۋە «بىر يۈرۈش مەرغۇللار» بار.

## مۇقام مۇقەددۇرنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشى بىلەن شەكىللەنگەن مۇزىكىلىق، ناخشا-ئۇسسۇللۇق بىر يۈرۈش كۈي

### 1. كۆچار يازما يادىكارلىقلىرىدا يېزىلغان مۇقام توغرىسىدىكى خاتىرىلەر.

«مۇقام» دېگەن نام توغرىسىدا ئەڭ قەدىمقى تارىخىي ھۆججەتلەردە يېزىلغان خاتىرىلەرنى ئۇچراتتۇق. مىلادىيە 4 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆچار يېزىقىدا ⑥ يېزىلغان «تارانىي جاتاكا» دېگەن بىر ھېكايە بار. بۇ ھېكايىدا پادىشا تەرىپىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان رىدۇساكا (رۇدراداكا) دېگەن كىشىنىڭ پادىشانىڭ كەچۈرۈم قىلىشىنى تىلەپ، ئۆزىنىڭ مۇقامغا پىششىق بولغان بەش شاگىرتىنى شاھزادە "ئۇتتارا" غا سوغا قىلىش ئارقىلىق ئامان قالغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

«مۇقام» سۆزى ئەسلى كۆچار تىلىدىكى ئېيتىلىشى ماكايىكنى (ماكاياكنى) بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ماكا دېگەن سۆز ئۇيغۇر تىلىدىكى ماق بىلەن يېقىن كېلىدۇ، يىكنى بولسا ئۇكام دېگەن تاۋۇشقا يېقىن

كېلىدۇ. ئىككىنچىسى قوشۇپ ئوقۇغاندا، ئۇيغۇر تىلىدىكى ماق — مام دېگەن تاۋۇشقا يېقىن كېلىدۇ. كۇچار تىلىدا ماكا دېگەن سۆز چوڭ، يوغان، كۆپ دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، مۇزىكا دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.⑦ دېمەك ماكا — يىغىپ دېگەن سۆز ئۇلۇق كۈي دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ.

ھازىر شىنجاڭدىن ئەرەبچە ئاسىيا رايونىغىچىلىك، تۈرلۈك مىللەتلەرنىڭ تىلىغا تەرجىمە قىلىش ياكى بىر مىللەتنىڭ ئۆزىدىكى شۇ يەرلىرى مۇشۇ بىلەن «مۇقام» دېگەن سۆز ھەر خىل يېزىلىپ كەلمەكتە. مەسىلەن: مقام (ئۇيغۇرلار 13 — ئەسىردە ئىشلەتكەن چاغاتاي يېزىقى، ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى پارس يېزىقى ۋە ئەرەب يېزىقىدا)، مۇقام (ھازىر قوللىنىلىۋاتقان كونا ئۇيغۇرچە يېزىقتا)، ماقام (جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاغزاكى تىلىدا ۋە تاجىك تىلىدا)، ماقام (جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مەكىت رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاغزاكى تىلىدا)، مۇقام (ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى بويىچە رەسمىي يېزىلىشى)، ماقام (سىلاۋيان يېزىقى ئاساسىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆزبېكلىرىنىڭ يېڭى يېزىقىدا) دېگەنگە ئوخشاش تۈرلۈكچە يېزىلىشلارنىڭ ھەممىسى كۇچار يېزىقىدىكى ماكا — ماكىنى دېگەن سۆزنىڭ تەرجىمىسىدىن كەلگەن.

## 2. خەنزۇچە تارىخىي كىتابلىرىدا كۇچار مۇقامى توغرىسىدا يېزىلغان خاتىرىلەر

كۇچار رايونىدا مۇقام توغرىسىدا ئەڭ دەسلەپ ئوتتۇرىغا چىققان قاراشلارنى خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدىن دەلىللەشكە بولىدۇ. «سۈينامە» دىكى نەغمە تەزكىرىسىدە يېزىلىشىچە، كۇچار مۇزىكىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگەن.

"دەسلەپتە لى گۇاڭ كۇچارنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇنىڭ نەغمە ناخشىلىرىنى قوبۇل قىلغان".

كېيىنكى لياڭ بەگلىكى لى گۇاڭنىڭ كۇچارنى بويسۇندۇرغان ۋاقتى مىلادى 4 – ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا، شەرقىي جىن خانى شياۋۇدى خاننىڭ تەييۈەن يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. «سۇينامە» نىڭ نەغمە تەزكىرىسىدە يەنە مۇنداق يېزىلغان:

"غەربىي سۇي دەۋرىگىچە، غەربىي ئىقلىم كۇچار نەغمىسى، چىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى كۇچار نەغمىسى يەرلىك كۇچار نەغمىسى دېگەن 3 يۈرۈش نەغمە بار ئىدى".

«3 يۈرۈش» كۇچار نەغمىسى دەپ ئاتالغان ئىكەن، ئۇنىڭ ھەر بىر يۈرۈشى ھەرگىز بىر نەچچە كىچىك ئىككى قىسىمچە قوشاق ئەمەس، ئەينى ۋاقىتتا نۇرغۇن كۆپلىگەن خەلق ناخشىلىرى ياكى ئۇسسۇل ناخشىلىرىدىن تەركىب تاپقان بىر يۈرۈش ئىدى — نەغمە يەنى كۇچار مۇقامى ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاللە قامۇس»دىكى نەغمە .. ناۋا دېۋان بېگى دېگەن تارماقتا يەنە مۇنداق دەپ يېزىلغان:

"كۇسەن (كۇچار)، سۇلى (قەشقەر)، قاراقوجو (تۇرپان) قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسىدىلا چوڭ نەغمە بولغان."

مۇقام خەنزۇلار رايونىغا دەسلەپ كىرگەندە، ئۇنى مۇۋاپىق تەرجىمە قىلالماي، كۇچار نەغمىسى دەپلا ئاتىغان. تاڭ دەۋرىگە كەلگەندە، دەسلەپكە مەنىسىنى تەرجىمە قىلىپ، «چوڭ نەغمە» دەپ ئاتىغان. ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ رايونىدىكى كۇچار، سۇلى، قاراقوجو قاتارلىق جايلاردا مۇقام دېگەن بۇ سەنئەت شەكلىنى كەڭ تونۇلغان.

## 3. مۇقامنىڭ مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى

كۇچار موجىدىلىرىدە مۇقام دېگەن ئاملا تىلغا ئېلىنغان، بىراق مۇقامنىڭ مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى توغرىلىق ھېچنەرسە يېزىلمىغان.

مۇقەددىمە بىر خىل نەغمىنى ئاساس قىلغان بىر يۈرۈش ناخشا. دەسلەپ بۇرغا - سۇنايلار بىلەن ئېيتىلىدىغان بىر يۈرۈش ناخشىلار، بىر يۈرۈش خەلق ناخشىلىرى، ياكى بىر يۈرۈش ئۇسسۇل ناخشىلىرى. مۇقام بولسا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ راۋاجلىنىش داۋامىدا پەيدىن - پەي شەكىللەنگەن ئۇيغۇر سال ناخشا - مۇزىكا ۋە بىر يۈرۈش ناخشا - ئۇسسۇللۇق نەغمىدۇر. مۇقام دەسلەپتە پەقەت خەلق ناخشىلىرى ۋە ئۇسسۇل ناخشىلىرىدىلا تەركىب تاپقان. مەسىلەن: ھازىرقى شىنجاڭنىڭ شەرق قىسمىدىكى قۇمۇل، تۇرپان رايونلىرىدا تارقالغان مۇقاملار بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

مىلادىنىڭ 6 - ، 7 - ئەسىرلىرىگە كەلگەندە، غەربىي تۈركلەرنىڭ تەسىر كۈچى بىلەن، تۈرك تىلى شىنجاڭ رايونىدا ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ تىللىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان ئىدى. شۇڭا تۈرك تىلى ئادەتتىكى تۇرمۇشتىلا قوللىنىلىپ قالماستىن، ھەتتا مۇزىكا ساھەسىدىكى مەخسۇس ئاتالغۇلارمۇ كۆپىنچە تۈرك تىلىدا ئاتىلاتتى.

«نەغمە مەجمۇئەسىدىكى شېئىرلار توپلىمى» نىڭ 26 - جىلدىدا مۇنداق يېزىلغان:

"چوڭ نەغمە يەنىمۇ، كۆي، تولەندىن تەركىب تاپىدۇ."

تۈرك تىلىدىن قارىغاندا، بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى تۈرك تىلىغا ياتىدۇ. «يەت - يەن» ئادەتتە نەغمىنى كۆرسىتىدۇ؛ «كۆي» بولسا مۇزىكىلىق ناخشىنى كۆرسىتىدۇ؛ «تولەن» ئۇسسۇل ناخشىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. تولەن دېگەن ئەسلىدە يايلاقلاردا ئۆسىدىغان بىر خىل قىزىل گۈلنىڭ نامى. قەدىمقى تۈرك تىلى سىستېمىسىدىكى⑧ مىللەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ھەر يىلى 5 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى قىزىل گۈل ئېچىلغاندا، ئۇلار ئەنئەنىۋى ئادەتلىرى بويىچە تەڭرىگە سېغىنىش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ئەر - ئايال، ياش - قېرى بىرلىكتە چوڭ-لەپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىشاتتى.⑨ بۇ خىل ناخشىلارنىڭ بېيىتلىرىدە "ھاي - ھاي تولەن، ھاي تولەن" دېگەن سۆزلەر تەكرارلىنىپ ئېيتىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن "تولەن" دېگەن سۆز ئاستا - ئاستا ئۇسسۇل ناخشىلىرىنىڭ نامىغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى.

دېمەك، ئەينى ۋاقىتتىكى مۇقام ناخشا، نەغمە ۋە ئۇسسۇل دېگەن 3 قىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. شىياۋتاڭ دەۋرىدىكى «گەتلەس كويىنەك نەغمىسى»، «قەلەم قاش نەغمىسى» نىڭ تەرتىپىگە⑩ قارايدىغان بولساق، بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ قەشقەر رايونىدا تارقالغان مۇقامنىڭ چوڭ نەغمە⑪ قىسمىدا ئاساسىي جەھەتتىن مىلادى 6 - ، 7 - ئەسىرلەردىكى مۇقامنىڭ مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى ساقلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋېلىپ تۇرىمىز.

| تاڭ دەۋرىدىكى چوڭ نەغمە | قەشقەر مۇقامىدىكى چوڭ نەغمە |
|---|---|
| (1) باشلىنىشى | باشلىنىش ئەركىن چېلىنىدۇ، |
| دابەز باشلىنىدىغان بىر | ئاھاڭ بىر نەچچە قېتىم ئۆزگىرىدۇ. |
| نەچچە ئاھاڭ تەكرارلىنىدۇ. | (1) ناخشا قىسمى بىر قانچە |
| (2) ئوتتۇرانچى باشلىنىشى | قېتىم تەكرارلىنىدىغان ناخشا، |
| داپ بىلەن باشلىنىپ | مۇزىكا، مەرغۇل، تەزە، تەزىنىڭ |
| بىر قانچە قېتىم تەكرارلىنىدۇ. | مەرغۇلى، ئۇسسۇل، ئۇسسۇلنىڭ مەرغۇلى |
| (3) ئۇسسۇللۇق ناخشىنىڭ | (چوڭ ئۇسسۇل) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە |
| تەكرارلىنىشى (يۈرۈش دەپمۇ | ئالىدۇ. |

ئاتىلىدۇ)
كۆپ ئۆزگىرىدۇ، سەزگەن
يارا ـ يارا تىرىلىشىدۇ.

(2) ئۇسۇللۇق داستان قىسمى رىتىمى
توختىمايدىغان جولا، سەدەم سەلقە،
بەشرۇ، پەشرۇنىڭ مەرغۇلى، تەكىتلەرنى
ئۇر ئۈچىگە ئالىدۇ.

قەشقەر مۇقامىنىڭ چوڭ نەغمە قىسمى باشلىنىشىدىن كېيىن ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. بىرى داستان قىسمى، باشلىنىشى دەپ ئاتىلىدۇ، ئىككىنچىسى ئۇسۇل ناخشىلىرى قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭ مۇزىكىسى چۈشۈرگە دەپ ئاتىلىدۇ. مەرغۇل بولسا شۇ ناخشىلارنىڭ ئارىلىقىغا قىستۇرۇلىدۇ.

بۇ خىل مۇقامنىڭ مۇزىكىسى نۇرغۇن خەلق ناخشا مۇزىكىلىرى (داستان ۋە ئۇسۇل ناخشىلىرى) نى ئۆز ئىچىگە ئېلىش بىلەنلا قالماي، ئۇنىڭغا بۇرۇنقى مۇقامدا بولمىغان كۆپ يېڭىلىقلار قوشۇلغان، بولۇپمۇ مەرغۇل قوشۇلغان. كېيىنچە خەلق سەنئەتكارلىرى ياكى مۇزىكاشۇناسلار بۇرۇنقى ناخشىلارنىڭ مېلودىيىلىرىنى قايتا ئۆزگەرتىش ئارقىلىق يېڭىدىن ئىجات قىلغان.

## 4. مۇقامنىڭ باشقا جايلار ۋە مىللەتلەر ئارىسىدا تارقىلىشى

«يىپەك يولى» دېگەن سودا ـ ئالاقىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ۋە شەرق مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، كۇچار مۇقامى شەرق ۋە غەربتىكى ھەرقايسى جايلارغا تارقالغان. ھەرقايسى جايلار ياكى مىللەتلەر يەنە مۇقامنىڭ بەدىئىي شەكلىنى ئۆلگە قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ناخشا مۇزىكىلىرىنى ئاساس قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇزىكىلىق، ئۇسۇللۇق يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن كۈيلىرىنى ياراتقان.

مىلادى 4 ـ ئەسىردىن كېيىن مۇقامنىڭ ناخشىلىق، ئۇسۇللۇق بەدىئىي شەكىللىرى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا كەڭ تارقىلىشقا باشلىغان، شۇنىڭدەك ھەر قايسى جايلار ئۆز مۇقاملىرىنى تۈزۈپ چىققان. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سەمەرقەنت، بۇخارا رايونلىرىدىكى خەلقلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ مۇزىكىلىرىدا مۇقام دېگەن بەدىئىي شەكىلنى قوبۇل قىلىپ كىرگۈزگەن. يىراقتا، ئەرەبىي ئاسىيانىڭ پېرسىيە، ئەرەبىستان رايونلىرىدىكى خەلقلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ مۇقام مۇزىكىلىرىنى تۈزۈپ چىققان. مەسىلەن: ئىراقنىڭ باغدات رايونىدىكى مۇقاملاردا② ھازىرغىچە قومۇل، تۇرپان رايونلىرىدىكى مۇقاملارنىڭ مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى ساقلىنىپ كەلمەكتە.

كۇچار مۇقامى خەنزۇلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا كىرگەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ باشقا رايونلىرىنىڭ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى رايونلىرىنىڭ مۇقاملىرىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن كىرىشكە باشلىغان. شۇنىڭدىن كېيىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ تونۇلغان چوڭ نەغمىلىرى شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىكى مۇقاملارنىڭ، بولۇپمۇ كۇچار مۇقامىنىڭ ناخشىلىرىغا ئاساسەن ئۆزگەرتىپ تۈزۈپ چىقىلغان، يەنى مۇقامنىڭ بەدىئىي شەكلىنى ئۆلگە قىلىپ، خەنزۇلارنىڭ نەغمىسى ئاساسىدا بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەش ئارقىلىق يېڭىدىن ئىجات قىلىنغان.

مۇقام مۇزىكىسى خەنزۇ رايونلىرىغىلا تارقىلىپ قالماستىن، باشقا قېرىنداش مىللەتلەر رايونلىرىغىمۇ تارقالغان. مەسىلەن: تاڭ جىڭلۇڭنىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىنىڭ 710 ـ يىلى) جۇڭزۇڭ خان جىن چېڭ مەلىكىنى تىبەت پادىشاھى چى دېزۇدەنگە بەرگەن، جىن چېڭ مەلىكە تىبەتكە ماڭغىچە «يەيچۇ» ئون مىڭ توپ ساۋار ـ دۇردۇن» بىلەن «ماۋشۇ، ئەدەبىياتى، چۇ جۇڭدىن ئەزكى ـ رىسى، ئاقلانما ئەسەرلىرى دېگەن كىتابلارنى بىللە ئېلىپ ماڭغاندىن باشقا كۇرلۇڭ ئۇستىلارنى

AltunOq

ۋە كۈچار مۇقامىنىمۇ⑬ ئېلىپ ماڭغان. مەسىلەن، تاڭ كەيزۇڭ (مىلادىنىڭ 713 — 741) يىللىرىدا تاڭ شىزۇڭنىڭ يۈزەنتىنىڭ دالى رايونىنىڭ⑭ يەرلىك پادىشاسى ئەن جاۋۋاڭغا كۈچار مۇقامى بىلەن غەربىي دىيار نەغمىسى (كۈچار مۇقامىدىن باشقا، شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنىڭ مۇقاملىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) دىن ئىككى قىسىمنى تەقدىم قىلغان. دالى رايونىدىكى بەيزۇ خەلقى مۇقامنىڭ مۇزىكا شەكلىدىن پايدىلىنىپ بىخەتەر چوڭ نەغمە ئىجات قىلغان، بۇ نەغمە ھازىرمۇ داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

مۇقامنىڭ مۇزىكىلىق شەكلىنىڭ ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا ئەسىردە تەرەققىي قىلىپ يېتىشكەن يۇقىرى دەرىجىلىك ھەر خىل مۇزىكىلىرىغا تەسىر كۆرسەتكەن-كۆرسەتمىگەنلىكىگە كەلسەك، بۇ تەتقىق قىلىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدىغان مەسىلە.

## مۇقامنىڭ قېلىپلىشىشى

مىلادى 4 — ئەسىردىن 9 — ئەسىرگىچە، كۈچار مۇزىكىسى ئاجايىپ گۈللەنگەن ئىدى. كۈچار يولىدا شۇ چاغلاردا شىنجاڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرى بويىچە مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى بولۇپ قالغان ئىدى.

مىلادىنىڭ 840 — يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا ۋە يەمىرچا كۆچكەن ياغما قەبىلىسى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئولتۇرۇشلۇق بولغان تۈركلەرنىڭ قارلۇق قەبىلىسى بىلەن قوشۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا ۋە ئالتاي كۆلىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا قاراخانىلار سۇلالىسى (مىلادىنىڭ 942 — 1213 — يىللىرى) دېگەن يەرلىك ھاكىمىيەتنى قۇرغان. بۇ سۇلالە شىمالدا قارا قوچا (ھازىرقى تۇرپان ئەتراپىدا) نى پايتەخت قىلىپ، ئىدىقۇت خانلىقىدىكى ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغانلىقتىن، تارىختا يەنە قاراخانىلارنىڭ جەنۇبىي ئۇيغۇر خانلىقى دەپمۇ ئاتالغان. قەشقەر شەھىرى سىياسىي، دىنىي مەركەز بولۇپلا قالماستىن، يەنە 10 — ئەسىردىن 13 — ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بويىچە مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى بولۇپمۇ قالغان.⑮

ئەينى ۋاقىتتا مۇقام مۇزىكىسى ئاجايىپ گۈللەنگەن ئىدى. شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەنئەنىسىنى ئاساس قىلىپ تۈزۈپ چىققان مۇقاملىرى بار بولۇپلا قالماستىن، تۈرلۈك مۇزىكانت ئالىملار ۋە كەسپىي سەنئەتچىلەر ئىجات قىلغان مۇقاملارمۇ بولغان. مىلادى 11 — ئەسىردە تۈرلۈك مۇقاملارنى قېلىپلاشتۇرۇش مەقسىتىدە بىر قاتار رەتلەش ۋە ئۆزگەرتىش خىزمەتلىرى ئىشلەنگەن.

### 1. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مۇقام توغرىسىدىكى تەبىرى

قاراخانىلار دەۋرىدە ئۆتكەن ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرى (قەشقەردە تۇغۇلغان، مۇھەممەت دېگەن كىشىنىڭ نەۋرىسى، ھۈسەيىن دېگەن كىشىنىڭ ئوغلى) «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دېگەن قامۇس تۈزۈلگەن 3 جىلدلىق مەشھۇر ئەسىرى يازغان، (مىلادى 1072 —

1077 – يىللار) بۇ ئەسىرىدە چۈشەندۈرۈلمىچە، ئەينى ۋاقىتتىكى مۇقام ئىستايىل مۇكەممەل ۋە قېلىپلاشقان (ئۆلچەملىك، قانۇنىيەتلىك) بىر مۇزىكىدىن ئىبارەت بولغان.

لۇغەتتە مۇقام توغرىسىدا يېزىلغىنىمۇ ئېنىقراق بىر نەرسە يېزىپ قالدۇرۇلمىغان بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭدا ناھايىتى مۇھىم بىر يىپ ئۇچى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. مەھمۇت قەشقىرىنىڭ چۈشەندۈرۈشىدىن ئۇنىڭ كۆرسەتكەن مۇقامىنىڭ تۈرلۈك مۇقاملار ئىچىدىن بىر تۈر رەتكە سېلىش ۋە ئۆزگەرتىش ئارقىلىق شەكىللەنگەن مۇكەممەل ۋە قېلىپلاشقان نەغمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەلۋەتتە، ھازىرغا قەدەر تارىخىي ھۆججەتلەردىن بۇ دەۋردە مۇقام ھەققىدە يېزىپ قالدۇرۇلغان بىرەر خاتىرە تېپىلغىنى يوق. ئەمما مۇقام توغرىسىدا يېزىلغان مۇناسىۋەتلىك باشقا خاتىرىلەردىن بۇ پاكىتنىڭ راست ئىكەنلىكىنى كۆرۈش تەس ئەمەس.

**2. ئىبنى سىنا (ئەبۇ ئەلى ئەل ھۇسەيىنى ئىبنى ئابدۇللا ئىبنى سىنا. مىلادى 980— 1037 يىللار).**

ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا تۇغۇلغان بولۇپ، قاراخانىلار دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر پەيلاسوپ ۋە فىزىكا ئالىمى. ئۇ مۇزىكىنىمۇ ياخشى بىلەتتى. ئۇنىڭ پارس تىلىدا يازغان ئەسەرلىرىدە 12 مۇقامنىڭ ھەر بىرسىنىڭ نامى ئېيتىپ ئۆتۈلگەن. كېيىن غىياسىددىن مۇھەممەت (غىياسىددىن مۇھەممەت ئىبنى جالالىددىن) مىلادىنىڭ 1242 – يىلى تۈزۈپ چىققان «غىياسۇل لۇغەت» نىمۇ ئاساسەن شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان خاتىرىلەر بار.

| ئىبنى سىنانىڭ خاتىرىلىرى (لاتىنچە يېزىلىشى) | غىياسىددىننىڭ خاتىرىلىرى (ئۇيغۇرچە يېزىلىشى) |
|---|---|
| 1. راخاۋى | 1. راھاۋى |
| 2. خۇسەينى | 2. ھۇسەينى |
| 3. راست | 3. راست |
| 4. خىزاجى | 4. ھىجاز |
| 5. ئاۋۇ | 5. كۈچەك |
| 6. بۇزرۇك | 6. بۇزرۇك |
| 7. ئىراج | 7. ئىراق |
| 8. زىرافكەند | 8. ئىسپاخان |
| 9. ناۋا | 9. ناۋا |
| 10. ئۇسسحاج | 10. ئۇششاق |
| 11. زانكۇلا | 11. رەنگۇلە ئەسلىك |
| 12. سالىق | 12. بۇسىلىك |

يۇقىرىدىكى مۇقاملارنىڭ ناملىرى كۆپىنچە شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جاي ئىسىملىرىغا قويۇلغان.

زىرافكەند (لاتىنچە زىرافكاند) دەپ يېزىلىدۇ. قەدىمقى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سەمەرقەند رايونىدىكى بىر شەھەر.

ھىجاز، ئەرەپ يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان. قىزىل دېڭىزنىڭ بويىدا، بۇ يەرنىڭ شەكلى جەنۇبىنى شىمالغا سوزۇلۇپ يېرىم ئاي شەكلىنى ئالغاچقا «يېرىم ئاي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ يەرگە ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس شەھەرلىرى مەككە بىلەن مەدىنە جايلاشقان.

ئىراق (مېسوپوتامىيە دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، غەربىي ئاسىياغا جايلاشقان. بۇ رايوندىكى باغدات شەھىرى ئەرەپ مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى بولۇپ قالغان.

ئىسفاخان (ئۇيغۇرچە ئىسپاخان يېزىلىدۇ)، ئەسلىدە پېرسىيىنىڭ پايتەختى بولغان.

سەلىق (لاتىنچە سەلىك يېزىلىدۇ)، تارىخشۇناسلار ئوتتۇرىسىدا بۇ ھەققە تالاش - تارتىش بولسىمۇ، لېكىن «سەلىق» نىڭ ئەسلى ئاتىلىشىدىن كېلىپ چىققانلىقى ئېھتىماللىقى كۆپ. قەدىمقى سەلى شەھرى قاراخانىيلار دەۋرىدىكى قەشقەر شەھرىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان.

كۆچەك (كۇچار) قەدىمدە كۆچار رايونىنىڭ سىرتىدىكى كىشىلەر كۆچارنى كۇچەك دىماكچى كۆچار دەپ ئاتىغان. لېكىن ئىككىسىنىڭ مەنىسى بىر - بىرىگە ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدۇ. كۇچەك، ئىخلاسمەن بونەملار دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، كۇچار، ئىخلاسمەن بۇتپەرەسلەر ئولتۇراقلاشقان شەھەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا يېزىپ قالدۇرغان 12 مۇقامنىڭ ناملىرى ئىچىدە كۆچەك (كۆچار) دېگەن نام يوق ئىدى. مىلادى 13 - ئەسىردىن ئىلگىرى ئىسلام دىنى تېخى كۆچار رايونىغا كىرمىگەن ئىدى. ئىسلام دىنىنى ئالدى بىلەن قوبۇل قىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسىدا بولسا يات دىندىكىلەرنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتىنى چەتكە قاققان. 13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە كۆچار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن «غىياسۇل لۇغەت» تە كۆچار دېگەن نام يېزىلغان.

يۇقىرىدىكى جاي ئىسىملىرىغا قويۇلغان مۇقاملاردىن بۇ مۇقاملارنىڭ مۇزىكىلىرىنىڭ شۇ جايلاردىكى يەرلىك مۇزىكىلارنى ئاساس قىلىپ ئۆزگەرتىپ تۈزۈپ چىققانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقىرى ئەمەلىيەتنىڭ بارغان خاتىرىلىرىدە راھاۋى مۇقامنىڭ ئاخىرقى مۇزىكى- سى(مۇقامنىڭ ئۇسۇل ناخشىلىرى قىسمىنى كۆرسىتىدۇ) غا ئەجەم دەپ نام بېرىلگەن. ئەجەم دەپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسى ئوتتۇرىسىدىكى جايلارغا ئېيتىلىدۇ. بۇ جايلار «ئىككى دەريا ئارىلىقى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مۇسەييەن دېگەن ئاتەتتىكى ئادەم نامى بولماستىن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بۇخارا رايونىدىكى شەھەر - كەنتلەردىن بىرىنىڭ، يەنى ئېيتىسانىڭ يۇرتىنىڭ نامى دولۇشى مۇمكىن. دېمەك، راھاۋى، مۇسەييەن دېگەنلەرمۇ يەرلىك مۇزى- كام مۇزىكىلىرى دېيىشكە كېرىدۇ.

يۇقىرىدىكى 12 مۇقامنىڭ ناملىرىنىڭ بىر قىسمىنى مۇقەددەس ئالىملار پاكى كىشىسى خەلى سەنئەتكارلىرى مەخسۇس يارىتقان. 1951 - يىلى خوتەندىن تېپىلغان چاغاتاي يېزىقىدىكى موللا ئىسمەتۇللا تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «تارىخىي مۇسىقىيون» دېگەن كىتاپتا يېزىلىشىچە، ئەبۇ نەسىر فارابى (870 — 950 - يىللار)① «راك»، «ئۇششاق»، مۇقاملىرى ئۈچۈن يارىتقان كۈي- لەر مەڭگۈ ئۆچمەس ئاۋاز دولقۇنىغا ئايلىنىپ قالغان.

«ئۇششاق» مۇقامى ئەينى زاماندا 12 مۇقامنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن.

يۇقۇرىدىكى ئەھۋاللار شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، قاراخانىلار دەۋرىدە پەيدا بولۇپ شەكىللىنىپ رەتلەنگەن 12 مۇقامنىڭ بىر قىسمى مەدەنىيەتلىك ياكى كەسپىي خەلق سەنئەتكارلىرى ئىجاد قىلغان. يەنە بىر قىسمى بولسا ھەر قايسى جايلاردىن يىغىلىپ تىزىلغان. ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى بىلەن شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى رايونلاردىن تاللاپ ئېلىنغان مۇقاملاردىن باشقا، پېرسىيە، ئەرەبىستان قاتارلىق غەربىي ئاسىيا رايونلىرىنىڭ مۇقاملىرىدىنمۇ تاللاپ ئېلىنغان. بۇنداق ئۆزگەرتىپ تۈزۈپ چىقىش ئۇسۇلى بىلەن، تاڭ دەۋرلىرىدىكى توققۇز قىسىملىق، ئون قىسىملىق مۇزىكىلارنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرىغانلىقى تۇرغان گەپ.

شۇ دەۋرلەردە شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى ھەر قايسى جايلاردا مۇقاملارنىڭ سانى كۆپ ئىدى. ئەمما شۇ كۆپ مۇقاملارنىڭ ئىچىدىن پەقەت ئون ئىككىسىلا تاللاپ ئېلىنىپ رەتلىنىپ چىققان. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا 12 مۇقامنىڭ ئىچىدە 24 سۆكەت بار بولۇپ، ئۇ مۇقامنىڭ باشتىكى ۋە ئاياقتىكى كۈيلىرىنى كۆرسىتەرمىش، 360 يۈرۈش مەرغۇل بولۇپ ئۇ 12 مۇقامنىڭ ئىچىدىكى ناخشا ۋە نەغمىلەرنىڭ ئومۇمىي سانىنى كۆرسىتەرمىش. بۇ رىۋايەت ئىسلام دىنىنىڭ يىل ھېسابلاش ئۇسۇلى بىلەن، يەنى سۆكەتنىڭ ھول، شەخس ۋە يىگىرمە ئوخشىمىغان يىل، ئاي، كۈن ۋە پەسىل قاتارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرىنى چۈشەندۈرىدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىدە گەپ يوق! "12" دېگەن سان ئەڭ مۇكەممەل ھېسابلىناتتى. شۇڭا قاراخانىلار سۇلالىسىدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيا رايونلىرىدىكى مۇقاملار ئىچىدىن رەتلەش ۋە تاللاش ئارقىلىق تۈزۈپ چىقىلغان. ئون ئىككى مۇقام ئەينى ۋاقىتتىكى ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ ئۈلگىلىك مۇقاملار ھېسابلانغان.

بۇ قېلىپلاشقان مۇقاملار ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان پىششىقلىنىپ بېيىپ بارغان. نەغمە مەزمۇنىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بەزى مۇقاملارنىڭ ناملىرىمۇ ئۆزگىرىپ بارغان. بەزى مۇقاملارنىڭ نامى ئۆزگەرمىگىنى بىلەن، نەغمە مەزمۇنى ۋە ناخشىلىرى تۈرلۈك دەرىجىدە ئۆزگىرىپ باسقان.

ھازىر ئۆزبېكىستاننىڭ بۇخارا، خارەزم ۋە پەرغانە ـ تاشكەنت قاتارلىق 3 رايونىدا ئانچە مۇكەممەل بولمىغان بىر دەرىجىدە يۈرۈش مۇقام ئىپتىدائىي ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇنىڭ ئىچىدە بۇخارا رايونىنىڭ «Бузрук»، «Раст»، «Наво»، «Ирак»، «Дугах»، «Сегах» دېگەن 6 يۈرۈش مۇقامى بار. خارەزم رايونىدا يۇقۇرىدىكى 6 يۈرۈش مۇقام ساقلىنىپ قالغاندىن باشقا يەنە «Панджгах» دېگەن بىر يۈرۈش مۇقام ساقلىنىپ كەلمەكتە. پەرغانە ـ تاشكەنت رايونىدا بولسا «Боёт»، «Дугох»، «Чоргох»، «Гулёр — шахноз» دېگەن تۆت يۈرۈشلا مۇقام ساقلىنىپ قالغان. بۇ مۇقاملار ۋە شىنجاڭدىكى قەشقەر، ياركەن رايونلىرىدىكى بىر قەدەر مۇكەممەللەشكەن ئون ئىككى مۇقام گەرچە ئۆزلۈكسىز پىششىقلىنىپ ۋە رەتلىنىپ سىلىقلىنىپ بارغان بولسىمۇ، يەنىلا ئوتتۇرا ئەسىردىن ئىلگىرى ۋە كېيىن قېلىپلاشقان مۇقاملارنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە قىسمەن ناخشىلىرىنى ساقلاپ قالغان.

بۇنىڭغا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىككى، شۇ ۋاقىتلاردىكى قېلىپلاشقان مۇقاملارغا شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا رايونلىرىدىكى مۇقاملارنىڭ نەغمىلىرى توپلاپ كىرگۈزۈلگەن. ئۇلارنىڭ

ئۆلىنىڭغا ھەر قايسى جايلارنىڭ نەغمىلىرىمۇ ئۆز ئالدىغا روشەن خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ئىدى. بولۇپمۇ ھەر قايسى جايلارنىڭ ئۆزلىرى قوللانغان تۈرلۈك كۈي شەكلىدىكى ئاۋاز تىزمىلىرىمۇ ئوخشاش بولمىغان. شۇڭلاشقا ئۇزاق مۇددەت داۋام قىلىش نەتىجىسىدە پارس، ئەرەب ۋە تۈرك نەغمىلىرىدە «مۇقام» دېگەن سۆز يەنە باشقا مەنىسى، يەنى تۈرلۈكچە كۈي شەكلىدىكى ئاۋاز تىزمىلىرى دېگەن مەنىنى ئالغان. مەسىلەن، پارس، ئەرەب نەغمىلىرىدىكى «ئۇششاق»، «ئىراق»، «ئىسفاھان»، «ھىجاز» دېگەن مۇقاملار، تۈرك نەغمىسىدىكى «سەبزىناك»، «كۈردى» دېگەن نامىلارنىڭ ھەممىسى كۈي شەكلى ئاۋاز تىزمىلىرىنىڭ نامىدۇر. بۇنىڭدىن تاشقىرى تۈرك تىلىدا غەربىي ياۋروپانىڭ يېقىنقى زامان چوڭ، كىچىك ئاۋاز تىزمىلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا «ماجىئار ماكام» دەپ تەرجىمە قىلىنغان.

يېقىنقىلارنى دېمىسەك ئېيتقاندا، مۇقامنىڭ ئىسلى مەنىسى چوڭ كۈي دېگەنلىك بولىدۇ. ھازىرغا قەدەر شىنجاڭدىن ئىرانغىچە ھەممە جايدا ناخشا، مۇزىكا، ئۇسۇلدىن ئىبارەت سەنئەت شەكلىنى ئالغان ئۇيغۇرچە ئالاھىدىلىك مۇقاملار ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئەمما تارىخىي جەريانىدا «مۇقام» يەنە «كۈي شەكلى» ياكى «كۈي شەكلىدىكى ئاۋاز تىزمىسى» دېگەن مەنىگە ئىگە بولغان. شۇڭا ئۇچۇق بىر - بىرىگە ئوخشىمىغان ئىككى خىل ئۇقۇمنى ئەگەر ئايرىلاشتۇرۇۋېتىش لازىم.

## شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا تارقىلىپ كەلگەن تۈرلۈك مۇقاملار

ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقى ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزىنىڭ يەرلىك مۇزىكىلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا باشقا مىللەتلەرنىڭ ۋە جايلارنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتىنى ئىجادىي قوبۇل قىلىپ مۇزىكا، ناخشا ۋە ئۇسسۇلنى كۆيلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر پۈتۈن شەكىلدە راۋاجلاندۇرغان كۈيلەر — مۇقاملارنى ئۈزگەرتىپ ئىشلەپ چىققان ۋە يېڭىدىن ياراتقان.

مىلادى 9 - ئەسىردىن ئىلگىرى شىنجاڭدا تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىقلاردا ئولتۇراقلىشىپ قالغان بىر قىسىم ئۇيغۇرلار بار بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ سانى ئاز ئىدى. كۆپ قىسىم ئۇيغۇرلار بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىدا ۋە تيانشاننىڭ شىمالىدىكى ياپلاقلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ياشايتتى. مىلادى 840 - يىلى (تاڭ كەيچىڭنىڭ 5 - يىلى) ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، تيانشاننىڭ جەنۇبىغا سۈرۈلگەن ئۇيغۇرلار شىنجاڭنىڭ ئىلگىرىكى ئۇيغۇرلارغا قوشۇلغاندىن باشقا يەنە كۆچار، قارا شەھەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى باشقا قەبىلىلەر ۋە خەلقلەر بىلەن، موڭغۇللار بىلەن ئۇزاق مۇددەت بىرگە ياشاپ، بىر - بىرىگە سىڭىشىپ تەرەققىي قىلىش نەتىجىسىدە بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار كېلىپ چىققان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇيغۇرلارنىڭ شىمالىي ياپلاقتا ياشىغان ۋاقتىدىكى مۇزىكا - نەغمىلىرىمۇ شىنجاڭنىڭ ئۆزىدىكى كۈسەن، سۇلى، ئۇدۇن قاتارلىق جايلارنىڭ مۇزىكا نەغمىلىرى بىلەن قوشۇلۇشى، شۇنىڭدەك خەنزۇلارنىڭ ۋە ئىسلام دىنىنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش ئارقىسىدا پەيدىن - پەي ھازىرقى زامان شىنجاڭ رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتى كېلىپ چىققان.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ رايونلاردىكى ھەممىلا يەردە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇقاملىرى ئىچىدىكى يەنە بىر تۈرلۈك كۈيلىرىنى ئاڭلىغىلى بولاتتى. بولۇپمۇ مول ھوسۇل تەنتەنىلىرى، ھېيت - ئايەم ياكى توي - تۆكۈنلەردە مۇقام ئېيتىش پائالىيەتلىرى تېخىمۇ كۆپ بولاتتى.

شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئېيتىلىپ يۈرگەن مۇقاملارنىڭ تۈرلىرى كۆپ. بۇلارنىڭ كۈي شەكلى، يۈرۈشى، سۆزلىكلىق قۇرۇلمىلىرىمۇ بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

## 1. قەشقەر، يەركەن رايونلىرىدىكى 12 مۇقام

بۇ مۇقام قىسقارتىلىپ قەشقەر 12 مۇقامى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يەنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن نەشر قىلدۇرۇلغان «12 مۇقام» ئەنە تۈزۈلگەندىن ئىبارەت. بۇ 11 - ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە قېلىپلاشتۇرۇلغان مۇقاملار ئاساسىدا كۆپ قېتىم پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە رەتكە سېلىش ئارقىلىق يەيدىن - يەي راۋاجلىنىپ كېلىپ چىققان 12 مۇقامدۇر.

مىرزا ھەيدەر (17) تۈزۈپ چىققان «تارىخىي رەشىدى» بىلەن موللا ئىسمەتۇللا تۈزۈپ چىققان «تارىخىي مۇسىقىيۇن» دا يېزىلىشىچە، مىلادى 16 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مىلك بۇلالىسى دەۋرىدىكى يەرلىك ھاكىمىيەت — قەشقەر خانلىقى (كېيىن ئۇنىڭ پايتەختى يەركەنگە يۆتكەلگەنلىكتىن يەركەنت خانلىقى دەپمۇ ئاتالغان) دەۋرىدە ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئاغىچىسى مەلىكە ئامانىسا خېنىم (18) شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن مۇقامنى پىششىق بىلىدىغان خەلق سەنئەتكارلىرىنى چاقىرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتاقلىق مۇغەننىسى قىدىرخان يەركەندىنىڭ (19) باشچىلىقىدا ئەينى ۋاقىتتا ئەل ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن مۇقاملارنى بىر قېتىم سىستېمىلىق تۈردە قايتا ئىشلەپ، رەتكە سېلىپ چىققان.

رەتكە سېلىپ چىققاندىن كېيىنكى مۇقاملارنىڭ ناملىرى «راك»، «چەببىيات»، «مۇشاۋىرەك»، «چارىگاھ»، «پەنجىگاھ»، «ئۆزھال ياكى ئۆزال»، «چول ئىراق»، «ناۋا»، «ئۇششاق»، «باياب ياكى بايات نام»، «ئەجەم»، «سىگاھ».

موللا ئىسمەتۇللانىڭ «تارىخىي مۇسىقىيۇن» دىگەن كىتابىدا يۇقۇرىدىكى مۇقاملار ئايرىم - ئايرىم كۆرسىتىلگەن. ئەمما تومۇر بەلگىلىرى بىلەن ئاجرىتىلمىغان. يەنە شۇ كىتابتا باشقا مۇقام بەدىن قىدىرخان ئىجاد قىلغان «ۋىسال» مۇقامى، مۇھەممەت كۆشەنگىر (20) ئىجاد قىلغان «دوگاھ» مۇقامىمۇ كۆرسىتىلگەن.

بۇلارنىڭ ئىچىدىكى «ناۋا» مۇقامى بىلەن «ئۇششاق» مۇقامىنىڭلا نامى 11 - ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە قېلىپلاشتۇرۇلغان مۇقاملارنىڭ نامىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

موللا ئىسمەتۇللانىڭ كىتابىدا «چول ئىراق» مۇقامى مەۋلانە ئەلى (21) تەرىپىدىن "ئىراق چۆلىنى كېزىپ يۈرۈپ، ھەج تاۋاپ قىلغىنى بارىدا يېزىلغان، چول ئىراق دىگەن نام ئەنە شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان." — دەپ يېزىلغان.

شۇڭا ئەسلىدىكى قېلىپلاشتۇرۇلغان مۇقاملار ئىچىدىكى «ئىراق» مۇقامى بىلەن 16 - ئەسىردىكى «چول ئىراق» مۇقامى ئاھاڭى باشقا - باشقا ئەسەرلەر بولۇشى مۇمكىن. لېكىن مەۋلانە ئەلمىنىڭ يازغان يىللىرىدىن قارىغاندا، «ئىراق» مۇقامىنىڭ نامى «چول ئىراق» مۇقامىنىڭ قىسقارتىپ ئېيتىلغان شەكلى بولۇشىمۇ مۇمكىن.

قالغان 5 مۇقام «غىياسۇل لۇغەت» تە بېرىلىشىچە مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

چارىگاھ — زەنگۇلە مۇقامىنىڭ يۇقۇرقى ئاھاڭىنىڭ ناخشا قىسمىنىڭ نامى.

پەنجىگاھ — رۇسىت مۇقامىنىڭ يۇقۇرقى ئاھاڭىنىڭ نامى.

بايات — كۆچەك مۇقامىنىڭ تۆۋەنكى ئاھاڭىنىڭ (ئۇسۇل ناخشىلىرى قىسمى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) نامى.

ئەجەم — راھاۋى مۇقامىنىڭ تۆۋەنكى ئاھاڭىنىڭ نامى.

دېمەك «چارىگاھ»، «پەنجىگاھ»، «بايات»، «ئەجەم»، «ئۇزال» قاتارلىق بەش مۇقامنى رەتلەشتە ئەسلى قېلىپلاشتۇرۇلغان مۇقاملارنىڭ قىسمەن ئاھاڭلىرىدىنلا پايدىلىنىلغان. شۇنىڭدەك يەنە ئۇلارغا نۇرغۇن يېڭى ناخشىلار ياكى ئۇسۇل ناخشىلىرى كىرگۈزۈلگەن. جۈملىدىن لۇتۇپ، سەككاكى②، قىدىرخان يەركەندى ۋە مۇھەممەت كېشتىنگەرلارنىڭ ئىجادىيەتلىرىمۇ كىرگۈزۈلگەن.

بولۇپمۇ شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، بۇ قېتىمقى يىشىلاپ ئىشلەش ۋە رەتكە سېلىش جەريانىدا «ھەجەز»، «ئىسفاخان» قاتارلىق ئەرەب، پارس رايونلىرىنىڭ مۇقاملىرى چىقىرىپ تاشلىنىپ، شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇقام مۇزىكىلىرى ساقلاپ قېلىنغان ۋە راۋاجلاندۇرۇلغان. بۇ ھال ئەينى ۋاقىتتىكى ئىسلام مەدەنىيىتى سوققا بېرىپ تۇرغان شارائىتتا، ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىلىرىنى قوغداپ، مىللىي مۇزىكىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە ئاكتىپ رول ئوينىغان ئىدى. روشەنكى، بۇ دەۋردە رەتكە سېلىنغان مۇقاملار 11 - ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە قېلىپلاشتۇرۇلغان مۇقاملار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇقام مۇزىكىسىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرغان. مىلادى 1879 - يىلىغىچە، قەشقەرلىك مەشھۇر خەلق سەنئەتكارى ھېلىم سەلىم، يەركەنلىك خەلق سەنئەتكارى سېتىۋالدى دېگەن كىشىلەر شۇ چاغلاردىكى مۇقاملارنى يەنە بىر قېتىم رەتلىگەندە، ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقى ياخشى كۆرىدىغان داستان ۋە مەشرەپ دېگەن ئىككى قىسىمنى ئەسلىدىكى مۇقاملار بىلەن بىرلەشتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تېخىمۇ زور كۆلەملىك ناخشا، مۇزىكا، ئۇسسۇللۇق بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ شەكىللەنگەن. يەنى ھازىرقى قەشقەر 12 مۇقامى كېلىپ چىققان. بۇرۇنقى مۇقاملار بىلەن كۆلىمى كېڭەيتىلگەن مۇقاملارنى ئايرىش ئۈچۈن بۇرۇنقىسىنى چوڭ نەغمە، كېيىنكىسىنى مۇقام دەپ ئاتىغان. ھەر بىر مۇقامنىڭ كېڭەيتىلگەندىن كېيىنكى قۇرۇلمىسى ئاساسەن مۇنداق بولغان:

(1) چوڭ نەغمە: مۇقامنىڭ باشلىنىشى، ناخشا قىسمى (بىر نەچچە ناخشا ۋە مەرغۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئۇسسۇل ناخشىلىرى قىسمى. (بىر قانچە ئۇسسۇل ناخشىسىنى ۋە ئايرىم ناخشىلاردىن كېيىن قوشۇپ چېلىنىدىغان مەرغۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)

(2) داستان: 3 تىن 5 كىچە ۋەقەلىك ناخشا ۋە مەرغۇلدىن تەركىپ تاپىدۇ. داستاننىڭ كىرىش قىسمىغا باشلىنىش مۇزىكىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىرىمۇ بار.

(3) مەشرەپ: 3 تىن 7 كىچە ئۇسسۇل نەغمىسىدىن تەركىپ تاپىدۇ. بۇنىڭ كىرىش قىسمىغا باشلىنىش مۇزىكىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىرىمۇ بار.

بۇلاردىن بىرىنچى قىسمى بولغان چوڭ نەغمىدە قوللىنىلغان مۇقاملارنىڭ ئۇسلۇب ۋە خۇسۇسىيەتلىرى كۆپرەك ساقلانغان. ئىككىنچى قىسمى بولغان داستان بىلەن 3 ـ قىسمى مەشرەپ بولسا ئاساسەن ئۆزگەرتىپ تۈزۈلگەن ئۇيغۇر خەلق مەلودىيىلىرىدىن تەركىپ تاپقان. بۇ ھازىرغا قەدەر شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى ئەڭ زور مۇقام ھېسابلىنىپ كەلمەكتە.

قەشقەر 12 مۇقامىدىكى ھەر بىر مۇقامنىڭ نامىنى 16 ـ ئەسىردە رەتلەنگەندىن كېيىنكى مۇقاملار بىلەن سېلىشتۇرغاندا «چول ئىراق» مۇقامىنى «ناۋا ئىراق» مۇقامىغا ئۆزگەرتكەندىن باشقا، قالغان ئون بىر مۇقامنىڭ نامى پۈتۈنلەي ئوخشىشىپ كېتىدۇ. پۈتۈن مۇقام مۇزىكىسى جەمئىي 170 پارچە ناخشا ۋە ئۇسسۇل ناخشىسى ھەمدە 72 مەرغۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئورۇنلىنىش ۋاقتى 20 سائەت داۋام قىلىدۇ.

مىلادى 1883 ـ يىلى قەشقەرلىك مەشھۇر خەلق سەنئەتكارى مۇھەممەت موللا (لەقىمى كارۋاناق) قەشقەرنىڭ 12 مۇقامىنى ئىلىغا ئاپارغان. ھەمدە ئۇنىڭ شىمالىي شىنجاڭدىكى شاگىرتلىرى ــ مەشھۇر دۇتارچى ھەمدە سازەندە ھەسەن تەمبۇرى، ئابدۇر غىجەكچى، روزى تەمبۇرلار بىلەن بىرلىكتە مۇقامنى بارلىق ئىشتىياق بىلەن يېڭى شۇغۇللانغان. مۇھەممەت موللىنىڭ قايتىدىن ئىشلەپ ئۆزلەپ چىققان مۇقاملىرىنىڭ ئاھاڭلىرى ھەم قۇرۇلمىسى پۇختا بولغاچقا، شىمالىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

قەشقەر 12 مۇقامى ئىلى رايونىغا يېيىلىپ تارقالغاندىن كېيىنمۇ 12 مۇقام ئىككىلىكىنى ساقلاپ قالغان، ھەربىر مۇقامنىڭ نامىمۇ ئۆزگەرمىگەن. لېكىن مۇزىكىلىق قۇرۇلما جەھەتتە خېلى ئۆزگىرىش بولۇپ، چوڭ نەغمە قىسمى چىقىرىپ تاشلانغان. پەقەت ئۇنىڭ باشلىنىش قىسمى بىلەن داستان، مەشرەپ قىسمىلا ساقلاپ قېلىنغان. مەسىلەن، راك مۇقامىنىڭ مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى مۇنداق:

مۇقامنىڭ باشلىنىشى

(1) داستان: بىرىنچى داستان، مەرغۇل، ئىككىنچى داستان، مەرغۇل، ئۈچىنچى داستان، مەرغۇل.

(2) مەشرەپ: بىرىنچى مەشرەپ، ئىككىنچى مەشرەپ.

2. قۇمۇل رايونىنىڭ مۇقامى. شىنجاڭنىڭ شەرق قىسمى ــ قۇمۇل، ئارا تۈرۈك رايونلىرىدا تارقالغان مۇقاملار (تۆۋەندە قىسقارتىپ قۇمۇل مۇقامى دەپ ئالىمىز) باشقا بىر خىل تىپتىكى مۇقام ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى قەشقەرنىڭ 12 مۇقامىغا سېلىشتۇرغاندا، مەيلى مەزمۇنى، مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى، ئۇسلۇبى جەھەتتە بولسۇن ناھايىتى كۆپ ئايرىمىلىقى بار.

قۇمۇل مۇقاملىرى كەملىيەتتە 19 دىن ئاشىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىدە «12» نى تۇگەل سان دەپ قارايدىغان ئادەت بولغاچقا بۇنىمۇ 12 مۇقامغا يىغىنچاقلىغان.

| 19 مۇقامنىڭ نامى | 12 گە يىغىنچاقلانغاندىن كېيىنكى نامى |
| --- | --- |
| (1) دۇر مۇقامى<br>(2) دۇر مۇقامىنىڭ ئىككىنچى چۇشۇرگىسى | (1) يۇرۇتۇم ئالەمنى مۇقامى |
| (3) مۇستەزات مۇقامى<br>(4) مۇستەزات مۇقامىنىڭ ئىككىنچى چۇشۇرگىسى | (2) بالغۇز تويۇم مۇقامى |
| (5) خوپتى مۇقامى<br>(6) خوپتى مۇقامىنىڭ ئىككىنچى چۇشۇرگىسى | (3) خوپىي مۇقامى |
| (7) چەببيات مۇقامى<br>(8) چەببيات مۇقامىنىڭ ئىككىنچى چۇشۇرگىسى | (4) جەنگگەم مۇقامى |
| (9) مۇشاۋرەك مۇقامى<br>(10) مۇشاۋرەك مۇقامىنىڭ ئىككىنچى چۇشۇرگىسى | (5) دەردىنگگە دەۋا مۇقامى |
| (11) ئۇز هال مۇقامى<br>(12) ئۇز هال مۇقامىنىڭ ئىككىنچى چۇشۇرگىسى | (6) دەردلىرىنىۋا مۇقامى |
| (13) ئىراق مۇقامى | |
| (14) دولان مۇشاۋرەك مۇقامى | (7) چوڭ دەردى يامان مۇقامى |
| (15) ئۇلۇغ دۇر مۇقامى | (8) دولان مۇقامى |
| (16) راك مۇقامى | (9) هاي - هەي ئولەن مۇقامى |
| (17) چارىگاھ مۇقامى | |
| (18) چارىگاھ مۇقامىنىڭ چۇشۇرگىسى<br>(19) دۇگا مۇقامى | (10) سايراك بولبۇلۇم مۇقامى<br>(11) چارىگاھ مۇقامى |
| | (12) كىچىك دەردى يامان مۇقامى |

بىزقۇرىدىكى مۇقاملارنىڭ ناملىرى ئاساسەن 3 جەھەتتىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن: بىرىنچى، قەدىمىي مۇقەددەم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: «ئۇلۇغ دۇر» بىلەن ماق - دۇرنىڭ مەنىسى ئوخشاش بولۇپ، چوڭ كۆزى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «دۇر» دېگەن سۆز ئەسلىدە پاكى ئاھاڭ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «خوپتى» دېگەن سۆز ئەسلىدە قۇمۇل رايونىدىكى بىر يېزىنىڭ ئىسمى. بۇ مۇقاملارنىڭ مۇزىكىلىرى يۇقىرىدىكى قۇمۇل، ئارا تۈزلۈك رايونلىرىدىكى خەلق قوشاقلىرى بىلەن ئۇسۇل سەنئەتلىرىدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قەدەر قەدىمىي ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىمۇ ساقلىنىپ قالغان. ئىككىنچى، قەشقەر، كۇچار قاتارلىق جايلاردىن تارقىلىپ كەلگەن مۇقاملار بولۇپ، قۇمۇل رايونىغا تارقىلىش جەريانىدا ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى يەرلىك مۇزىكىلار بىلەن قوشۇلۇپ، يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ۋە ئۇلارغا قۇمۇلنىڭ قوشاقلىرى، ئۇسۇل سەنئەتلىرى سىڭىپ كەتكەن، ئەمما يەنىلا قەشقەر مۇقاملىرىنىڭ ناملىرى قوللىنىلغان. مەسىلەن، «چەببيات» ، «مۇشاۋرەك» ، «ئۇز هال» ، «ئىراق» ، «چارىگاھ» مۇقاملىرى.

ئۈچمەتچى، كورلا، شايار، ئاۋات قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن دولان مۇزىكىلىرى. مەسىلەن: «دولان مۇشاۋىرەك» مۇقامى، «مۇستەزات» مۇقامى گەرچە قەشقەر 12 مۇقامىدىكى بىر خىل ناخشىنىڭ نامى بولسىمۇ، لېكىن قۇمۇلنىڭ «مۇستەزات» مۇقامىنىڭ ئاھاڭلىرىدىن قارىغاندا ئۇنىڭمۇ دولاندىن كەلگەنلىكى ئىنتايىن كۆپ يېقىن.

يەنە چاقلىقلاردىن كېيىنكى 12 مۇقامنىڭ نامى مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇنىڭ كۆپىنچىسى بۇ مۇقاملارنىڭ ئىچىدىكى خەلق قوشاقلىرى ۋە ئۇسۇل سەنئەتلىرىنىڭ نامىغا قويۇلغان. مەسىلەن، «سابىراڭ بولمۇلوم»، «دەردى يامان» دېگەن مۇقاملارنىڭ نامىلىرى شۇ مۇقاملارنىڭ بىرىنچى ناخشىسىنىڭ نامىغا قويۇلغان.

قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭ مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسىدا يەنىمۇ ئىلگىرىكى مۇقام شەكىللىرى ساقلىنىپ قالغان. ھەر بىر مۇقام باشلانما، ناخشا ۋە ئۇسۇل سەنئىتىدىن تەركىب تاپقان.

باشلانما: (1) ناخشا قىسمى (يۇقۇرى ئاھاڭ ياكى بىرىنچى سۈكەت دەيمىز ئاتالىدۇ) 5 تىن 10 غىچە قوشاق يەكى ئوزگەرمەيدىغان ئۆزۈلگەن تاكتلاردىن تەركىب تاپىدۇ.

(2) ئۇسۇل سەنئىتى (تۆۋەن ئاھاڭ ياكى ئىككىنچى سۈكەت دەيمىز ئاتىلىدۇ) 10 چە خەلق ئۇسۇل ناخشىسىدىن تەركىب تاپىدۇ.

قۇمۇل مۇقاملىرى بىلەن قەشقەر مۇقاملىرىنىڭ ئايرىمىسى ناھايىتى چوڭ.

بۇنداق مۇقاملار شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ بار. مەسىلەن: تۇرپان مۇقاملىرىمۇ ئەسلىدە 12 دىن كۆپ بولسا كېرەك. ئەمما ھازىر پەقەت ئېلىنمىنى ۋە مۇقام، قالغانلىرى ئىزدىلىنىۋاتىدۇ.

تۇرپان مۇقاملىرىنىڭ مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى قۇمۇل مۇقاملىرىنىڭكىگە ئوخشاش بولۇپ باشلانما، ناخشا ۋە ئۇسۇل ناخشىلىرى دېگەن قىسىملاردىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇنىڭ ناخشا قىسمىنى يەرلىك خەلق ھاۋازلىرىنىڭ داپ نەغمىسى دەيمىز ئاتايدۇ. ئۇسۇل ناخشىلىرى قىسمى جەۋلان دەپ ئاتىلىدۇ، چۈنكى بۇ يەردىكى مۇزىكا جانلىق، شوخ چېلىنىدۇ، ئۇسۇلغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

تۇرپان مۇقاملىرىنىڭ ناملىرى قەشقەر مۇقاملىرىنىڭكىگە ئاساسەن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ناخشىلىرى يەرلىك خەلق نەغمىلىرىنى ئاساس قىلغاچقا، يەرلىك تۈسى ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقىرى قۇمۇل مۇقاملىرى تۈرىدىكى ئىلى مۇقاملىرىمۇ كىرىدۇ. بۇ يەردە دەۋاتقىنىمىز ئىلىغا تارقىلىپ كىرگەن 12 مۇقام ئەمەس، بەلكى دائىرىسى كىچىك، پەقەت باشلانما ۋە 5 — 6 كۇپلېت خەلق ناخشىسى ھەم ئۇسۇل ناخشىسىدىنلا تەركىب تاپقان مۇقاملار. مەسىلەن، ئىلىنىڭ بىرىنچى مۇقامى تۆۋەندىكى قىسىملاردىن قۇرۇلغان:

باشلانما: (مۇقامنىڭ باشلىنىشى) ناگان، بەرباتەي، ئۇنداق ئەتمەڭلەر مېنى، سەن – سەن مېنى سەن.

بۇلاردىن «ناگان»، «بەرباتەي» دېگەنلەر خەلق ناخشىلىرى بولۇپ، كېيىنكى ئىككى كۇپلېتى ئۇسۇل ناخشىسىدۇر. قۇرۇلمىسى بۇنداق كىچىك، قىسقا مۇقاملار، ئېھتىماللىققا قارىغاندا قۇمۇل، تۇرپان ئەترابلىرىدىن ئىلى رايونىغا تارقىلىپ كەلگەن، يەنە كېلىپ بۇ مۇقاملارنىڭ ھەر ئىككىسىلا ئانچە تولۇق ئەمەسمىش.

AltunOq

3. دولان رايونىنىڭ مۇقاملىرى:

دولانلار ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تارمىقى. ئۇلار شىمالدا بوستۇن كولىدىن باشلاپ، تارىم دەرياسى ۋە يەركەنت دەرياسىنى بويلاپ تاكى يەركەنت شەھىرىگىچە بولغان جايلاردا، تەكلىماكان چۆللىنىڭ قىرغىقىدىكى شايار، ئاۋات، مارالبېشى، مەكىت قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلاشقان.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى دولان رايونىدىكى ئۇيغۇرلار (ئۇلار ئۆزلىرىنى دولانلار دەپ ئاتىشىدۇ) قاتناش قولايسىز، سىرت بىلەن ئالاقىسى ئاز بولغان چەت - ياقا يۇرتلاردا ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن، يايلاق يۇرتى چەمبەر تۇرمۇشنىڭ قەدىمىي تۈزۈلمىسىنى ناخشا ئۇسۇللىرىنى ساقلاپ قالغان. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ئۆزگىچە ئۇسۇل سەنئەتلىرىدىن تەركىب تاپقان يۈرۈشلەشكەن كۈيلەر بولۇپ، يەرلىك خەلق ئۇنى «دولان مۇقامى» ياكى «دولان سەنئىتى» دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇلاردىمۇ مۇقاملار 12 ئىمىش، مەسىلەن:

(1) بەياۋان، (2) جۈم — بەياۋان ياكى بوك — بەياۋان، (3) سىم — بەياۋان، (4) خۇدەك بەياۋان، (5) رىسال — بەياۋان، (6) جۇلە ياكى جولا، (7) توز مال ياكى ئەرزال، (8) دۆگامەت ياكى دۆگامەت، (9) باياۋات، (10) چارىگاھ، (11) مۇشاۋىرەك ياكى مۇشاۋىرەك، (12) راك.

ھازىر مەكىتتىن يىغىپ توققۇزلا مۇقام توپلانغانلىقى، ئۇلاردىكى «بەياۋان»، «باياۋات»، «چارىگاھ» دېگەن 3 مۇقام تېخى ئىزدىلىۋاتىدۇ.

دولان مۇقاملىرىنىڭ ئۆزىگە خاس قۇرۇلمىسى بار بولۇپ، ھەر بىر مۇقام باشلانما ۋە باشقا تۆت خىل سۈرئەت ۋە رېتىمدىكى ئۇسۇل ناخشىلىرىدىن تەركىب تاپقان.

مۇقامنىڭ باشلىنىشى: (1) چاكتىمە، ياكى چېكىتمە، (ئاستا چېلىنىدۇ)

6/8 × △ △ △ 0△ ×

(2) سەنەم (ئوتتۇراھال چېلىنىدۇ) 0 × △ △ × △0 × × △ 4/4

(3) سەلىقە (سەلقە، ياكى سەنەم قەدىمىسى دېيىمۇ ئاتىلىدۇ، كىچىك تېزلىكتە)

3/4 △ · × 0△ ×

(4) سېرىلما: 0△ × △ 2/4 ·

(داپ چېلىش بەلگىسى، "△" بارماق بىلەن داپنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇرغاندا "دۇك" قىلغان ئاۋاز چىقىدۇ، "×" بارماق بىلەن داپنىڭ قىرغىقىغا ئۇرغاندا "تاك" قىلغان ئاۋاز چىقىدۇ.)

شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەل نەغمىلىرى ئىچىدە بىرنە يۈرۈشلەشكەن كۈيلەر بار، بىرى ئىلى خەلق كۈيلىرى (ئىلىنىڭ كوچا ناخشىلىرى)، يەنە بىر خىلى ئىلىنىڭ ناغرا سۇنايلىق كۈيلىرى.

ئىلىنىڭ يۈرۈشلەشكەن خەلق ناخشىلىرى مۇقام تۈرىدە پايدىلىنىشقا بولىدىغان بىر خىل ئۆزگىچە شەكىلدۇر. ئۇ ئىلى رايونىنىڭ يۇرتىدىن ئېيتىلىپ كەلگەن ھەر خىل خەلق قوشاقلىرىدىن تاللاپ تۈزۈپ چىقىلغان 12 يۈرۈش ناخشا - ساز بولۇپ، ھەر بىر يۈرۈشى مەزمۇن جەھەتتە يېقىن، ئاھاڭى بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ كېتىدىغان خەلق ناخشىلىرىدىن تەركىب تاپقان.

يۇقۇرىدىكىلەرنى يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر قايسى جايلاردىكى مۇقاملىرىنىڭ تۈرلىرى كۆپ، ئۇسلۇبى خىلمۇ ـ خىلدۇر. شۇڭا، كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، مۇقام دەپ يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ھەممە تۈرلەردىكى يۇرۇشلەشكەن خەلق كۈيلىرىنى ئېيتالىمىز، تار مەنىدىن ئېيتقاندا، مۇقام دەپ، باشلانما، ناخشا تولۇقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، يۇرۇشلەشكەن، مۇراققەپ تەرتىپتىكى كۈيلەرگە ئېيتىمىز.

مۇقام مۇزىكىلىرىدا كەڭ ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئۆتمۈشتە كەچۈرگەن ئازابلىق تۇرمۇشى ئېچىنىشلىق ھالدا بايان قىلىنىدۇ. فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇملىرىغا غەزەپ بىلەن نەپرەت ياغدۇرۇلىدۇ. خەلقنىڭ باتۇرلىقى، كۆرەشچان روھى، تۇرمۇشى قىزغىن كۈيلىنىدۇ. شۇنىڭدەك خەلقنىڭ گۈزەل ھاياتى ۋە ئارزۇلىرىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. مۇقام مۇزىكىلىرى خەلقنىڭ تۇرمۇشى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغاچقا، شۇنىڭدەك بۇ مۇزىكىلاردا ناھايىتى مول خەلق ئەنئەنىلىرى، قەدىمقى زامان مۇزىكىلىرى مەركەزلىك ھالدا ساقلانغان بولغاچقا، ئۇيغۇر خەلقى ئۇنى "ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ ئانىسى" دەپ ئاتايدۇ.

## قىسقىچە يەكۈن

مۇقام بىر خىل قەدىمىي سەنئەت شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭ باشلانغۇچ شەكلى مۇقەددۇر ئىدى. ئۇ مىلادىدىن ئىلگىرى ئەسىر ئالدىرىلا بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ شەرق قىسمىدىكى تيانشان تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلاردىن لوپنۇر ئەتراپىغىچە تارقالغان. مىلادى 4 ـ ئەسىردە، كۇچار يازما ئەسەرلىرىدە مۇقام دېگەن نام رەسمى ئوتتۇرىغا چىقىش بىلەنلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭ مۇزىكىلىرى خەنزۇلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغىمۇ تارقالغان. مىلادى 6 ـ، 7 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە، مۇقام مۇزىكىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى بارا ـ بارا تەكەممۇللىشىپ «ئەن»، «كۈي»، «ئۇلەن» نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر خىل يۇرۇشلەشكەن مۇزىكىلىق تولىنىڭ ئايلىنىپ كەتكەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاق مۇددەت تارقىلىش داۋامىدا، مۇقام مۇزىكىلىرى گەرچە ئۆزلۈكسىز بېيىتىلىپ ۋە رەتلىنىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا مۇزىكىلىق قۇرۇلما جەھەتتە كۆپ ئۆزگىرىش بولمىغان. مىلادى 1879 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئاندىن قەشقەر 12 مۇقامىغا يېڭىدىن داستان، مەشرەپ دېگەن ئىككى قىسىم قوشۇلغان. شۇنىڭ بىلەن قۇرۇلمىسى تېخىمۇ زور بولغان، يۇرۇشلەشكەن بىر خىل مۇزىكىلىق تولىن شەكىللەنگەن.

مۇقام بىر خىل سەنئەت شەكلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مىللەتلەر ۋە جايلار ئارا مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ ئالمىشىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭدىن خەنزۇلار جايلاشقان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا رايونلىرىغا تارقالغان. بۇ جايلارنىڭ خەلقلىرى بىرنەچچە ئەسىرلىك ئەنئەنىلىرى ئاساسىدا پىششىقلاپ ۋە ئۆزگەرتىپ ئىشلەپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇقام مۇزىكىلىرىنى ئىجاد قىلغان.

ھازىر شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر رايونلىرىدا تارقىلىپ يۈرگەن مۇقاملار ئىچىدە كۆپلىگەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەنئەنىلىرىمۇ بار. شۇنىڭدەك بۇ رايونلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قەدىمىي ئەنئەنىلىرىمۇ بار، مۇقەددۇرغا ئوخشاپ كېتىدىغان، يۇرۇشلەشكەن خەلق كۈيلىرىمۇ بار، شۇنىڭدەك تېپىك ۋە مۇكەممەل مۇقام مۇزىكىلىرىمۇ بار.

غەربىي ياۋروپا ۋە ياپونىيەنىڭ بەزى مۇزىكا تەتقىقاتچىلىرىنىڭ مۇقامنى پارس، ئەرەبلەردىن كەلگەن دەپ ھۆكۈم قىلىشلىرىغا كەلسەك، بۇ ئۇلارنىڭ خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا «مۇقدۇر» ھەققىدە ئاللابۇرۇن خاتىرە يېزىپ قالدۇرۇلغانلىقىنى ئېنىقلاپ ئالالمىغانلىقىدىن، شۇنىڭدەك كۈچار يازما ئەسەرلىرىدە «مۇقام» توغرىسىدا يېزىلغان خاتىرىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلمىگەنلىكىدىن، بولۇپمۇ كۈچار مۇزىكىسى بىلەن كۈچار مۇقامىنى چوڭقۇر ئىزدىنىپ كۆرمىگەنلىكىدىن بولغان. ئۇلار 11 - ئەسىردىن كېيىنكى بەزىبىر پارسچە، ئەرەبچە كىتابلاردىكى خاتىرىلەرنى كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەينى زاماندىكى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنىڭ تارىخىي ئەھۋاللىرىغا ئاساسەن تەھلىل يۈرگۈزۈپ كۆرمىگەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ قاراشلىرىدا خاتالىقلار ناھايىتى كۆپ.

مىلادىيە 10 - ئەسىردە ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ تەۋەسىگە كىرگەندىن كېيىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ (2) مەدەنىيىتىنى قاتتىق يەكلەپ، ئىسلام دىنىغا يات بولغان بارلىق كىتاب ۋە يازما ھۆججەتلەر كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. بەزى ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلەر قۇرئاندىن ئاساسى تاپالماسلىق بانىسى بىلەن "ئاۋاملارنىڭ نەرسىسى" دەپ ئەيىپلىنىپ قاتتىق تەقىپ قىلىنغان.

ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىت ۋە ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، شىنجاڭلىق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيالىق بىر مۇنچە مۇزىكانت - ئالىملار، مەسىلەن، ئەبۇ نەسىر، فارابى، ئىبنى سىنا، مەھمۇت قەشقىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئالىملار ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئەرەبچە ياكى پارسچە يېزىشقا مەجبۇر بولغان. ئەكسىچە بولسا ئېتىراپ قىلىنمايتتى. بىراق ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى مۇقامغا ئائىت خاتىرىلەرنى ئوبدانراق تەھلىل قىلىپ كۆرىدىغانلا بولساق، ئۇلارنىڭ تولىسىنىڭ شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ مۇزىكا - نەزەرىيىسى ئىكەنلىكىنى ۋە شۇ جايلاردا ئېقىپ يۈرگەن مۇقاملار ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بەزىلەرنىڭ مۇقامنى ھىندىستاندىن كەلگەن دېگىنىگە كەلسەك، بۇ ئۇلارنىڭ ھىندى مەدەنىيىتىنىڭ ئىسلام دىنىدىن بۇرۇن پەيدا بولغانلىقىنى، شۇڭا ئۇ پارس، ئەرەب مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن دەپ قارىغانلىقىدىن بولغان. شۇڭا ئۇلار پارسچە، ئەرەبچە ئەسەرلەردىكى مۇقامغا دائىر خاتىرىلەرگە دۇچ كەلگەندە ياكى ئايرىم ھادىسىلەرگە يولۇققاندا، مەسىلەن: (بەزى مۇزىكىلارنىڭ ئېتى سانسكرىتچە بولغان بولسا) نوتۇل ھالدا قارايلا، ئۇنى ھىندى مەدەنىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قىياس قىلىشىدۇ.

ھەر قانداق شەيئى مۇرەككەپ بولىدۇ ۋە قارىمۇ - قارشىلىقنىڭ بىرلىكى ئاساسىدىكى دىيالېكتىك مۇناسىۋەت ئىچىدە شەكىللىنىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ. شۇڭا، ھەر قانداق تارىخىي ماتېرىيالنى ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي ئەھۋالغا بىرلەشتۈرۈپ، چوڭقۇر ۋە ئىنچىكىلەپ تەھلىل يۈرگۈزۈش كېرەك. شەيئىلەرنىڭ ئايرىم قىسىملىرىنىمۇ كۆرۈش كېرەك. بولمىسا ئىلمىي تەتقىقات ئىشىدا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن يەكۈن چىقارغىلى بولمايدۇ.

ئىزاھلار:

(1) 1954 - يىلى موسكۋادا نەشر قىلىنغان «Музыкалная Культура Узбекский С С Р · Р ·6» غا ۋە «سوۋېت مۇزىكا قامۇسچىسى» p-705 غا قارالسۇن. بۇ قامۇس-

چاقنى سوۋېت ئۆزبېكىستان مۇزىكا ئىلمى ۋە ئا. ئۇسپېنسكىي ئىشلىگەن.

(2) تارىخ كىتابلىرىدا جاڭ چيەننىڭ غەربىي دىيارغا بىرىنچى قېتىم سەپەر قىلغان يىلى ئېنىق بېرىلمىگەن. لېكىن «ھاكىمدارلىق تەزكىرەنامىسى» دە ئۇنى 13 يىل سەرگەردان بولۇپ، يۈەن شىاۋنىڭ 3 - يىلى ۋەتەنگە قايتقان دەپ يېزىپ، شۇ ئاساستا ئۇنىڭ جيەن يۈەننىڭ 2 - يىلى، يەنى مىلادىدىن 139 يىل ئىلگىرى سەپەرگە چىققانلىقىنى ھېسابلاپ چىقىرىدۇ.

(3) يۇۋچىلار ياكى ئۇلۇغ ياۋچىلار — ئەسلىدە گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى خېشى كارىدورىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى جايلاردا ئولتۇراقلاشقان. كېيىن ھونلار تەرىپىدىن زەربىگە ئۇچراپ تىيانشاننىڭ شىمالىي قىسمىغا — ھازىرقى شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونىغا كۆچۈپ كەلگەن. جاڭ چيەننى ھونلار تۇتقۇن قىلغان چاغدا، ياۋچىلار يەنە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سەمەرقەنت رايونىغا كۆچكەن. باكترىيەنى بولسا «بېيچى تارىخنامىسى» دىكى غەربىي دىيار تەزكىرىسىدىكى خاتىرىلەردە "باكترىيە دېگەنلىك تۇخارىستان دېگەنلىك" دەپ يازغان. (ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدا)

(4) رولان، قانقىل — «دارىخنامە»، «خەننامە» دېگەن كىتابلاردا يېزىلىشچە، خەن خانىدانلىقى دەۋرىدە تىبەتلەرنىڭ شەرقىي بىلەن لوپنۇر كۆلى ئارىلىقىدىكى شەھەرلەر ئىمىش.

(5) ياپونىيىلىك كۇۋابارا جىتسۇزۇنىڭ «جاڭ چيەننىڭ غەربكە قىلغان ساياھىتىدە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرى» دېگەن ئەسىرى (چېن چيەن تەرجىمە قىلغان) 53 — P52.

(6) مىرزىمۇھەممەد: «تۇچارىيچىسى ئىلمىستارىيىزچ» بانىدا 11، P49 بۇرۇن غەرب ئالىملىرى قەدىمقى كۇچار (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ كۇچار شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا) يېزىقىنى تۇخار يېزىقى دەپ ئاتىغانتى. يېقىنقى يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا تۇخار يېزىقىدىكى ھۆججەت - كىتابلار چىقىپ قالغانلىقتىن، ئەسلىدە تۇخار يېزىقى دەپ ئاتاپ كەلگەن يېزىقنى كۇچار يېزىقى دەپ ئاتايدىغان بولدى.

(7) بۇ ماقالىدا ئىشلىتىلگەن كۇچار سۆزلىرى لاتىن يېزىقى بىلەن بېرىلدى.

(8) ھازىرقى زامان تىل ئىلمىدا تۈرك تىلى سىستېمىسىنى ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ تىلى دەپمۇ ئاتايدۇ. ئۇيغۇر تىلى، قازاق تىلى، قىرغىز تىلى، تۈرك تىلى سىستېمىسىغا كىرىدۇ.

(9) «ۋۇيىنامە» دېكى «ئېگىز ھارۋىلىقلار (قاڭقىللار) تەزكىرىسى» دە يېزىلىشچە، مىلادى 5 - ئەسىردە، 9 - قىسىم قاڭقىللار (قەدىمدە ئۇيغۇرلارنى قاڭقىللار دەپ ئاتايتتى) ئون مىڭلاپ كىشى جەم بولۇپ، چوڭ مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈپ خۇداغا سېغىناتتى، مال سويۇپ بەيگە قىلىپ، ناخشا - ئۇسۇل ئېيتىشاتتى. بۇ خاتىرە بىلەن ھازىرقى شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تىيانشان رايونىدىكى ئاز سانلىق ئۇيغۇر چارۋىچىلارنىڭ «ئولەي» دېگەن سورۇنى بولغان چۈشەنچىسى بىردەك بولۇپ چىقىدۇ.

(10) ياڭ يىنلىيۇنىڭ «جۇڭگو مۇزىكىسى تارىخى ھەققىدە تەزىسلار» دېگەن ئەسىرى 131 — 132 P.

(11) چوڭ نەغمە — چوڭ كۈي دېگەن سۆز، ئۇنىڭ مۇزىكىلىق قۇرۇلمىسى 19 - ئەسىردىن بۇرۇنقى مۇقاممىكى بىلەن ئوخشاش.

(12) ئەرەبچە «ئىراقنىڭ باغدات مۇقامى» دېگەن ئەسەرگە قارالسۇن. جۇڭگو مۇزىكا تەتقىقاتى ئىدارىسىدا ساقلىنىۋاتقان كىتابلار ئىچىدىن.

(13) «ئېيغى تاگنامە» دىكى «ئۇقۇتلار تەزكىرىسى».

(14) شۇ جىيارۇينىڭ «داڭلىق قەدىمقى مەدەنىيەت تارىخى» ناملىق ئەسىرى.

(15) تاڭ دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنى خوبگۇ ياكى خويخې دەپ ئاتاتتى. مىلادى 839 – يىلى شىمالىي ياۋلاقتىكى ئۇيغۇرخانلىقى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدا زىددىيەت كۈچىيىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارقىمۇ – ئارقا كەلگەن تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن، ئىگىلىك پارچىلىنىپ كېتىپ، ئاخىرى قىرغىزلار تەرىپىدىن تارمار قىلىۋېتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن مىلادىنىڭ 840 – يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇرلار 3 كە بۆلۈنۈپ، خېشى كارىدورى، تۇرپاننىڭ جەنۇبىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغا كۆچۈپ كەتكەن. تارىختا بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى دەپ ئاتىلىدۇ.

(16) ئەبۇنەسىر فارابى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىر دەرياسىنىڭ بويىدىكى فاراب شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ قارلۇق قەبىلىسىدىن. 9 – 10 – ئەسىرلەردىكى پەيلاسوپ ۋە مۇزىكانت.

(17) مىرزا ھەيدەر — يەركەنت خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇرەشىت خاننىڭ باش ۋەزىرى. بۇ كىتاپتا 16 – ئەسىردىكى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى يېزىلغان.

(18) مەلىكە ئامانىسا خېنىم — شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى دولان دەرياسى بويىدا ئولتۇراقلاشقان مەمۇت دېگەن بىر كەمبەغەل پادىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. مۇقام ئىجراچىسى ۋە شائىر. كېيىن ئابدۇرەشىت خان بىلەن نىكاھلىنىپ خانىش ئاتالغان.

(19) قىدىرخان يەركەندى — 16 – ئەسىردە ئۆتكەن مەركەزلىك كىشى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاقلىق مۇزىكانتى. «دىۋان قىدىر» دېگەن ئەسەرنى يازغان. بۇ كىشىنىڭ مۇقامنى ئېيتىشنىڭ ئىنچىكە سىرلىرىنى ۋە مۇقامنىڭ سۈرئەت جەھەتتىكى نەتىجىلىرىنى كۆرۈش مۇمكىن. ئەينى زاماندا ئورغۇن كىشىلەر ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەنجان، سەمەرقەنت، خۇارەزىم شەھەرلىرىدىن، ھىندىستاننىڭ دېھلى شەھىرىدىن، ئافغانىستاننىڭ بەلخ شەھىرىدىن، پېرسىيەنىڭ شىراز قاتارلىق شەھەرلىرىدىن يەركەنتكە كېلىپ، قىدىرخاندىن مۇزىكا ئۆگەنگەن.

(20) مۇھەممەت كۈشەندەر — 16 – ئەسىردە ئۆتكەن ئوتتۇرا ئاسىيالىق مەشھۇر مۇزىكانت، مىلادى 1521 – يىلى ھىرات (ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدا) ۋاپات بولغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا «مۇشاۋرەك»، «پەنجگاھ» قاتارلىق مۇقاملارنىڭ ھەممىسىدە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى بارمىش.

(21) مەۋلانە ئەلى — ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ خۇراساندا (ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدا) تۇغۇلغان بولۇپ، ئىبنى سىنا بىلەن بىر دەۋردە ئۆتكەن ئاتاقلىق مۇزىكانت.

(22) يۈسۈپ سەككاكى — شىنجاڭدا تۇغۇلغان. 15 – ئەسىردە ئۆتكەن ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئەدىپ ۋە مۇزىكانت. ئېيتىشلارغا قارىغاندا «نايات» مۇقامىدا ئۇنىڭ ئىجادىيەتلىرى بار ئىمىش.

(23) ئوغۇز تۈركلىرى — «ئېيغى تاگنامە» دە ئۇيغۇرلارنىڭ 7 – ئەسىردىن كېيىنكى ئۇيغۇر تۈركلىرى دەپ ئاتالغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ. قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە بولسا، قەشقەردىكى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار ئوغۇزلار دەپ ئاتالاتتى.

خەنزۇچىدىن: غولام غوپۇر تەرجىمىسى

ياسىن مۇخپۇل تەھرىرلىگەن.

# ئۇسسۇللۇق تىياتىر قۇرۇلمىسىنىڭ كەسپى ئالاھىدىلىكى

لى چىڭشياڭ

قۇرۇلما دېگەن نېمە؟ ئاددىيلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بىر پۈتۈن گەۋدىنىڭ ھەر قايسى بۆلەكلەرگە بۆلۈنىشىدىن ئىبارەت. بىر بەدىئىي ئەسەرنىڭ ئىچكى ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىپ، شەيئىلەرنىڭ ئىچكى باغلىنىشى ۋە تەرەققىيات قانۇنىيىتى بويىچە تۈرلەشتۈرۈلۈشى قۇرۇلما دېيىلىدۇ. ئەگەر تېما ئەسەرنىڭ جېنى دېيىلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا قۇرۇلما ئەسەرنىڭ ئۇستىخىنى ۋە ئىچكى تۈۋرۈلمىسى بولىدۇ. سەنئەتكارلار قۇرۇلما ئارقىلىق تۇرمۇشنى ۋە ئەسەر مەزمۇنىنى ئىپادىلەشتىكى تۈرلۈك ۋاسىتىلارنى بىر ئورگانىك گەۋدىگە يىغىدۇ. شۇڭا دىرامانىڭ قۇرۇلمىسى — ئوبرازلارنى بىر - بىرىگە چېتىشنىڭ ھەر خىل ئۇسۇللىرى ۋە ئوبرازلارنى نامايەن قىلىشتىكى ھەر خىل ۋاستەلارنىڭ بىرىكمىسى دېيىشكە بولىدۇ.

بەدىئىي قۇرۇلما — ئەمەلىيەتتە ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى قايتا تونۇش ۋە ئىنكاس قىلىش مەسىلىسى ھەمدە ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئىچكى باغلىنىشى، سەنئەتكارلارنىڭ پىكىر يۈرگۈزۈشى ئارقىلىق ئەسەردە قاتلاممۇ - قاتلام ئەكس ئەتتۈرۈلىشىدۇر. ئۇ، ئاپتورنىڭ شەيئىلەرنى تونۇشى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئىگەللىشى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئالاھىدە بەدىئىي ئۇسلۇبى ئارقىلىق پۈتۈن جەريانىنى ئىپادىلەپ بېرىشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر خىل ئوخشاش بولمىغان سەنئەت شەكلىنىڭ قۇرۇلما مەسىلىسىدە، ئادەتتىكى ئورتاق قانۇنىيەت بولۇشتىن باشقىرى يەنە ئۆزىنىڭ كەسپى ئالاھىدىلىكىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

ئۇسسۇللۇق تىياتىر بىر خىل ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك سەھنە سەنئىتىدۇر. ئۇسسۇللۇق تىياتىردا، تىياتىر سەنئىتى، مۇزىكا، ئۇسسۇل، پانتوما①، سەھنە گۈزەل سەنئىتى ۋە ئارتىستنىڭ ئىپادىلەش ماھارىتى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلگەن بولىدۇ. ئۇسسۇللۇق تىياتىر لايىھىسى (سەھنە كىتابى) دىرامانىڭ قۇرۇلما ئاساسىنى تەمىنلىگۈچى بولۇپ، ئۇ ۋەقەلىكنىڭ تەرەققىياتىنى، پېرسوناژلارنىڭ پائالىيىتىنى، خاراكتېرىنى سۈرەتلەپ بېرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ...

لايىھە دول پەقەتلا ئەدەبىيات شەكلى بىلەن ئۇسسۇللۇق تىياتىرنىڭ مەزمۇنىنى ۋە ۋەقەلىكىنى شەرھىيلەپ بېرىدۇ. ئۇ ئادەتتە ئىخچام، يىغىنچاق بولۇپ پېرسوناژنىڭ ئۇسسۇل تىلىنى ۋە مۇزىكا قۇرۇلمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۇسسۇللۇق تىياتىرنىڭ بىر پۈتۈن قۇرۇلما مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇسسۇللۇق تىياتىر قۇرۇلمىسىدا ئىجادىيەت جەريانىنىڭ ئىككىنچى ھالقىسى بولغان — قۇرۇلما پىلانىنى ياكى مۇزىكا ۋاقىت ئۆزۈندىلىكى گىرافىكىنى

① پانتوما — تىلسىز تىياتىر، خەنزۇچە 哑剧 دېيىلىدۇ.

تۈزۈتۈش ئارقىلىق، ئۇسسۇللۇق تىياتىر لايىھىسى تەمسىلگەن دىراماتىك قۇرۇلما، مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل
قۇرۇلمىسىدا كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ. «قۇرۇلما پىلانى» نى گەرچە رېژىسسور يازسىمۇ ئەمما
بېكىتىشتىن بۇرۇن رېژىسسور يەنە كومپوزىتور بىلەن بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىپ، ئۇسسۇللۇق
تىياتىرنىڭ مەزمۇنىنى ۋە ھەر بىر ئۇسسۇلنىڭ مۇزىكىلىق
خۇسۇسىيىتىنى، كۈي شەكلى، شۇنىڭدەك مۇزىكىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى ۋە ئۆلچىمى بېكىتىپ
بار بولغان مۇزىكا دائىرىسىدە، مۇزىكىدىن كۈتۈلگەن تەلەپنى ئوبرازلىق ھالدا چۈشەندۈرۈپ
بېرىدۇ. «قۇرۇلما پىلانى» دا رېژىسسور گەرچە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەر بىر ئۇسسۇل ۋە كۆرۈ-
نۈشلەرنىڭ ئايرىمىسىنى چۈشەندۈرىدۇ، لېكىن ئادەتتىكىچە ئىجادىيەتتە بۇ پەقەت رېژىسسورنىڭ
خام پىلانى بولۇپ، ئۇ كومپوزىتورنىڭ قۇرۇلما پىلانىغا ئاساسەن يېزىپ چىققان مۇزىكىسىغا
تىگە بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇسسۇل ئىجات قىلىشقا كىرىشىپ، تەدرىجىي ھالدا ئۇسسۇللۇق تىيا-
تىرنىڭ بارلىق «ئۇسسۇل خىلى» نى يەنى ياندۇما، قول ئىشارىتى، كۆرۈنۈش ۋە ھەر خىل تىپ-
تىكى ئۇسسۇللارنى ئىشلەپ چىقىدۇ. شۇڭا كىشىلەر ئۇسسۇللۇق تىياتىرنى تۈزۈشنى قېيتىم يېزىلىشى
بىلەن رېپېتىتسىيە قىلىشقا باشلىغاندا، ئۇسسۇللۇق تىياتىر كىتابى ئەڭ ئاخىرى تاماملىنىدۇ، دېيىشكە
ئادەتلىنىپ قالغان. بۇنىڭدا مەلۇم داۋلى بار.

ئۇسسۇللۇق تىياتىر قۇرۇلمىسىنىڭ ئىجادىيەت جەريانى، ئۇسسۇللۇق تىياتىر لايىھىسى، مۇزىكا
يېزىش ۋە ئۇسسۇل ئىجات قىلىشقا قەدەر دىراماتورگ، كومپوزىتور ۋە ئۇسسۇللۇق تىياتىر رېژىس-
سورى قاتارلىقلار ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا ئىشلىمىدۇ. (ئۇسسۇللۇق تىياتىر لايىھىسىنى رېژىسسور-
نىڭ ئۆزىلا يېزىپ چىقىدىغان ئەھۋالمۇ بولىدۇ.) بىراق بۇنىڭدا ئۇسسۇللۇق تىياتىر رېژىسسورى باش-
تىن - ئاخىر ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. ئۇ، سەھنە ئەسىرى ئىجادىيەتچىسى كومپوزىتورنىڭ ئۇسسۇل-
لۇق تىياتىر سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى، قانۇنىيىتىنى ۋە ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىنى چۈشىنىشىگە
ياردەم قىلىدۇ. ئاشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇسسۇللۇق تىياتىر رېژىسسورى ئۇسسۇللۇق ئوبرازنى تە-
پەككۇر قىلىش جەريانىدا مۇزىكا ۋە تىياتىر ئامىللىرىنى ھەر ۋاقىت ھاسىل قىلىشى، شۇنداقلا
مۇزىكا، تىياتىر، ئۇسسۇل (سەھنە گۈزەل سەنئىتىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) نىڭ ھەممىسىنى ئورتاق، ئوب-
رازلىق تەپەككۇرنىڭ ئوبيېكتىپلىرى قىلىشى لازىم. پەقەت مۇشۇنداق بىرلىكنى ئىشقا ئاشۇرغاندىلا،
ئاندىن مۇۋەپپەقىيەتلىك، تەپسى ئۇسسۇللۇق تىياتىر ئەسىرى يارىتىشقا كېلىدۇ.

ئۇسسۇللۇق تىياتىرنىڭ دىراماتىك قۇرۇلما مېتودى جەھەتتە، ئوخشاش بولمىغان ھېكايە ۋە-
قەلىكى ۋە تەسۋىرلەش ئۇسسۇللىرى ئوتتۇرىسىدا پەرق بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەممىسى بىر خىل
بولۇشى ناتايىن. بىراق بەزى ئاساسىي پرىنسىپلار ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر. مەسىلەن، دى-
راماتىك قۇرۇلمىنىڭ ۋەزىيىتى باشتىن - ئاياق تاماشىبىنلارنىڭ ئىمگە ھەۋەسى بارلىقنى تىكەل-
لەش ۋە ئۇلارنىڭ بۇ خىل ھەۋەسىنى ئۈزلۈكسىز قوزغاشتىن ئىبارەت. دىراماتىك قۇرۇلمىنىڭ
ھەر قايسى قىسىملىرى يەنە مەزمۇننىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن مۇۋاپىق سېلىشتۇرمىلىق مۇناسىۋەتنى
بويىچە تەكشى ماسلاشقان بولۇشى لازىم. بىزنىڭ بەزى ئۇسسۇللۇق تىياتىرلىرىمىزنىڭ مۇقەددىمە-
لىرى تولىمۇ ئۇزۇن بولۇپ، زىددىيەتلەر (كېچىككەن قانات يايىدۇ. يەنە بەزى ئۇسسۇللۇق تىيا-

ئەمەلىيىتىمىزدە كۆلەملىك ۋە رەقتا ئاخىرلاشقان بولمىدى، يەنە ھەر خىل ئۇسسۇل كۆرۈنۈشلىرى ئو-رۇنلاشتۇرۇلۇپ قويۇلمىدى. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ ھەممىسى دىرامانىڭ قۇرۇلما قىممىتىگە ئۇيغۇن ئەمەس، ئۇنىڭدىن باشقا ئېلىمىز تاماشىبىنلىرىنىڭ ھۇزۇرلىنىش ئادىتىگىمۇ ماس كەلمەيدۇ.

تۆۋەندە «بېلىق پەرىسى»، «ئويغىنىش» قاتارلىق ئىككى ئۇسسۇللۇق تىياتىرنى مىسال كەلتۈ-رۈپ بۇ ئەسەرلەرنىڭ قۇرۇلما پىلانىنى يېزىش، ئۇسسۇل قۇرۇلمىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىمەن:

«بېلىق پەرىسى» نىڭ قۇرۇلما پىلانىنى يېزىش توغرىسىدا

ئۇسسۇللۇق تىياتىر رېژىسسورى، ئۇسسۇللۇق تىياتىر لايىھىسىنى تاماملىغاندىن كېيىن، كومپوزىتور ئۈچۈن ئۇسسۇللۇق تىياتىر «قۇرۇلما پىلانى» نى يەنى بىز ئادەتتە ئېيتىپ كېلىۋاتقان «مۇزىكا ئۇزۇن-لۇقى گرافىكى» نى يېزىپ بېرىشى كېرەك. رېژىسسور قەلەم تەۋرىتىشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن شۇ ئۇسسۇللۇق تىياتىر ئۈستىدە ئومۇمىيۈزلۈك پىكىر يۈرگۈزۈشى لازىم. ئۇسسۇللۇق تىياتىر «بېلىق پەرىسى» بېيجىڭ ئۇسسۇل مەكتىپىنىڭ 2 ـ قارارلىق رېژىسسورلار كۇرسىنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىسى بولۇپ، رېژىسسورلار كۇرسىدىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار بىرلىكتە ئىجاد قىلغان. قۇرۇلما پىلانىنى يېزىشتىن بۇرۇن بارلىق رېژىسسورلار كەلگۈسى تىياتىرنىڭ قۇرۇلمىسىنى ۋە لايىھىلىنىشلەرگە قارىتا ئېلىپ بارغان كۆپ قېتىملىق چوڭقۇر مۇزاكىرىسى مۇنداق بىرنەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلانغان.

بىرىنچى: باللېت ئۇسسۇلى بىلەن جۇڭگو مىللىي خەلق ئۇسسۇلىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇسسۇل-لۇق تىياتىرنىڭ ئاساسىي ئۇسلۇبىنى بەرپا قىلىش.

ئىككىنچى: ئاساسلىق پېرسوناژلار جەھەتتە ھەر خىل خاراكتېر، مىجەز ـ خۇلققا ئىگە 4 ئوبرازنى، يەنى گۈزەل، ئىرىكىلىك «بېلىق پەرىسى»، باتۇر، قىران ئوۋچى، ئاق كۆڭۈل قىزىقچى ئادەم گىيا بوۋاي ھەم ۋەھشى، ياۋۇز ئاق دېۋىسىنى ئورۇنلاشتۇرغان.

ئۈچىنچى: ئاساسلىق مەنزىرە كۆرۈنۈشىدە ئاتالمىش «ئۈچ دۇنيا»، يەنى شات ـ خۇرام ئادەمزات دۇنياسى، قەھىرلىك دېڭىز ئاستى ۋە قاراڭغۇ ئالۋاستىلار ئۆڭكۈرىنى ئورۇنلاش-تۇرغان.

تۆتىنچى: ئۇسسۇل ۋە مۇزىكىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى جەھەتتە كەڭ كۆلەمدە بەدىئىي سې-لىشتۇرما ۋاسىتىسى ئارقىلىق بۇ ئەسەرنىڭ مول ۋە خىلمۇ ـ خىل بولۇشىنى قولغا كەلتۈرگەن.

بەشىنچى: ئىپادىلەش ۋاسىتىسى جەھەتتە، ئۇسسۇل ۋاسىتىسى بىلەن پېرسوناژنىڭ پائالىيىتىنى ئېچىپ بېرىشنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىمكان قەدەر ئەسەرنىڭ پانتومىما تەركىبىنى ئازايتقان ...

يۇقىرىدىكى بىر قاتار بەدىئىي تۇتقۇلا ۋە تەسەۋۋۇرلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇلما پىلانىنىڭ ئىچىدە گەۋدىلەندى. «بېلىق پەرىسى» مۇقەددىمىسىنىڭ قۇرۇلما پىلانى ئەڭ دەسلەپتە مۇنداق كۆرسىتىلگەن:

«بېلىق پەرىسى» مۇقەددىمىسىنىڭ قۇرۇلما پىلانى

| [illegible] | ۋەقەلىكى چۈشەندۈرۈش | ئۇسۇلنى بىر تەرەپ قىلىش | مۇزىكا تەلىۋى | ۋاقىت |
|---|---|---|---|---|
| 1 | تىپ - تىنچ سەھەر، تۇمان ئاستا - ئاستا تارقىلىدۇ، كۆكتە قىزىل شەپەق كۆتۈرۈلىدۇ. | قاتناشقۇچىلار سەھنىگە چىقمىغان چاغدىكى تۇمانلىق سەھەر مەنزىرىسى | مەنزىرە تەسۋىرى | [illegible] مىنۇت |
| 2 | سۇ پەرىسى دېڭىزدىن چىقىپ دېڭىز قىرغىقى بويىدا ئاستا مېڭىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ گۈزەل جامالى ۋە دۇنيانىڭ چىرايلىق مەنزىرىسىدىن ھوزۇرلىنىدۇ. ئۇ مەمنۇن ھالدا كەينىگە يېقىنلىشىپ ئۇۋچىنىڭ ھەركىتىنى كۆرىدۇ. | سۇ پەرىسى سەھنىگە چىقىپ يالغۇز ئۇسسۇل ئوينايدۇ. | دەسلەپكى مۇزىكىنىڭ ئاھاڭى ئاساسىدا سۇ پەرىسىنىڭ ئاساسىي تېمىسى نامايەن بولىدۇ. گۈزەل لىرىكىلىق بولغان 4/4 لىك ئاستا تېمپ ئىشلىتىلىدۇ. | [illegible] مىنۇت |
| 3 | بىراۋ كېلىدۇ. سۇ پەرىسى تېزدىن يوشۇرۇنىۋالىدۇ. ئۇۋچى قىرغىن كەيپىيات ئىچىدە ئەمگەك قىلىپ ئوۋغا ياسايدۇ. | ئۇۋچىنىڭ يالغۇز ئۇسسۇلى | ئۇۋچىنىڭ ئاساسىي مۇزىكا تېمىسى ناھايىتى شاد - خۇرام، باتۇراق، كۈچلۈك ئەمگەك قىلىۋاتقان تېمپىدا نامايەن بولىدۇ. | [illegible] مىنۇت |
| 4 | ئۇۋچىنىڭ ئىككى دوستى كېلىدۇ. ئۇچەيلەن بىرلىكتە ئوۋ ئەسۋاپلىرىنى ياساپ، ئاخىرى ئورمانلىققا كىرىپ كېتىدۇ. | ئۇۋچى ۋە ئۇنىڭ 2 ھەمراسىنىڭ 3 كىشىلىك ئۇسسۇلى | ئالدىنقى مۇزىكا داۋاملىشىپ ۋە راۋاجلىنىپ شوخ، كۈچلۈك، ئېنىق بولۇپ، سۈرئىتى بىر ئاز تېزلەيدۇ. | [illegible] مىنۇت |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 5 | سۇ پەرىسى تۇۋچىغا قاراپ ماڭىدۇ. ئىنتايىن زوقلانغان ھالدا بۇ ئەركىن، شات ــ خۇراملىق ئەمگەك ھېسسىياتىنى دورايدۇ. | سۇ پەرىشتىلىك يالغۇز كىشىلىك ئۇسۇلى | ئۇۋۇچىنىڭ ئەمگەك ھۆزىكىسى تامامەن بولىدۇ. | ئۈزۈم 27 |
| 6 | ئۇشتۇمتۇت بوران ــ چاپقۇن چىقىدۇ. سۇ پەرىسى سەھنىدىن چۈشۈپ كېتەي دېگەندە دىسۇە سەكرەپ چىقىپ سۇ پەرىسىنى تۇتۇپ كېتىدۇ. | دىسۇە بىلەن سۇ پەرىسىنىڭ ئىككى كىشىلىك ئۇسۇلى | بۇنىڭدا دىئۇمىك ۋەھشىيلىكى ئاساسىي تېما قىلىنىدۇ. لېكىن كۆزچاقۇك ھەم مەغرۇر بولىدۇ. | ئۈزۈم 45 |

بۇقۇرىدا مىسالغا ئېلىنغان قۇرۇلما پىلانى ئىچىدە، ۋەقەلىكنى بايان قىلىدىغان قىسمى پەقەتلا ئۇسۇللۇق تىياتىر لايىھىسىنىڭ ئەدەبىي جەھەتتىكى شەرھىيلىنىشى بولۇپ، ئۇنى ئابزاسلارغا بۆلۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئابزاسلارغا بۆلگەندە قوپال يەكى تولىمۇ ئىنچىكە بولۇپ كەتسىمۇ بولمايدۇ. ھەر بىر ئابزاست نىسپىي ھالدا مۇستەقىل بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە يەنە ئۇ پۈتكۈل مەقسەتنىڭ بىر قىسمى بولۇشى لازىم. ئابزاسلارغا بۆلگەندە، مەزمۇننىڭ رەت تەرتىۋى ھەمپىغا ئېلىنىشى ھەم ئۇسۇل شەكلىنىڭ مۇكەممەل بولۇشى شۇنداقلا مۇزىكا كۆي شەكلىنىڭ قۇرۇلمىسىمۇ نەزەردە تۇتۇلۇشى كېرەك.

«ئۇسۇلنى بىر تەرەپ» قىلىش گىراپىمىدا رېژىسسور تەسۋۋۇر قىلغان ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلەش شەكلىنى كۆرسىتىش كېرەك. مەسىلەن رېژىسسورنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئۇسۇلنى تۈزۈلما قىلىشى بىلەن قۇرۇلمىلارنى تورۇپلاشتۇرۇشى، يەنى «بېلىق پەرىسى» نىڭ يالغۇز ئۇسۇلى، ئۇۋۇچىنىڭ يالغۇز ئۇسۇلى، ئۈچ كىشىلىك ئۇسۇل، بېلىق پەرىسىنىڭ يالغۇز ئۇسۇلى، تاغ دىۋىسى بىلەن بېلىق پەرىسىنىڭ قوش كىشىلىك ئۇسۇلى تامامەن قىلىنغان. مانا بۇ مەقسەتنىڭ «ئۇسۇل قۇرۇلمىسى» دۇر. بىراق بۇنى مۇكەممەل بولدى، دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى ھەر بىر بۆلەك ئۇسۇلنىڭ «ئۇسۇل تىلى» نى ئىشلەپ چىققاندىن كېيىن ئاندىن ئۇسۇل قۇرۇلمىسى ھەل بولدى دېيىشكە بولىدۇ.

«مۇزىكا تەلەپ» قىسمى، رېژىسسورنىڭ ئەڭ كۆپ ئەجىر قىلىدىغان تەرىپى بولۇپ، بۇنى يۇقۇرىدا ئېيتىلغاندەك روشەن كونكرېتلاشتۇرۇش ئۈچۈن، رېژىسسور قايتا ــ قايتا ئويلاپ ئىچكى ئەسەۋۋۇرىدا شۇ پىرسوناژنىڭ سەھنە ھەركىتىدىكى روھىي كەيپىياتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ، شۇ

تۇردىكى ئۇسۇل ھەركىتىنى، شۇنىڭدەك مۇزىكا رىتىمىنى، كېيىنىنى تاللاپ، ئەڭ ئاخىرى يەنە ۋاقىت گىراپىسىدىن پايدىلىنىپ، تەسەۋۋۇر قىلغان ئۇزۇنلۇق ۋاقىت دەرىجىسى خاتىرىلەپ قالدۇرۇش لازىم.

رېژىسسور قۇرۇلما پىلانىنى يازغاندا، ئىمكان قەدەر چوڭقۇر، پۇختا تويلىشى، يېزىپ چىققان مۇزىكا، ئۇسۇل نوتىلىمىسىنى ئۈزۈلۈپ قېلىشىنىڭ ۋە كېيىنكى باسقۇچتىكى ھەمكارلەشكە قىيىنچىلىق كەلتۈرۈپ قويۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى لازىم.

ھەمكارلىرىمىزدىكى تەسىراتلىرىمىزغا ئاساسلانغاندا، كومپوزىتور ھەمان رېژىسسورنىڭ ئۇسۇلى ۋە مۇزىكا ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنى ئېنىقراق سوزلەپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەمما بۇ تالەپلەر «قانۇن» ـ پەرمان» تەرىقىسىدە تويزىنىڭ ئىجادچانلىقىنى قامال قىلىپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلمايدۇ. رېژىسسور ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت مەقسىدىنى كومپوزىتورغا چۈشەندۈرۈشكە ھەمدە ئولارغا تولۇق ئىجادىيەت ئەركىنلىكى بېرىشكە ماھىر بولۇشى لازىم. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئۇسۇللۇق تىياتىر، رېژىسسورنىڭ ئىجادىي ئىلھامى ۋە مول تەسەۋۋۇرى شۇنىڭدەك ئۇسۇلنى ئوبرازلاشتۇرۇشتىكى ئىشەنچىسى ۋە ھەركەت تاللاشلىرىنىڭ ھەممىسى مۇزىكىنىڭ قوزغىتىشىدىن بارلىققا كەلگەن.

ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە پېرسوناژنىڭ ئوبراز تەلىۋىگە ئاساسلانغاندا، ئۇسۇلنىڭ ئىپادىلەش ۋاستىسى بىلەن ئىپادىلەش مېتودىنى تەدبىقلاش ۋە گەۋدىلەشتۈرۈشنىڭ ئۆزى ئۇسۇل قۇرۇلمىسى بولۇپ، ئۇسۇللۇق تىياتىر رېژىسسورى، ئۇسۇلنىڭ قۇرۇلما تەلىۋىگە ئاساسەن ئۇسۇللۇق تىياتىردا خىلمۇ ـ خىل ئۇسۇل، پانتوما ۋە كۆرۈنۈشلەرنى ئىجات قىلىدۇ. ئۇسۇلنىڭ ئىپادىلەش ۋاستىلىرى ئىنتايىن مول بولۇپ، ئۇسۇلنىڭ تۈرلىرىدىن قارىغاندا، يالغۇز كىشىلىك ئۇسۇل، ئىككى كىشىلىك ئۇسۇل، كوپ كىشىلىك ئۇسۇل، كوللېكتىپ ئۇسۇللاردىن ئىبارەت. ئۇسۇلنىڭ خۇسۇسىيىتىدىن قارىغاندا، ۋەقەلىك ئۇسۇلى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى، پانتوما، تەركىپلىرىمۇ بولىدۇ. ئۇسۇلنىڭ ئۇسلۇبىدىن قارىغاندا، كلاسسىك ئۇسۇل، مىللىي ئۇسۇل، خەلق ئۇسۇلى، ھازىرقى زامان ئۇسۇللىرى ۋە باشقىلار بولىدۇ. ھالبۇكى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئورنى، خاس قۇرۇلما ئالاھىدىلىكلىرى بولىدۇ. مەسىلەن، كلاسسىك بالېت ئۇسۇلىدىكى يالغۇز كىشىلىك ئۇسۇل، ئادەتتە مۇزىكا كۆيىنىڭ ئۈچ بۆلۈك گەۋدىسىگە ماسلاشقان بولىدۇ. ۋاھالەنكى ئىككى كىشىلىك ئۇسۇلنىڭ مۇكەممەل قۇرۇلمىسى، باشلىنىش قىسمى، ئاستا تېمپلىق ئىككى كىشىلىك ئۇسۇل، ئەرەنچە يالغۇز كىشىلىك ئۇسۇل، ئايالچە يالغۇز كىشىلىك ئۇسۇل، ئاخىرقى باسقۇچتىكى ئىككى كىشىلىك ئۇسۇلدىن ئىبارەت بەش قىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەنەنىۋى گۈللۈك دۇمباق ئۇسۇلىنىڭ ئەسلىدىكى تەكلىدە، كۆللۈك ئويۇنچىسى بىلەن باشلىنىپ، ئاممىۋى چوڭ كۆرۈنۈشلەر، بىر قانچە كىچىك كۆرۈنۈشلەر، ئەڭ ئاخىرىدا چوڭ كۆرۈنۈشلەر بىلەن ئاخىرلىشاتتى. زاغرۇلارنىڭ كوچىدىكى ئۇسۇلى بىلەن تېخى ئۇسۇلى كوپىنچە ئالدىنقى قىسمى ئاستا سۈرئەتلىك، كېيىنكى قىسمى تېز سۈرئەتلىك ئىككى باسقۇچلۇق كۆزى شەكلىنى قوللانغان. مىڭرىزاتلار ئۇسۇلى» بىر خىل ئويۇن ئۇسۇل شەكلى بولۇپ، ئۇسۇللۇق تىياتىردا داۋاملىق ئىشلىتىلىدىغان ئۇسۇل قۇرۇلمىسىدۇر. ئۇسۇللۇق تىياتىرنىڭ ئۇسۇل قۇرۇلمىسى، تىياتىر ۋەقەلىكى بىلەن پېرسوناژنىڭ ئېھتىياجىغا بويسۇنىشى كېرەك.

ئۇسۇللۇق تىياتىر «ئونېگىن» نىڭ ئۇسۇل قۇرۇلمىسىنى بىر تەرەپ قىلىش ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان. «يېۋگېنىي ئونېگىن» ئەسلىدە پۇشكىننىڭ شېئىرىي رومانى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسى تېمىسى، چار رۇسىيە ئاقسۆڭەك زىيالىيلىرىنىڭ خەلقتىن ئايرىلىپ قالغان بىچارىلىك تەقدىرى تەسۋىرلەنگەن. پۇشكىن ئۆزىنىڭ بۇ شېئىرىي رومانىدا 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا رۇسىيىدە ئۆتكەن 3 نەپەر ئاقسۆڭەك ياشنىڭ تېپىنى، شۇنداقلا ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى سىزىپ بېرىپ، ئۇ ئارقىلىق يوقىلىش ئالدىدىكى ئاقسۆڭەكلەر تۈزۈمىنىڭ رۇسىيە كىرزىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن. ئۇسۇللۇق تىياتىر «ئونېگىن» دا تېما ۋە پېرسوناژلىرى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، جەمئىي 6 پەردىلىك كۆرۈنۈش لايىھەلەنگەن. ئۇنىڭ ئۇسۇل قۇرۇلمىسىدا ۋەقەلىك ئۇسۇل، ئىپادىلەش ئۇسۇلى ھەمدە پانتومىمىدىن ئىبارەت 3 خىل ۋاستىنىڭ قانداق ئىشلىتىلگەنلىكىنى تۆۋەندە تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى.

«ۋەقەلىك ئۇسۇل»

ئۇسۇللۇق تىياتىردىكى ۋەقەلىك ئۇسۇل، پېرسوناژنىڭ ئوبرازىنى ئېچىش، پېرسوناژنىڭ خاراكتېرى ۋە ھېسسىياتىنى نامايان قىلىش، پېرسوناژلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەپ ھەم تىياتىر ۋەقەلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئالغا سۈرىدىغان شۇ خىل ئۇسۇل پەردە تۇتۇلىدۇ. «ئونېگىن» دا ئونېگىن بىلەن تاتيانانىڭ ئۈچ قېتىملىق ئىككى كىشىلىك ئۇسۇلىنىڭ ھەممىسى ۋەقەلىك ئۇسۇل كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ. ئۇنىڭدا ئىككى كىشىلىك ئۇسۇل ۋاستە قىلىنىپ، ئەسەردىكى ئىككى باش قەھرىماننىڭ ئۇچرىشىشى، ئۇلارنىڭ ھېسسىيات جەھەتتىكى توقۇنۇشلىرى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى شۇنىڭدەك قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان تىراگېدىيىلىك ئاقىۋەت روشەن ئىپادىلەپ بېرىلگەن. تۆتىنچى پەردىدىكى ئونېگىن، لېنىسكى، تاتيانا ۋە ئولگالارنىڭ تۆت كىشىلىك ئۇسۇلىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان بىر ۋەقەلىك ئۇسۇل. ئۇنىڭدا ھەر بىر پېرسوناژنىڭ ئىچكىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشى ۋە ئوخشاش بولمىغان خاراكتېرلىرىنىڭ ئۆز ئارا گىرەلىشىپ كېتىشلىرى ئىپادىلەنگەن. ئۇسۇللۇق تىياتىر بىر خىل تىياتىر شەكلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ۋەقەلىك ئۇسۇلنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلەش ۋاستىسى قىلىش لازىم. چۈنكى ئۇسۇللۇق تىياتىرنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا ۋەقەلىك ئۇسۇلنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەمەلىيىتى بولغانلىقتىن، ئۇسۇللۇق تىياتىر چوڭقۇر ئەدەبىي مەزمۇنغا ئىگە بەدىئىي ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالىغان. ئۇنىڭ بىلەن مۇرەككەپ دىرامانىڭ توقۇنۇشتا ئوبراز يارىتالىشى، تۇرمۇشنى چوڭقۇر ۋە كەڭ ئىپادىلەشنى كېڭەيتەلىشى، شۇنداقلا ئۇسۇللۇق تىياتىر سەنئىتىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى ئۈستۈرگىلىمۇ بولىدۇ. بىز بۇ خىل رىيالىزمنىڭ ئەلا ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىشىمىز ھەم ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم.

«ئىپادىلەش ئۇسۇلى»

ئادەتتە تىياتىر ۋەقەلىكى سادىر بولغان مۇھىتنى شەرھىيلەشتىكى مەقسەت، مەلۇم ئالاھىدىلىك بىلەن تۇرمۇش ئادىتىنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈندۇر. ئۇ گەرچە تىياتىر ۋەقەلىكىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە بىۋاسىتە تۈرتكە بولالمىسىمۇ، ئەمما بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ تىياتىر داۋامىدا پەيدا قىلىشى، دىرامانىڭ كەيپىياتىنى كۈچەيتىپ، ئۇسۇل تۈسىنى بېيىتىپ، تۇرمۇشلۇقلىقىنى چوڭقۇر-

لاشتۇرۇپ ئىختىيارسىز ھالدا دىراماتىك قۇرۇلما ئىچىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان تولۇقلاش ۋاستىسى بولىدۇ. ئەگەر بىر چوڭ تىپتىكى ئۇسسۇللۇق تىياتىر ئىچىدىكى ئىپادىلەش ئۇسسۇلى ئېلى-ۋېتىلسە، ئۇنداقتا پۈتۈن ئۇسسۇللۇق تىياتىر مۇقەررەر ھالدا كەمتۈك، ئۇيۇپ - سۆزلا بولۇپ قېلىپ، رەڭدارلىقى ئاجىزلىشىدۇ - دە، ئۇسسۇللۇق تىياتىر سەنئىتىنىڭ مەپتۇن قىلىش كۈچىنى تولۇق نامايەن قىلغىلى بولماي قالىدۇ. تاماشىبىنلارنىڭ ئۇسسۇللۇق تىياتىرغا بولغان تەلىپى، دىراماغا بولغان تەلىپىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇلار پېرسوناژنىڭ تەقدىرىگە ۋە جەلپ قىلارلىق بولغان دىراماتىك ۋەقەلىكلەرگە قىزىقىشتىن باشقا يەنە ئۇلار ئۇسسۇللۇق تىياتىردىن ئېستېتىك زوق ئې-لىشنى ئۈمىد قىلىشىدۇ. شۇڭا، گۈزەل، يېقىملىق بولغان مۇزىكا مەلودىيىسى، موڭ رەڭدار بول-غان ئۇسسۇل ھەرىكىتى، كۆركەم بېزەلگەن كىيىم - كېچەك ۋە دېكوراتسىيەلەر تاماشىبىنلارنىڭ بۇ تەرەپلەردىكى تەلىپىنى قاندۇرالايدۇ. يېقىنقى زامان ئۇسسۇللۇق تىياتىر رېژىسسورلىرى زامان-لىۋىلىق ئېھتىياجات يېڭىلىقىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، ئىپادىلەش ئۇسسۇلىنى ۋەقەلىك ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان.

بورمىستىر قايتا ئىشلىگەن «ئاققۇ كۆلى» نىڭ 3 - پەردىسىدىكى ئىسپانىيە ئۇسسۇلى بىلەن ئىپادىلەشنى، دىۋە پادىشاسىنىڭ شايكىلىرىنىڭ ئۇسسۇلى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىپ، «ئالدانغان شاھزادىنىڭ مۇھەببەت ئۈچۈن بەرگەن قەسىمىگە ئاسىيلىق قىلغىنى» مۇشۇ دىراماتىك ۋەزىيەتنى دەۋر قىلىپ ھەرىكەتنى قانات يايدۇرغان. بۇ داڭلىق خەلق ئۇسسۇلى بىرىنچى قېتىم دىراماتىك ۋەزىيەتكە ئىگە بولۇپ، ۋەقەلىكنىڭ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈشىگە ياردەمچى بولغان. «ئونېگىن» نىڭ بىر نەچچە بۆلەك ئىپادىلەش ئۇسسۇلى يۇقۇرىدا ئېيتىلغان بىر تەرەپ قىلىنىشتىن تېخىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن دېيىشكە بولىدۇ.

لالىنا خانىمنىڭ تۈزگەن (ئۈچىنچى پەردىدە) پۈتكۈل پەردە قۇرۇلمىسىدا جەمئى 6 بۆلەك ئۇسسۇل بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى 4 بۆلىكى تانسا ئۇسسۇلى. ئەگەر كىلاسسىك بالېت ئۇسسۇلىنىڭ قائىدىسى بىلەن ئېيتقاندا بۇ ئۇسسۇللارغا ھەر خىل ئۇسلۇبتىكى بىر تەرەپ قىلىنغان ئۇسسۇل كۆرگەزمىسى دېيىشكە بولىدۇ. بىراق رېژىسسور كىلاسسىك ئۇنداق قىلمىغان. ئۇ ئالدى بىلەن دىققەت ئېتىۋارىنى ئەسەردىكى ئاساسلىق پېرسوناژنىڭ ھەرىكىتىگە قارىتىپ، تانسا ئۇسسۇللىرىنى چېكىندۇ-رۇپ، قوشۇمچە ئورۇندىكى ئارقا مەنزىرە ئورنىغا قويغان. ئۇلارنى يەنىلا داغدۇغا يارىتىش ۋە كەيپىيات بەرپا قىلىش رولىنى ئوينىتىپ بېرىدىغانلا قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغان. 1 - بۆلەك تانسا ئۇسسۇلىدا پېرسوناژنىڭ مەيدانغا چىقىشى تونۇشتۇرۇلغان. 2 - بۆلەك تانسا ئۇسسۇلىدا «ئونېگىن خەتنى تاتىيانغا قايتۇرۇپ بەرگەندىكى ۋەقەلىكى» چۈشەندۈرۈلگەن، 3 - بۆلەك تانسا ئۇسسۇلىدا ئونېگىن يالغاندىن ئولگا بىلەن بىللە بولۇۋېلىپ لېنسكىدىن ئۆچ ئالماقچى بولغان. 4 - بۆلەك تانسا ئۇسسۇلى بولسا پۈتكۈل پەردىنىڭ كۇلمىناتسىيە نۇقتىسى بولۇپ، لېنسكىي ئىلاجسىز ھالدا ئونېگىننى دۇئېلغا چاقىرىشقا تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ ئىپادىلەش خاراكتېرىدىكى ئۇسسۇل، مەزمۇن پېرسو-ناژنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ۋەقەلىك بىللە ئېقىپ كېلىدۇ. بۇ خىل ئىجادىي ئۇسسۇل قۇرۇلمىسىنىڭ لا-يىھىسى بىزنى ئىنتايىن پايدىلىق تەجرىبىلەر بىلەن تەمىنلىدى.

«پانتوما»

بۇ ئۇسسۇللۇق تىياتىر مەيدانغا كەلگەندىن تارتىپ تالاش - تارتىش ئەڭ قاتتىق بولۇپ كېلىۋاتقان بىر مەسىلە. بالېت ئۇسسۇلى تېخى مۇستەقىل سەنئەت شەكلى بولۇشتىن بۇرۇن، يە-نىلا دىراما ياكى ئوپېرا ئىچىدە سىڭىپ كىرىش خاراكتېرىدىكى ئۇسسۇل شەكلىدە مەۋجۇت ئىدى. 18 - ئەسىردە بالېت ئۇسسۇلى ئوپېرادىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولغان. ئەينى زاماندىكى بالېت

تىياتىرى مۇۋەقەلىك بالېت تىياتىرى» دەپ ئاتالغان. ئىپادىلەش شەكلى جەھەتتە، پانتوما، بالېت تىياتىرىغا «سىڭىپ كىرىش خاراكتېرىدىكى ئۇسسۇل سۈپىتىدە قوشۇلۇپ، پېرسوناژ ۋەقەلىكىنى بايان قىلىشتا پانتوما ۋاستىسىدىن پايدىلانغان. ئۇنىڭدىن باشقا ۋاقىتتا خىلمۇ - خىل ئۇسسۇللار ئوينالغان. فرانسىيە ئۇسسۇل مۇتەخەسسىسى نوۋېرنىڭ تەرغىپ قىلىپ بېكىتكەن پرىنسىپى بىلەن ئۇسسۇل ۋەقەلەشتۈرۈلۈپ، پانتوما ئۇسسۇللاشتۇرۇلغان. «بىۋاسىتە ئىپادىلەش» بولسا بۇ جەھەتتىكى تىپىك ئەسەردۇر. (بۈگۈنكى كۈندە ئوينىلىۋاتقىنىدا چوڭ ئۆزگەرتىشلەر بار) نوۋېر مەسىلىسى تامامەن ھەل قىلىپ كېتەلمىگەن. تاكى 19 - ئەسىرگە كەلگەندە مەيدانغا كەلگەن رومانتىزملىق ئۇسسۇللۇق تىياتىرلىرىدا، مەسىلەن، «دونكىخوت»، «ژىزېل» لارغا سىڭدۈرۈلگەن ئۇسسۇل بىلەن پانتومىنىڭ پەرقى يەنىلا روشەن. بەزى ئۇسسۇل مۇتەخەسسىسلىرى پانتومىنى چىقىرىپ تاشلاشنى تەنقىدلىسە، يەنە بەزى ئۇسسۇل مۇتەخەسسىسلىرى يەنىلا بۇنىڭغا قارشى پىكىردە بولۇپ كەلدى.

پانتوما بىر خىل دراما سەنئەت شەكلى بولۇپ، ئۇ قول ئىشارىتى، چىراي ئىپادىسى ۋە بەدەن ھەرىكىتى ئارقىلىق بەلگىلىك ۋەقەلىك بىلەن مەزمۇنىنى ئىپادىلەيدۇ. قوچمى بۇ خىل ئىپادىلەش ۋاستىسى ئۇسسۇللۇق تىياتىرغا نىسبەتەن ئېيتقاندا كەم بولسا بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇ، ئۇسسۇللۇق تىياتىر تەركىۋىدىن ئۇسسۇل كاتېگورىيىسىگە كىرمەيدىغان «پېرسوناژنىڭ ئۆزىگە خاس ھەرىكىتى» تىياتىر تەركىۋىدىن ئۇسسۇل (ئىشارەت تىلى) نىڭ ھەممىسىنى قوغلاپ چىقىرىش، ئۇسسۇللۇق تىياتىرنى مەنىسىز قۇرۇق ئويۇنغا ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان بولىدۇ. ئاۋادا «ژىزېل» توختىماستىن ساراڭلارچە ئۇسسۇل ئويناۋەرسە، ئۇنداقتا كورگىنىم سەھنە كۆڭۈلسىز ۋە ئەخمىقانە بىر سورۇنغا ئايلىنىپ قالغان بولاتتى. ئەگەر «ئۇيقۇدىكى پەرىزات» دىكى كورول شاھزادىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇسسۇلغا ئۆزگەرتىپ ئوينىلىدىغان بولسا، بۇنداق ئۈزۈلمەستىن توختىماۋېرىدىغان ئۇسسۇلنى بىرمۇ تاماشىبىن كۆرۈپ ئولتۇرۇشقا تاقەت قىلالماس ئىدى.»

پانتوما سەنئىتى ناھايىتى زور ئىپادىلەش كۈچىگە ئىگە. ئۇ، ئۇسسۇلغا قارىغاندا تۇرمۇشقا تېخىمۇ يېقىن، كىشىلەر ئۇنى تېخىمۇ ئاسان چۈشىنىدۇ. نوۋېرنىڭ ئېيتىشىغا ئاساسلانغاندا، «بۇ دەل مىشانلاپ يۈرەككە ئېتىلغان ئوق.» ئەلۋەتتە بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان پانتوما، ئەنئەنىۋى مودا بولۇپ قالغان قول ئىشارىتى ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشنى يۈزەكى دوراشمۇ ئەمەس. ئۇسسۇللۇق تىياتىردا پانتوما ئۇسسۇللاشتۇرۇلۇشنى، مۇزىكىلاشتۇرۇلۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئىنىق بولغان ئوبرازلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بەزى تېمىلار پانتومىدىن ئىبارەت ۋاستىنى كېرەك قىلمايدۇ. ئەمما ئادەتتىكى ئۇسسۇللۇق تىياتىرغا نىسبەتەن ئېيتقاندا مېنىڭچە، پانتومىنى پۈتۈنلەي چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ، بىز مۇشۇنداق ۋاستىنى ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇش بىلەن ئۇسسۇللۇق تىياتىرنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى يېتىلدۈرۈشىمىز لازىم. بىراق ئۇ، پەقەتلا بىر خىل قوشۇمچە ۋاستە بولغاچقا، ئۇنى مەزمۇنىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن تاللاپ، ھەرگىزمۇ ھەددىدىن ئارتۇق ئىشلەتمەسلىكىمىز لازىم. «ئونېگىن» دە پانتومىنىڭ ئىشلىتىلىشى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان. ئومۇمەن ھەر بىر پەردىدە، ھەر بىر مۇھىم رولنىڭ ھەرىكىتىدە پانتوما تەركىبى بار بولۇپ، تىياتىر دەل تاتىيانانىڭ پانتوما ھەرىكىتى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بۇ جەھەتلەردىكى تەجرىبىلىرى بىزنىڭ تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. ھازىر مەن ئۇسسۇللۇق تىياتىر «ئونېگىن» نى كۆرۈش داۋامىدا يېزىپ ئالدۇرغان پەردە بۆلەكلىرى گىراپىسىنى ئارقىغا قىستۇرۇپ قويدۇم. كۆپچىلىك بۇنىڭدىن ھەر خىل ئۇسسۇل ۋاستىلارنىڭ قوللىنىلىشى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى كۆرۈپ ئالالايدۇ.

ئۇسسۇللۇق تىياتىر «ئونېگىن» نىڭ ھەر بىر پەردىسىنىڭ بۆلەكلىرى جەدۋىلى

1 - پەردە:

لارىنا خانىمنىڭ باغچىسىدا. (جەمئىي 24 مىنۇت 20 سېكۇنت)

(1) لالىنا خانىمنىڭ ئائىلە تۇرمۇشى كۆرۈنۈشى. (2 مىنۇت 30 سېكۇنت)
(2) ئولگا بىلەن قىزنىڭ ئۇسسۇلى. (3 مىنۇت)
(3) ئويۇن ـ تاماشا كۆرۈنۈشى. (2 مىنۇت)
(4) ئولگا بىلەن لېنسكىنىڭ ئىككى كىشىلىك ئۇسسۇلى. (5 مىنۇت 30 سېكۇنت)
(5) كىشىلەر تارقىلىپ كەتكەن كۆرۈنۈشى. (35 سېكۇنت)
(6) ئونېگىن بىلەن تاتىيانانىڭ ئىككى كىشىلىك ئۇسسۇلى. (5 مىنۇت 30 سېكۇنت)
(7) رۇس ياشلىرىنىڭ ئويچا ئۇسسۇلى. (3 مىنۇت 45 سېكۇنت)
(8) خوشلىشىش كۆرۈنۈشى. (1 مىنۇت 30 سېكۇنت)

2 - پەردە:

تاتىيانانىڭ ياتاقخانىسى. (جەمئى 11 مىنۇت 30 سېكۇنت)

(1) تاتىيانانىڭ خەت يېزىۋاتقان كۆرۈنۈشى. (2 مىنۇت 30 سېكۇنت)
(2) ئىنىكئانا بىلەن تاتىيانانىڭ كۆرۈنۈشى. (1 مىنۇت)
(3) ئونېگىننىڭ چۈشىدە زاھىر بولغان كۆرۈنۈش. (1 مىنۇت 30 سېكۇنت)
(4) ئونېگىن بىلەن تاتىيانانىڭ ئىككى كىشىلىك ئۇسسۇلى. (5 مىنۇت)
(5) ئىنىكئانىنىڭ خەت ئېلىپ كەلگەن كۆرۈنۈشى. (1 مىنۇت 30 سېكۇنت)

3 - پەردە:

لالىنا خانىمنىڭ ئويى. (جەمئى 16 مىنۇت 40 سېكۇنت)

(1) تاتىيانانىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن تانسا. (4 مىنۇت 15 سېكۇنت)
(2) مازۇركا ئۇسسۇلى، ئونېگىننىڭ خەتنى قايتۇرغانلىقى. (3 مىنۇت 30 سېكۇنت)
(3) كىنەزنىڭ چىقىشى. (50 سېكۇنت)
(4) تانسا ئۇسسۇلى. (2 مىنۇت 40 سېكۇنت)
(5) تاتىيانانىڭ ئونېگىن ئۈچۈن ئوينىغان يالغۇز ئۇسسۇلى. (2 مىنۇت 10 سېكۇنت)
(6) ئونېگىن بىلەن لېنسكىنىڭ بوغۇشۇشى. (3 مىنۇت 15 سېكۇنت)

4 - پەردە:

چۆلدەرەپ كەتكەن باغچىدا. (جەمئى 8 مىنۇت 10 سېكۇنت)

(1) كۆرۈنۈش. (2 مىنۇت)
(2) لېنسكىنىڭ يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇلى. (2 مىنۇت 40 سېكۇنت)
(3) تۆت كىشىلىك ئۇسسۇل ۋە كۆرۈنۈشلەر. (3 مىنۇت 30 سېكۇنت)

5 - پەردە:

كىنەز گىرېمىننىڭ تانسا سارىيى. (جەمئى 14 مىنۇت 10 سېكۇنت)

(1) تانسا ئۇسسۇلى. (3 مىنۇت 30 سېكۇنت)
(2) ئونېگىننىڭ ئەسلىمە ئۇسسۇلى. (3 مىنۇت)
(3) كىنەز بىلەن تاتىيانانىڭ سەھنىگە چىقىش كۆرۈنۈشى (45 سېكۇنت)
(4) كىنەز بىلەن تاتىيانانىڭ ئىككى كىشىلىك ئۇسسۇلى. (4 مىنۇت 45 سېكۇنت)

AltunOq

# ئېتىكىلىق ھېسسىيات ۋە سەنئەت ئۇستىلىقى

— يېقىنقى بىر قانچە يېڭى فىلىملارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئويلىغانلىرىم

ۋاڭ يۈنمەن

1981 - يىلى قويۇلغان ياكى ئىشلەنگەن فىلىملاردىن ئەخلاقىي پەزىلەت تېمىسى قىلىنغان بىر قانچە فىلىملار بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە «ئائىلىدىكى خۇشاللىق» تىن باشلاپ ئارقىمۇ ـ ئارقا دۇنياغا كەلگەن «ئاچچىق ئاقىۋەت»، «يۇرتىمىز مۇھەببىتى»، «ئارزۇيىمىز ـ ئىناقلىق»، «يوشۇرۇن تور» قاتارلىق بەزى فىلىملار كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ، كىشىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغان ئىجادىيەتلەردىن بولۇپ قالدى. بىز ئەگەر سەل ـ پەل ئويلىنىپ كۆرسەكلا، نۆۋەتتە بىر قەدەر يېڭى ئىجادىيەت ئەھۋالىنىڭ شەكىللەنگەنلىكى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي بىر ئىش بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ تۇرمۇش ۋە دەۋرنىڭ تەقەززاسى بىلەن بەدىئىي ئىجادىيەتتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنىڭ ئىز ئىچىدە ئالغان مۇئەييەن ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ خىل يېڭى فىلىملار دۇنياغا كېلىشى بىلەنلا، ئۇلاردا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇش ئىجتىمائىي رېئاللىققا بىر قەدەر يېقىن بولغانلىقى، بەزى يېڭى تېما، يېڭى ئۇسلۇب ۋە يېڭى ئىدىيىلەرنى يورۇتۇپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ھايۇنلىغان تاماشىبىنلار ئىچىدە خېلى كۆپ غۇلغۇلا قوزغىدى ۋە قوزغىماقتا. شۇڭا ئىجادىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى مەسىلىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ، بىزمۇ ئۇلارغا نەزەرىيە جەھەتتىن ئەھمىيەت بېرىشىمىز، ئۇنى مۇلاھىزە قىلىشىمىز، ئىزدىنىشىمىز ۋە يەكۈنلىشىمىز لازىم.

---

(5) كۆرۈنۈش. (45 سېكۇنت)

(6) ئونېگىننىڭ ئەسلىمىسى. (1 مىنۇت 20 سېكۇنت)

6 - پەردە:

تاتىيانانىڭ كىچىك مېھمانخانىسىدا. (جەمى 10 مىنۇت)

(1) تاتىيانا بىلەن كىنەزنىڭ كۆرۈنۈشى. (3 مىنۇت)

(2) ئونېگىن بىلەن تاتىيانانىڭ ئىككى كىشىلىك ئۇسسۇلى. (7 مىنۇت)

پۈتۈن تىياتىر ئويۇنىنىڭ ۋاقىت ئۇزۇنلۇقى 84 مىنۇت 50 سېكۇنت.

خەنزۇچىدىن: ئابدۇكېرىم ھېكىم تەرجىمىسى

ھەبىبۇللا مۇھەممەت تەھرىرلىگەن.

## ! ئېتىكىلىق فىلىملارنىڭ ئەۋج ئېلىشى ۋە تەرەققىياتى دەۋرنىڭ تەقەززاسى

مۇبادا بىز ئەتراپىمىزغا بىنەزەر كەڭرەك نەزەر سالساق، ئەخلاقىي پەزىلەت تېما قىلىنغان فىلىملارنىڭ يەنىمۇ ئەۋج ئېلىشى ۋە تەرەققىياتى ئېلىمىزگىلا خاس ھادىسە بولماستىن، بەلكى پۈتۈن دۇنيا كىنو ئىشلىرىدىكى تېخىمۇ كەڭ دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىر خىل ئومۇمىيۈزلۈك ھادىسە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. «ئەر - خوتۇن كىروملار»، «ئائىلىدىكى كىشى» قاتارلىق فىلىملارنىڭ ئامېرىكىنى زىلزىلىگە سالغانلىقى دەل شۇنىڭ روشەن بىر مىسالى. ئەلۋەتتە كاپىتالىستىك مەملىكەتلەرنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي مەسىلىسى ۋە ئەخلاقىي مەسىلىسى بار. بۇ بىزنىڭ دۆلىتىمىز بىلەن ئوخشىمايدۇ؛ بۇ مەسىلە بەزى ماقالىلاردا نەچچە قېتىم بايان قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە بىز تەكرارلاپ ئولتۇرمايمىز. لېكىن ئىجادىيەتنىڭ ئىچكى تاللاش جەھەتتىن يەنە بىر ئاز ئويلىنىدىغانلا بولساق، قانداقلا بولۇن، دۇنيادىكى بەزى كىنو سەنئەتكارلىرىنىڭمۇ شۇ خىلدىكى تېمىنىڭ مۇھىملىقى، ئېھتىياجلىقلىقى ۋە ئۆتكۈرلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغانلىقىنى، تاماشىبىنلارنىڭ بۇ خىل تېمىدىكى فىلىملارغا ئىنتىزار بولۇۋاتقانلىقى ۋە ئالقىشلىغانلىقى كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ يەنىلا ئەخلاقىي پەزىلەت مەسىلىسىگە ئومۇميۈزلۈك ئەھمىيەت بېرىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، چەتئەللەردىكى بەزى مۇنەۋۋەر ئېتىكىلىق فىلىملارنىڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرى، يېڭى تەجرىبىلىرى بىزنىڭ پايدىلىنىشىمىز ئۈچۈن يەنىلا مەلۇم قىممەتكە ئىگە.

«ئائىلىدىكى خۇشاللىق» ناملىق فىلىمنىڭ ئامېرىكا تاماشىبىنلىرىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولۇشى ھەقىقەتەنمۇ بىزگە ئوخشاش بەزى كىشىلەرنىڭ، باشقىچە ئېيتقاندا، ماڭا ئوخشاش كۆرگەن - بىلگىنى ئاز، پىكىر قىلىش ئىقتىدارى چەكلىك ئادەمنىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىققىنى، بەدىئىي شەكىلدىكى سەۋەبلەر (مەسىلەن: ماللاشتۇرۇش، سەھنە، چۈشىنىشلىك بولۇش قاتارلىقلار) دىن باشقا، تېخىمۇ مۇھىم راغى شۇكى، فىلىمدە تەسۋىرلەنگەن ئېلىمىز خەلقىنىڭ يېڭى خىسلىتى، يېڭى ئەخلاقى باشقا دۆلەتلەردىكى تاماشىبىنلارنىڭمۇ بىردەك غۇلغۇلىسىنى قوزغىغان، ئەلۋەتتە، ئەخلاقىي پەزىلەت مەسىلىسى روشەن سىمۋوللۇققا ۋە شۇنداقلا ئومۇمىيۈزلۈك ئىجتىمائىيلىققا ئىگە مەسىلە. شۇڭا ئەخلاقىي پەزىلەت مەسىلىسى تېما قىلىنغان بەزى مۇنەۋۋەر فىلىملارنىڭ ئىشلىنىشى پۈتۈن مەملىكەت ئىچىدىكى تاماشىبىنلارغىلا مۇھىم تەسىر كۆرسىتىپ قالماستىن، بەلكى ھەر قايسى ئەللەردىكى تاماشىبىنلارغىمۇ ئېكران ئارقىلىق ئېلىمىز خەلقىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتى ۋە يېڭى خىسلەتلىرىنى چۈشەندۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. دېمەك، بۇنىڭدىن بۇ خىل ئىجادىيەتلەرنىڭ مول رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر تەسىر دائىرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

«ئائىلىدىكى خۇشاللىق» ناملىق فىلىم قويۇلۇپ ياخشى باھاغا ئېرىشكەندىن كېيىن، مەنمۇ بەزى ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەرنى ئاڭلىغان ئىدىم. "توخۇ بىلگىنىنى چىللايدۇ" غانلىقى قىلچىمۇ ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، ئىجادىيەتتىكى بەزى مەسىلىلەرگە بولغان تونۇشىمىزنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، مەن بۇ يەردە بەزى كۆز قاراشلار ئۈستىدە مۇھاكىمە

ۋە تالاش ـ تارتىش ئېلىپ بېرىش، ئېھتىمال زورۇر بولسا كېرەك دەپ ئويلايمەن. مەسىلەن، بەزىلەر «ۋىدالىدىكى خۇشاللىق» قاتارلىق فىلىملارنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە تاماشىبىنلارنىڭ دىققىتى ـ ئېتىۋارىغا سازاۋەر بولالىشى «سىياسەتتىن ئايرىلىپ چىققانلىقى»، «رېئاللىقتىن خالى بولغانلىقى»نىڭ نەتىجىسى؛ ھازىرقى ئەخلاقىي پەزىلەت تېمىسىدا «شەكىللەنگەن بىر خىل شامال» تۇتەمۇشتەكى «پەرزەنتلەر مېھرى»، «ئائىلە ئىشلىرى» تېمىسىنى يېزىش شامىلىنىڭ تەكرارلىنىشى ـ دەپ قارايدۇ. بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئۇلار ئەشۇ بىر قىسىم فىلىملارغا تولىمۇ يۇقىرى باھا بېرىپ كەتمەسلىك كېرەك، دەپ ھېسابلىشىدۇ. ئەلۋەتتە، بىز فىلىملارغا باھا بېرىشتە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پوزىتسىيىسىنى قوللىنىشىمىز، «ۋىدالىدىكى خۇشاللىق» قا ئوخشاش فىلىملاردىكى دەۋر ھېسسىياتىنىڭ كۈچلۈك ئەمەسلىكىنى، بەزى ياشلارنىڭ ئوبرازى قىسمەندە ئاتىچە ئەسىرلىك يارىتالمىغانلىقىدەك ئاجىزلىقلارنى سۆز يۈگۈرتۈپ ئوتكۈزۈۋەتمەسلىكىمىز لازىم. لېكىن، «ۋىدالىدىكى خۇشاللىق» ناملىق فىلىم دۇنياغا كېلىشى بىلەنلا مىليونلىغان كىشىلەر قەلبىنى ئوزىگە جەلپ قىلغانلىقى، ئۇنىڭدا تاماشىبىنلار ئومۇمىيۈزلۈك كوڭۇل بولىۋاتقان رېئال مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغىنى كۈچلۈك ئىپادىلەپ بەردى. بۇنى قانداقمۇ «سىياسەتتىن ئايرىلىپ چىققانلىق»، «رېئاللىقتىن خالى بولغانلىق»نىڭ مەھسۇلى دېگىلى بولسۇن؟ ئەگەردە شۇنداق دېيىلسە، «سىياسى» بىلەن «رېئاللىق»نى تولىمۇ تار دائىرىدە، بىر تەرەپلىمە چۈشەنگەنلىك بولمامدۇ؟ جەمئىيەتتىن ئايرىلغان، رېئاللىقتىن چەتنىگەن، «پەرزەنتلەر مېھرى»، «ئائىلە ئىشلىرى»نى تېما قىلىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئەمما ئائىلە مەسىلىسى، مۇھەببەت، نىكاھ مەسىلىسى، ئەخلاقىي پەزىلەت مەسىلىسى بولسا ئىنتايىن چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە مەسىلىلەر بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەسلا سەل قاراشقا بولمايدۇ. شۇڭلاشقا بۈگۈنكى كۈندە «ۋىدالىدىكى خۇشاللىق» فىلىمىنى نەزەرىيە جەھەتتىن مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەھلىل قىلىش يەنىلا زورۇر.

مەملىكىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 30 نەچچە يىللىق كىنو ئىجادىيىتى تارىخىنى ئەسلەپ، ئەخلاقىي پەزىلەت تېمىسىنىڭ باش ـ ئايىغىنى دەۋرىگىچە قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، بۇ مەسىلىگە قارىتا بىر قەدەر روشەن تونۇشقا ئىگە بولىمىز. دولىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 17 يىل جەريانىدا دۇنياغا كەلگەن نەچچە يۈزلىگەن فىلىملارنىڭ ئىچىدە، مەركىزى تېمىدىكى فىلىملار ئىنتايىن ئاز سانلىق تەشكىل قىلىدۇ. كوپىنچىسى سىياسىي ھەرىكەت، سىنىپىي كۈرەشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان فىلىملاردىن ئىبارەت بولدى. 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە ئەخلاقىي پەزىلەت تېمىسى دەسلەپتىلا 18 قەۋەت جەھەننەمنىڭ تەكتىگە كىرگۈزۈۋېتىلدى. جۇملىدىن، بۇنىڭدىن بىر قانچە يىل ئىلگىرىكى ئەھۋالنى ئالساقمۇ، بۇ تېما ئىجادىيەت تېمىسىنىڭ كۆزنەكىگىمۇ تېخى كىرگۈزۈلمىگەن ئىدى. ھازىر بۇ تېما مەدەنىيەتنىڭ باھار ساباسى بىلەن بىللە، تۇنجى ئېچىلغان گۈل ـ غۇنچىلاردەك دەۋرنىڭ ئېقىمى ۋە تەلىپىگە ماسلىشىپ، بەس ـ بەس بىلەن پورەكلەپ ئېچىلماقتا. ئاممىنىڭ روھى كەيپىياتىدىن ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق، 10 يىللىق قالايمىقانچىلىقنى باشتىن كەچۈرگەن كىشىلەر بۇزۇلغان ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ ئازاۋىنى، بۇزۇق ئەخلاقىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ زىيىنىنى چوڭقۇر ھېس قىلماقتا. شۇڭلاشقا ئۇلار كىنو سەنئەتكارلىرىنىڭ ئەخلاقىي پەزىلەت مەسىلىسىدىكى رەسۋاچىلىقلارغا ۋە ناچار ھادىسىلەرگە كۈچلۈك زەربە بېرىشنى ئۈمىت

قىلىدۇ. مەزكۇر تېمىدىكى فىلىملارنىڭ ئارقىمۇ ـ ئارقا مەيدانغا چىقىشى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ كۆپ بولغانلىقى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەمەلىي ياشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، كىنو ئىجادىيىتى ماددىيلارنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئىدىيىنىڭ ئازراق بولغانلىقى، نەزەر دائىـ رىسىنىڭ كېڭەيگەنلىكى تۈپەيلىدىن، ئۇلارمۇ تەدرىجىي ھالدا شۇ ھالدىكى تېمىلارنىڭ دۆمىلىشىنى ھېس قىلماقتا.

## II ئېتىكىلىق فىلىملارنىڭ رىيالىزملىق ئىستېتىكا ئاساسى

چىنلىق — كىنو ئىجادىيىتىنىڭ جېنى، بۇ ھەممە فىلىملارغا قويۇلىدىغان ئورتاق سەلەپ، ئېتىكىلىق فىلىملارمۇ ھەرگىز بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ۋە كىشىلەر قەلبىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتەلىگەن ئېتىكىلىق فىلىملارنىڭ ھەممىسى رىيالىزملىق ئاساسىنى ئايرىلالـ ـمايدۇ.

«ئائىلىدىكى خوشاللىق» ناملىق فىلىمغا قارىتا كىشىلەر تۈرلۈك نۇقتىلاردىن باھا بەردى. لېكىن، مېنىڭچە بۇ فىلىمنىڭ رىيالىزملىق ئىستېتىكا جەھەتتىكى تىرىشچانلىقلىرى ۋە مۇۋەپپەقىيىتى ئۈستىدە ئىلمىي بېرىلگەن تەھلىللەر تولىمۇ كەمچىل، مەسىلەن، سىنارىيىلەشتۈرگۈچى چوڭ كېلىن جىياڭيىڭنىڭ شىياۋگۇزى بىلەن جاڭجاللاشقان بىر كۆرۈنۈشى ئۈستىدە ئىشلىگەندە، ئاددىي بىر سەرا ھويلىسىدا جىياڭيىڭنىڭ چوشقا باقماق ئۈچۈن تېپىپ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالماقچى بولۇپ، شياۋگۇزى بىلەن تەگەشكەنلىكىنى تەسۋىرلەيدۇ. بۇ تەسۋىر كىشىدە ھەقىقەتەن قاچىمۇ ياماللىقى ۋە ساختىـ پەزلىكى بولمىغان بىر تۇيغۇنى پەيدا قىلىدۇ. كۆرۈنۈشتە دېخان ھويلىسىنىڭ ئەشۋەدەك ئورۇنـ لاشتۇرۇلۇشى، جىياڭيىڭنىڭ قەستەن زەردىبەت تۇغدۇرغان چېھرىدىكى قىياپىتى، روھىي كەيپىياتى، ھەركىتى ۋە بىر ئائىلە كىشىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئەشۇ خىل كېلىشمەسلىككە قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى كىشىگە بىر خىل سەممىمىي ۋە چىنلىق تۇيغۇسىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. سەھنىدە ھامان ئورۇنلاشتۇرۇش، قۇراشتۇرۇش، بېشىغلاش، تاۋلاش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. لېكىن ئۇ پاكەت دېمىسى، سەمىمىي بولسا، ئۇزىدە قاچىمۇ ساختىلىقنىڭ ئىزىنى قالدۇرمىسا، ئاندىن قىممەتكە ئىگە بولالايدۇ. تاماشىبىنلار ۋە ئوبزورچىلارنىڭ دائىم "مانا بۇ — تۇرمۇش"، "مانا بۇ — ھەقىقىي تۇرمۇش" دېگەن تەرىپلىرى تەبىئىكى ھەرگىزمۇ تۇرمۇشنىڭ ئەينەن كۆچۈرۈلمىسىگە قارىتىلغان ئەمەس، بەلكى شۇ ئەسەرلەردىكى ئەشۇ خىل رىيالىزملىق ئىستېتىكا ئاساسى ئۈستىگە قۇرۇلغان بەدىئىي ماھارەتنى پەھرىلەنگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر. «ئائىلىدىكى خوشاللىق»نىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بەزىلەر "تېمىسىنىڭ توغرا تاللانغانلىقى"، "چىنلىقىنىڭ قەلبكە ئۇيغۇن" بولغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، دەيدۇ. بۇ پەقەت ئۇنىڭ بىر تەرىپى، تېخىمۇ مۇھىم بولغان ئىككىنچى تەرىپى شۇكى، فىلىمنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئىلمىزنىڭ كىنولىرىدىكى رىيالىزملىق ئىستېتىكا ئاساسى ۋە ئەنئەنىسىنى بىر قەدەر ياخشى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكى ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، دەيدۇ. ھالبۇكى چىنلىققا رىئايە قىلمايدىغان، ھەسسىيات قوزغىغۇچى ئامىللار ۋە ئاجايىپ ـ غارايىپ بولۇشنى قوغلىشىدىغان ئاچار ئادەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، فىلىمدىكى بۇ خىل بەدىئىي ئۇسلۇپ ھەقىقەتەن قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ.

«ئارزۇيىمىز — ئىناقلىق» ناملىق فىلىمدا قامىلىسى ئوخشاش بولمىغان 5 كىشىنىڭ بىر ئائىلىگە جەم بولۇپ قوشۇلغانلىقىدىن ئىبارەت چوڭقۇر دوستلۇق ـ مۇھەببەت تېما قىلىنغان؛ «يوشۇرۇن تور» ناملىق فىلىمدا نىكاھ مەسىلىسىدىكى ئائىلىۋى كونا كۆزقاراشنى تاشلاش ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش تېما قىلىنغان؛ «يۇرتقا مۇھەببەت» ناملىق فىلىمدا ئانا يۇرتنى سېغىنىش ۋە قان ـ قېرىنداشلىق مېھرى ـ مۇھەببەت تېما قىلىنغان؛ «ئاچچىق ئاقىۋەت» ناملىق فىلىمدا، ئاددىللارچە كۆيۈنۈش نەتىجىسىدە ئاچچىق ئاقىۋەتكە مۇپتىلا بولۇشتەك ئېچىنىشلىق ساۋاق تېما قىلىنغان بولۇپ، بۇ فىلىملەردىكى سىيوژىتلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك رېئال تۇرمۇشتىكى ئەخلاقىي پەزىلەت مەسىلىسىگە بېرىپ تاقالغان. سىنىپىي جەمئىيەتتە ئەخلاقىي پەزىلەت تەبىئىي ھالدا سىنىپىي چەكلىمىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئۇ يەنە تېخىمۇ كەڭ ئومۇملۇققا ئىگە بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر ساھە، ھەر كەسىپ، ھەر قايسى ئاتلاملار ۋە ياش ـ قۇرامى ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل كىشىلەرنىڭ ئىنكاسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بولىدۇ. مەسىلەن: «ئارزۇيىمىز — ئىناقلىق» ناملىق فىلىمدا قامىلىسى ئوخشاش بولمىغان 5 كىشىنىڭ مۇناسىۋىتى ئارقىلىق، ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش، ياشلارغا غەمخورلۇق قىلىش، دوستلۇق، مۇھەببەت، كەسىپكە ئوخشاش خىلمۇ ـ خىل مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مېنىڭچە، بۇ فىلىمنى يالغۇز مەلۇم ئائىلىلەر ۋە مەلۇم قاتلامدىكى كىشىلەر ئۈچۈنلا رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە دېگىلى بولمايدۇ؛ نىكاھ مەسىلىسىدىكى ئائىلىۋى كونا كۆز قاراش تا بۈگۈنكى كۈنگىچە مەۋجۇت ئۆتكۈر بىر مەسىلە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزلۈكسىز تۈردە يېڭى شەكىل ۋە يېڭى "پوسۇن"لار بىلەن مەيدانغا چىقىۋاتقانلىقى ۋە ياشلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا دائىم تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، «يوشۇرۇن تور» ناملىق فىلىمنى دەسلەپتە ياشلار ئارىسىدا قويۇپ پىكىر ئالغان چاغدا، ھەر قايسى خىلدىكى ياشلارنىڭ فىلىمگە قارىتا كۆيۈلگەن كۈچلۈك ئىنكاسلىرى ئوتتۇرىغا چىقتى. «يۇرتقا مۇھەببەت» ناملىق فىلىمنى ئالىدىغان بولساق، فىلىمدا يۇرتنى ئۇنتۇتماسلىق، ئەسلىنى ئۇنتۇتماسلىقتەك ئىدىيىۋى خىسلەت ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ۋە ئومۇمىلىققا ئىگە گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلىتى سىڭدۈرۈلگەن، قىلىم ھەتتا كىشىنى ۋەتەن ۋە خەلققە تۇتىدىغان پوزىتسىيىگىچە ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلىش ئارقىلىق، ئاساسىي ئىدىيىنى مۇئەييەن پەلىنپەۋى يۈكسەكلىككە كۆتەرگەن. بۇ بىر قانچە فىلىملەردىن «يۇرتقا مۇھەببەت» ناملىق فىلىم ئومۇمىيۈزلۈك ياخشى باھاغا ئېرىشكەندىن تاشقىرى «ئارزۇيىمىز — ئىناقلىق»، «يوشۇرۇن تور» قاتارلىق فىلىملار تاماشىبىنلار ئىچىدە خېلى كەڭ بەس ـ مۇنازىرە قوزغىدى. بەزىلەر بۇ ئىككى فىلىمنىڭ سيوژىتى مەلۇم "خىيال" بويىچە توقۇپ چىقىرىلغان، دەپ قارايدۇ. مەسىلەن: ئالدىدىكىسىدە "قامىلىسى ئوخشاش بولمىغان 5 كىشىنىڭ قان قېرىنداش بولۇپ، بىر ئائىلىگە جەم بولۇشى"دىن ئىبارەت تېمىنى ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈنلا، تەسادىپىي تۇغرا كېلىپ قېلىشتەك بىر ۋەقەنى زورمۇ ـ زور توقۇپ چىقىرىش ئارقىلىق، سۈنئىيلىكى روشەن مەلۇم بولۇپ تۇرغان بىر ھېكايە بايان قىلىنغان. كېيىنكىسىدە، گەرچە ئائىلىۋى كونىلىق كۆزقاراشقا قارشى تۇرۇشتەك ناھايىتى ياخشى ئىگىلىك مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى ئۇنىڭدىكى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى چىنلىق بىلەن يارىتىلمىغان. ئوي ـ پىكىر ۋە مەنتىقىسى بەكمۇ قالايمىقان. بۇ ئىككى فىلىمنىڭ ھەقىقەتەن ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئاجىزلىقلىرى بار. مەسىلەن: "خىيال"غىلا بېرىلىپ كېتىش،

AltunOq

تۇرمۇش جەريانىغا قانچىلىك رىئايە قىلىشنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى؛ سەۋزەتنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن بالغان دىتاللار ۋە پېرسوناژلارنىڭ ئەھمىيەتسىز، ئورۇنسىز ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى زورمۇ ـ زور كىرگۈزۈش ۋە باشقىلار. قىسقىسى، تېتىكلىكى ھالقىلار ئىجادىيىتىدىمۇ خۇددى باشقا تېمىدىكى فىلىملەرگە ئوخشاش، رېئاللىزىملىق ئاساسى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت توپ مەسىلە مەۋجۇت.

لېكىن چىن مەنىدىن ئېيتقاندا، «ئارزۇيىمىز ـ ئىنتىلىشىمىز»، «يوشۇرۇن نۇر» قاتارلىق ئىككى فىلىمنىڭ كىشىلەرنىڭ ئورتاق دىققىتىنى قوزغىيالىشى، ھەتتا بەزى كورۇنۇشلىرىنىڭ كىشىنى ئىختىيارسىز ياش توكۈشكە مەجبۇر قىلىشى ھەرگىزمۇ ساۋەبسىز ئەمەس. ئېغىر دەرىجىدە ساختىلىققا ئىگە، يۇنۇسنىڭ "جىبال" نى چىقىش نوقتىسى قىلىپ قېلىپلاشتۇرۇلغان ۋە ئابستراكتلاشتۇرۇلغان فىلىمنىڭ ئەشۇنداق بەدىئى ئۇنۇمگە ئىگە بولالىشى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. شۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، «ئارزۇيىمىز ـ ئىنتىلىشىمىز» ناملىق فىلىمدا قىزى ۋە ياشلارنىڭ تەسۋىرى ھەقىقەتەن خىيالچىلىق بىلەن يېزىلغان بولۇپ، تەسىرلىك، مول بەدىئى ھېسسىياتقا ئىگە. لوداچۇەن يەخشەك قارشى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ سۆيگىنى چيازمېڭ لوداچۇەننىڭ دادىسىنى ئىزلەپ تېپىپ، سەمىمىيلىك بىلەن ئۇنىڭ ئاتا تۇتىدۇ ھەمدە بوۋاينى بېقىش مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ؛ بوۋاي لوخېڭ بولسا بۇ قىزنىڭ تۇرمۇش ئىشىنىڭ كېچىسى ۋاقتىدا ۋە ئۇنىڭغا تەسىر يەتمۇۋاتقانلىقىغا تاقەت قىلالماي، ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىدۇ. مانا بۇ كورۇنۇشتە، باشقا ـ باشقا فامىلىلىك ئىككەيلەن ئوتتۇرىسىدا ئاخىر ئاتا ـ بالىلىق مۇناسىۋەت شەكىللىنىدۇ. شۇنداقلا تۇرمۇشنىڭ بۇرغۇن بوران ـ چاپقۇنلىرىنى باشتىن كەچۈرۈش جەريانىدا ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئاتا ـ بالىلىق مېھرى ـ مۇھەببىتى كۈچەيمەكتە. قايچىمىز يەسەيمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئۆزگەرگەن ئاتا ـ بالىنىڭكىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان مېھرى ـ مۇھەببەت ھەقىقەتەن كىشىنى بەدىئى تەسىراتقا ئىگە قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، خۇيەن زىچيىەنىڭ يېتىم بالا كۆڭلىنى ئوينىغا ئەكىلىۋېلىپ خەۋەر ئالغان كورۇنۇشمۇ ناھايىتى تەسىرلىك. خۇسۇسەن ئۇنىڭ ھەممىنى ئاسلانغا بېرىش ئۈچۈن گوش پارچىلىرىنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇماسلىقتەك كىچىككىنە بىر ئېپىزوت تولىمۇ ئالاھىدە چىققان. بۇ كارتىنىلار خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، شەرت ـ شارائىتى ئەمدىلا ئوزگىرىۋاتقان يەككە ـ يېگانە بىر ئادەم ـ خۇيەن زىچيىەنىڭ تېنىچ ئەمما بەختلىك تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. خۇيەن زىچيىەنىڭ ئاسلانغا قىلغان ئەشۇنداق چوڭقۇر مېھرى ـ شەپقىتىدىن بىز ئۇنىڭ ئىنسانغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇرلىقىنى يەنىمۇ روشەن چۈشىنىپ يېتەلەيمىز. ھەتتا، بۇنىڭدىكى كۆڭلىمۇ ئىنتايىن تەسىرلىنىدۇ، گۆلى چىن ھېسسىياتىنى بايان قىلىپ: "سۇ مەندىنمۇ غەيرەتلىك ئىكەن، كىچىك ئاپىسى يوق ئىكەن!" دەيدۇ. (گۆلى بۇ يەردە خۇيەن زىچيىەنىڭ خوتۇنى يوقلىقىنى كوزدە تۇتىدۇ ـ ت) فىلىمدا، ئىكرانىدا كورستىلىگەن پەردە تارقىمىدىكى شەخسلەرنى ئەيىبلەشتە، ئادەم بىلەن ئاسلاننىڭ ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلغانلىقىنى رېئال ۋە تەبىئىي بەدىئى تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولىدۇ. يۇقىرىقى مىساللار ئاپتورنىڭ تۇرمۇشنى، رېئال ئاساسقا قۇرۇلغان ھېسسىياتنى چىقىش نوقتا قىلغانلىقتىن، بۇ ئەسەرلەر بەدىئى ئىستېتىك تۇيغۇغا ئىگە بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

«يوشۇرۇن دورە» ناملىق فىلىمدىكى بەزى بەدىئىي ۋاستىلار ۋە بەزى پېرسوناژلارمۇ شۇ خىل ئىستېتىك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. مەسىلەن، ياش پوتبولچىسى چېن جېڭېڭنىڭ سويگىنى لوشىيەننىڭ ئانا - ئانىسى بىلەن دەسلەپ كۆرۈشۈشتە ئىشلىتىلگەن بەدىئىي ۋاستە، لىجۇڭچۈەن ۋە ئۇنىڭ ئايالىنىڭ باشلىنىشتا شۇنداق قىزغىن ۋە سەمىمىي پوزىتسىيەدە بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئائىلە ئەھۋالىنىڭ ئاچارلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنكى سوغۇق مۇئامىلىسى، سىپايە رەددى، يىلىرى قاتارلىق ئىندىۋىدۇئال خۇسۇسىيەتلەرنىڭ راۋاجلىنىشىغا مۇۋاپىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھازىرقى جەمئىيەتتىكى مەلۇم بىر خىل "نوپۇزلۇق شەخس" لەرگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان تىپىك خۇسۇسىيەتلىرى ئۇلارنىڭ سالاھىيىتىگە مۇناسىپ ھالدا ئىپادىلەنگەن، يەنە مىسال ئۈچۈن خې كەننى ئالساق، بۇ شەخس فىلىمدا لوشيەنگە تۇتقان دوستلۇق ۋە مۇھەببەت پوزىتسىيەسىدە ئاتىجاپ يەزىلەتكە، كۆچلۈك، دوستانە مۇھەببەتكە ئىگە، ھەم سالماق، پاراسەتلىك، ھەم جەڭگىۋار قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. بەزىلەر خې كەننى ئارتۇقچە غايىۋىلەشتۈرۈۋېتىلگەن بىر شەخس دەپ قارايدۇ؛ مېنىڭچە، خې كەننىڭ رېئال تاماشىغا ئىگە ھەم مۇئەييەن غايىۋى تۈسنى گەۋدىلەندۈرگەن بەدىئىي ئوبراز ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئەرزىيدۇ.

يۇقۇرقىدەك ئانچە مۇكەممەل بولمىغان تەھلىللەردىن ھەر ھالدا شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «ئارزۇيىمىز - ئىناقلىق»، «يوشۇرۇن دورە» قاتارلىق فىلىملارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى دەل رېئالىزمنى چىن ئىستېتىكلىق ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان، مانا شۇنداق ئىجادىيەتنىڭ داغدام يولىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىگەندە، بۇ يول ماڭغانسېرى شۇنچە كېڭىيىپ، چوقۇم يەنىمۇ كۆپ ۋە يەنىمۇ ياخشى ئېستېتىكلىق فىلىملار مەيدانغا كېلىدۇ.

## III يەنىمۇ چىن، ئالىجاناپ ۋە چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەنزىل بولۇشى كېرەك

«بىرىنچى ئىككىگە بۆلۈنۈشتە چىڭ تۇرۇپ، يەنە بىر باغلاق تۇرلەيلى» دېگەن چاقىرىق ئېستېتىكلىق فىلىملار ئىجادىيىتىگىمۇ ماس كېلىدۇ.

«ئارزۇيىمىز - ئىناقلىق» ناملىق فىلىمنىڭ چىنلىقىغا تويغۇن بولمىغان، قولنىڭ ئۈچىدىلا ئىشلەپ ئوتكۈزۈۋەتكەن جايلىرىمۇ ئاز ئەمەس، مەسىلەن: لوداچۈەننىڭ چاڭغى تېيىلىپ قۇربان بولغان كۆرۈنۈشى تولىمۇ يۈزەكى بولۇپ قالغان، ئادەتتە چاڭغى تېيىلىش مەشغۇلاتىدا ئەشۇنداق قار ئاسانلا گۈمۈرۈلۈپ چۈشىدىغان جاي تاللىنىشى مۇمكىنمۇ؟ مەيلى شۇنداق بولدى دېگەن تەقدىردىمۇ، قار گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈشتىن ئالدىن قانچىمۇ يوشۇرۇن تەسۋىر ياكى بىرەر شەپە بولماي، ۋەقەنىڭ ئەشۇنداق تەسادىپىلا يۈز بېرىشى كىشىنى قايىل قىلالامدۇ؟ بۇ، چىپاۋ مېڭىنىڭ تۇرمۇشىدىكى بىرىنچى قېتىملىق پاجىئە ھېسابلىنىدىغان ئاچچىقچىلىق بىر ئېپىزود ئىسلىدە ئىنتىسايىن تەبىئىي چىنلىققا ئىگە، ئەقىلگە مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك ئىدى، ۋاھالەنكى فىلىمدىكى شۇ كۆرۈنۈش كىشىدە يالغان تىراگېدىيىگە ئوخشاش تۇيغۇنى پەيدا قىلىدۇ.

«يوشۇرۇن دورە» ناملىق فىلىمدا چىنلىق مەسىلىسىدىن تاشقىرى، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتىرىنىڭ قالايمىقانلىقى، ئاپتورنىڭ فىلىمدىكى پوزىتسىيىسىنىڭ مۈجمەللىكى قاتارلىقلار خېلى روشەن ئىپادىلىنىدۇ. ئاپتور فىلىمدا گۇڭفېڭدىن ئىبارەت بىر ئىشچى ئوبرازىنى ياشلار بىلەن كارى يوق، پۈتۈنلەي ئوزىنىلا بىلىدىغان زىيالى مەيدانىدا تۇرۇپ ياراتقان: گۇڭفېڭ بىرىنچىدىن، تەنتەربىيە دېگەننى بىلمەيدۇ، ئىككىنچىدىن، ھەسسىيات دېگەننى بىلمەيدۇ، دائىم ئۇي سايىمنى

ياسىن بىلەن، ياكى ھاراق ئىچمەسلىك دېگەندەك ئىشلار بىلەن كۈنىنى كەچ قىلىدۇ، تەبىئىكى، باتۇر بۇ يەردە گىرىپىنى شەرەپ بىلەن قۇربان بولغان، لېكىن ئىرادىسى تۈنلىك ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇپ ھەسرەت چەككەن ئىلىپ يارىتىلغان، ئەپسۇسكى، بۇ كۆرۈنۈش ئەنە شۇ ئوبرازنىڭ كىشىگە بېرىدىغان ئەمەلىي تەسىرىنى ھېچقانداق تولۇقلىيالمايدۇ. بولۇپمۇ كىشىنى تېخىمۇ قايىل قىلالمايدىغان يېرى شۇكى، گوفېن ئەمەلىيەتتە ھېسسىيات جەھەتتىن ئىككىلەنگەن ئوبراز بولسىمۇ، لېكىن فىلىمدا ئۇنىڭ ھەدەپ لوتىيەنگە ئىچ ئاغرىتىۋاتقان، ئۇنىمۇ قىلىۋاتقان قىياپەتتە كۆرسىتىلىشى چىنلىقتىن بىر ئاز ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتكەنلىك بولمامدۇ؟ شۇنداق ئىپادىلەش توغرىمۇ؟

يۇقىرىقىدەك بىر قانچە مۇنەۋۋەر ياكى بىر قەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئېتىكىلىق فىلىملاردىكى ئاساسىي يېتەرسىزلىكلەر ئىجادىيەتتىكى مۇنداق بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: رېئاللىق مەسىلىسى يەنىلا سەل قارىغىلى بولمايدىغان، زور كۈچ بىلەن ھەل قىلىش زۆرۈر بولغان بىر مەسىلە. بىر قانچە يىلدىن بۇيان، تەزىرىيە جەھەتتىن ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئىجادىيەتتىكى تىرىشچانلىقلار نەتىجىسىدە، كىنولاردىكى رېئاللىق مەسىلىسىدە كۆپ ئۆزگىرىشلەر ۋە كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر بارلىققا كەلدى. ۋاھالەنكى، ساقچىلىقنىڭ قالدۇقلىرى خېلى ئۇزۇن تارىخقا ۋە خېلىلا ئاساسقا ئىگە بولغانلىقتىن، پۈتۈنلەي ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان، يالغاندىن قۇراشتۇرۇلۇپ ئىشلەنگەن فىلىملارنى تىلغا ئالمىغاندا، يەنە بىر قەدەر ياخشى فىلىملاردىمۇ بۇنىڭدىن خالى بولالمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى مۇرەككەپ، يەنى تۇرمۇش تەجرىبىسىنىڭ كەملىكى ياكى ئىدىيىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمىغانلىق ۋە ياكى بەدىئىي جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلارغا تايىنىپ - تايىنىپ مۇئامىلە قىلىپ، ئىنچىكە تەھلىل ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇلار ھەقىقەتەن كىنولارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتىكى ئاساسىي توسالغۇ بولۇپ كەلمەكتە. مېنىڭ يۇقىرىدا بىر قانچە فىلىملارغا قارىتا ئاشكارە ھالدا بەزى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇمدىن مەقسەت، كىنولىرىمىزدىكى چىنلىق ۋە رېئاللىق ئۈستىدىكى ئاساسىي يەنىمۇ دىققەت - ئېتىبارىمىزنى قوزغاشتىن ئىبارەت.

ئىدىيىۋىلىكىمۇ ناھايىتى مۇھىم. كىنو ھېسسىيات ئارقىلىق تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە قىلىندۇ، ھېسسىيات ئارقىلىق مەقسەت ئىپادىلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئەدەپ - ئەخلاق تېما قىلىنغان فىلىملاردا، گۈزەللىك بىلەن خۇنۈكلۈك، رەھىمدىللىك بىلەن ۋەھشىيلىك ئوتتۇرىسىدىكى تاماشىبىنلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە ئىدىيىۋى جەھەتتىن ئىلھام بېرىلىدۇ. بۇ فىلىملار تاماشىبىنلارنى ئىستېتىك ئالغاندىن ئىدىيىۋى مەنزىلگە تىرىشىپ يېتەكلىشى لازىم. بۇ، ئىجادىيەتچىلەرنىڭ ئىستېتىك ئىدىيىگە ئىگە بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇبادا، ئىجادىيەتچىلەر مەلۇم ئىدىيىۋى ئۇقتۇرۇشىمىز جەھەتتىن مۇجمەللىك بولسا، ياكى ھېسسىياتتا دېگەندەك ساغلام بولمىسا، قانداق قىلىپ بىر قەدەر يۇقىرى ئىستېتىك ئىدىيىگە ئىگە فىلىملارنى ئىشلىگىلى بولسۇن؟ قانداقمۇ مەدەنىيەتنى تەشۋىق قىلىدىغان مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىمىزگە ئېلىشتىن سۆز ئاچقىلى بولسۇن؟

(«كىنو ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1982 - يىل 4 - سانىدىن ئېلىندى.)

ئىسقەر مەھەممەت تەرجىمىسى

ياسىن مۇخپۇل تەھرىرلىگەن.

# پېرسوناژلارنىڭ پسىخولوگىيىلىك پائالىيەت جەريانىنى ئىپادىلەش

— پسىخولوگىيىلىك قۇرۇلما توغرىسىدا قىسقىچە سۆھبەت

خۇ ئېرىيەن

50 - يىللاردىكى ئۇسۇل ئىجادىيىتى پائالىيىتىدە «تۇرمۇشقا چۆكۈپ، ئۇسۇللاشتۇرۇش ئىمكانىيىتى كۈچلۈك بولغان خام ماتېرىياللار ئۈستىدە ئىزدىنىش» دېگەن بىر جۈملە سۆزنى دائىم ئاڭلاپ تۇراتتۇق. «ئۇسۇللاشتۇرۇش ئىمكانىيىتى كۈچلۈك بولغان» دېگەندە، كۆپ ھاللاردا كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى سىرتقى ئالاھىدىلىكى روشەن بولغان ھەرىكەتلەر، مەسىلەن، ئەمگەك، جەڭ، ھەربىي يۈرۈش، تەنتەنە پائالىيەتلىرى قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلاتتى. ئۇسۇللۇق سەھنە ئەسىرىنى لايىھىلىگەندىمۇ ھەمىشە «ئۇسۇللاشتۇرۇش ئىمكانىيىتى كۈچلۈك بولغان يۈرۈش كارتىنىسى ۋە ۋەقەلىكلەر» نەزەردە تۇتۇلاتتى، ئەكسىچە، ئەمگەك، جەڭ، ھەربىي يۈرۈش، تەنتەنە پائالىيەتلىرى دىن باشقا ئېيتىمىز كەڭ دائىرىدىكى تۇرمۇش ھادىسىلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ پسىخولوگىيىسىنى ئىپادىلەش كۆپىنچە ئۇسۇلدىكى ماھىرلىق ئەمەس دەپ قارىلاتتى.

ئادەم — بارلىق ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ مۇھىم ئىپادىلەش ئوبيېكتى. ئادەمنىڭ پسىخولوگىيىسى ئۇنىڭ سىرتقى ھەرىكىتىدىن كۆرە، ئىچكى ماھىيىتىنى ياخشىراق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. شۇڭا ئۇچۇن كىشىلەرنىڭ پسىخولوگىيىسىنى ئىپادىلەش جەريانى بارغانسېرى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ ئېتىبارىنى قوزغاشقا باشلىدى. 1976 - يىلىدىن كېيىن مەملىكىتىمىزدىكى ئەدەبىيات، كىنو ئىجادىيىتىدە پسىخولوگىيىلىك قۇرۇلمىغا ئىگە بولغان ئەسەرلەر بارغانسېرى كۆپەيدى. يازغۇچى ۋە رېژىسسورلارنىڭ قەلىمى ۋە فوتو ئاپپاراتلىرى ۋەقەلىك قاتلىمىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، كۆرگىلى بولمايدىغان پسىخولوگىيىلىك ھەرىكەتنى كۆرۈشكە بولىدىغان كونكرېت ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلەپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئىپادىلەش دائىرىسىنى كەڭ ئاچتى.

شەرقىي جۇڭگودىكى 6 ئۆلكە بىر شەھەر بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئۇسۇل كۆرىكىدە كۆرۈنگەن 58 نومۇر ئىچىدە ئىككىسى ئېنىقچە پسىخولوگىيىلىك قۇرۇلما خاھىشىغا ئىگە. ئۇنىڭ بىرى شاڭخەي ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى خۇجياڭلۇ ئىجاد قىلىپ رېژىسسورلۇق قىلغان «مۇڭلۇق»، يەنە بىرى جياڭسۇ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى فۇ دېرۇڭ ئىجاد قىلىپ رېژىسسورلۇق قىلغان «قۇش بۇلاقتىكى ئاي شولىسى».

«مۇڭلۇق» جياڭنەننىڭ يەرلىك تىياتىرى «راھىپ بىلەن راھىبەنىڭ ئۇچرىشىشى»غا ئاساسەن ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن ئىككى كىشىلىك ئۇسۇل. بۇ ئۇسۇلدا بىر جۈپ ياش راھىپ بىلەن راھىبەنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا ئىنتىلىپ ۋەيرانلىق ۋە تەنھالىقتىن قۇتۇلۇشنى تەلەپ قىلغان روھىي ھالىتى ئىپادىلەنگەن. «راھىپ بىلەن راھىبەنىڭ ئۇچرىشىشى» تاماشىبىنلارغا تونۇش بولغان نەنشىۋى يەرلىك تىياتىر بولۇپ، ئۇنىڭدا نەيىلىلەر، پېرسوناژلارنىڭ پسىخولوگىيىسى ناھايىتى كۆپ. خۇجياڭلۇنىڭ ئۇنى ئۆزگەرتىپ تۈزۈتىشتىكى مەقسىدى شۇكى، ئۇ كىشىلەرگە تونۇش بولغان راھىپ بىلەن راھىبەدىن ئىبارەت ئىككى پېرسوناژ ئارقىلىق رېئال تۇرمۇشتىكى كىشىلەرنىڭ پسىخولوگىيىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، بەزى ئىپادىلەش ماھارىتىگە ئائىت تەجرىبىلەرنى توپلاشتىن ئىبارەت. رېژىسسور ئۇنى ئۆزگەرتىپ ئىشلەش ۋاقتىدا، ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قۇراشتۇرۇش جەھەتتە بىر مۇنچە كونكرېت ۋەقەلىكلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، پېرسوناژلارنىڭ پسىخىك پائالىيىتىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان. يەنى پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن ئۇسۇللاشتۇرۇش ئىمكانىيىتىنى

ئىزدەپ، پەسخىك پائالىيىتىنى ئۆستۈرۈلاشتۇرغان. گەرچە بۇ ئىككى تىياتىردا ئوخشاش ۋەقە، ئوخشاش پېرسوناژلار تەسۋىرلەنگەن بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇسلۇبلۇق تىياتىر «سۇيىقى» بىرلىك تىياتىر ۋە راھىب بىلەن راھىبەنىڭ ئۇچرىشىشىدىن روشەن پەرقلەندۈرۈلگەن.

«قوش بۇلاقتىكى ئاي شولىسى»، نىۋ دائىملىق مۇزىكا ئەسىرىگە ئاساسەن ئىجاد قىلىنغان ئۈچ كىشىلىك ئۇسۇل. ئۇسۇلدا پېرسوناژلارنىڭ ھېسسىي پائالىيىتى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان بولۇپ، ھېسسىياتنى مۇبالىغە قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق ئابىڭنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى روھىي ھالىتى ۋە ھېسسىياتى ئىپادىلەپ بېرىلگەن. ئابىڭنىڭ ئوڭۇشسىزلىق ئىچىدە ئۆتكەن ھاياتى كومپوزىتسىيىگە ناھايىتى باي بولۇپ ئۇنى ئەنئەنىۋى تىياتىر شەكلى بىلەن ئىپادىلىگەندىمۇ خېلى قىزىقارلىق بولاتتى، ئەمما ئۇسۇلنىڭ ئاپتورى بۇ ئۇسۇلنى شېئىرىيەتتىكى ئىخچاملىق ۋە يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئابىڭنىڭ روھىي ھالىتى ۋە ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ بېرىشنى ئاساسىي نۇقتا قىلىپ تاللىۋالغان. ئۇ لى بەيننىڭ "ئايدىڭدا تەنھا ئىچىم شاراپ" دېگەن شېئىرىدىكى "ناخشا ئېيتسام ئاي ئايلىنار، ئۇسۇلغا چۈشسەم شولام چوڭقۇلار" دېگەن مىسرادىن پايدىلىنىپ، ئىككى قىزنى ئابىڭغا يېقىندىن ئەگەشكەن قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغان. ئۇلارنى ھەم سۇدىكى ئاينىڭ سىمۋولى، ھەم ئابىڭنىڭ قەلبىنىڭ سىمۋولى قىلىپ كۆرسىتىپ ئابىڭنىڭ روھىي ھالىتىنى سىمۋوللاشتۇرۇپ، ساپ ئىخچام شېئىرىي تۇيغۇغا باي بولغان ئۈچ كىشىلىك ئۇسۇلنى قۇراشتۇرۇپ چىقىپ، ھېس تۇيغۇنى مۇبالىغىلاشتۇرۇش ۋاستىسى بىلەن ئابىڭنىڭ قايغۇ - نەپرىتى ۋە يورۇقلۇققا تەلپۈنۈش كەيپىياتىنى سىزىپ تېرىلەش ئارقىلىق تاماشىبىنلارنى تەسىرلەندۈرىدۇ.

«سۇيىقى» دە پېرسوناژلارنىڭ پەسخىك پائالىيىتى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان بولسا، «قوش بۇلاقتىكى ئاي شولىسى» دا پېرسوناژلارنىڭ ھېسسىي ھالىتى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان. ئۇلار ئىچكى دۇنيانى بىۋاسىتە كۆرسىتىپ بېرىش ماھارىتىنى قوللىنىپ، پېرسوناژلارنىڭ ھېسسىي ھالىتى ۋە ئىچكى پائالىيىتىنى سىمۋوللاشتۇرۇش يولى بىلەن كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. بۇ ئىككى ئەسەر ئارقىلىق پسىخولوگىيىلىك قۇرۇلما ۋە تىياتىرۋىلىك قۇرۇلمىغا ئىگە بولغان ئەسەرلەرنىڭ ئۆز ئارا پەرق قىلىدىغانلىقىنى، يەنى پسىخولوگىيىلىك قۇرۇلما پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى پائالىيەتنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇ پېرسوناژنىڭ پسىخىك ھەرىكىتىدىن چەتنىمەيدىغانلىقىنى، تىياتىرۋىلىك قۇرۇلما بولسا سىرتقى قىسىمدىكى توقۇنۇشلارنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى ۋەقەلىكلەردىن چەتنىمەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

«سۇيىقى»، «قوش بۇلاقتىكى ئاي شولىسى» ۋە ئۇنىڭدىن باشقا رېپېرتۇئاردا قوللىنىلغان پسىخولوگىيىلىك قۇرۇلمىدىكى ئۇسۇللاردا، پېرسوناژلارنىڭ پسىخىك ھەرىكىتىنى ئىپادىلەش ماھارىتى ئۈستىدە خوشاللىنارلىق سىناقلار ئېلىپ بېرىلماقتا. بۇ بىزنىڭ ئۇسۇل سەنئىتىمىزنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى تېخىمۇ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرغۇسى.

لېكىن ھەر قانداق قۇرۇلما شەكلى مەزمۇننىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ بەلگىلىنىشى كېرەك. پسىخولوگىيىلىك قۇرۇلمىدىكى ئەسەر چوقۇم باشقا قۇرۇلمىدىكى ئەسەرلەردىن چوڭقۇر ۋە تەسىرلىك بولىدۇ، دەپ ئالاھىدە ئورۇنغا قويغىلى بولمايدۇ. شەرقىي جۇڭگودا ئۆتكۈزۈلگەن كۆرەكتە ئوينالغان ئەنئەنىۋى قۇرۇلما شەكلىدىكى ئەسەرلەر، مەسىلەن، «ئۈزۈمە تېرىپ كەچ قايتىش»، «بېلىق ئالغۇچ ناخشىسى»، «قاناتلىقلار» مۇ ئوخشاشلا كىشىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەسەر قۇراشتۇرۇشتا چوقۇم سۇژېتنى پۇختا تەتقىق قىلىپ، سۇژېتقا مۇۋاپىق كېلىدىغان قۇرۇلما شەكلىنى تېپىپ چىقىپ، مەزمۇن بىلەن شەكىلنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن بىر قەدەر ياخشى بولغان بەدىئىي ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

(«ئۇسۇل» ژۇرنىلىنىڭ 1982 - يىللىق 3 - سانىدىن)

قادىر تەرجىمىسى

Altun0q

# تۇرمۇشنى بىلىش — ئىجادىيەتنىڭ ئالدىنقى شەرتى

(يولداش پەن دىڭدىڭنىڭ 4 پارچە گۈزەل سەنئەت ئەسىرى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە)

روزى ئەخمەت

«شىنجاڭ سەنئىتى» ژورنىلىنىڭ 1982 - يىللىق 3 - سانىدا بېسىلغان يولداش پەن دىڭدىڭنىڭ 4 پارچە گۈزەل سەنئەت ئەسىرىنى كۆرگىنىمدىن كېيىن بۇ ھەقتە ئۆزۈمنىڭ بەزى كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىم.

يولداش پەن دىڭدىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇشىغا ئاز - تولا ئارىلىشىپ، ئۆزىنىڭ گۈزەل سەنئەت ئىجادىيىتى جەھەتتىكى ماھارىتىنى كۆرسىتىش يولىدا مەلۇم نەتىجىلەرنى ياراتتى. مەسىلەن، «يەكەندىكى چايخانا» ناملىق ئەسىرىدىكى چاي سېتىۋاتقان بوۋاينىڭ ئوبرازى مېنىڭچە بىر قەدەر ياخشى يارىتىلغان. بېشىغا دوپپا، ئۈچىسىغا ئاق يەكتەك كىيىپ كارۋات ئۈستىدە چارزا قۇرۇپ ئولتۇرغان ئىمەن، ئاپئاق ساقاللىق چايچى بوۋاينىڭ ساغلام ئوبرازى، يېنىدىكى ئەۋرىسىنىڭ گويا بىر كىمدىن ھېيىققاندەك بوۋىسىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنماقچى بولۇۋاتقان ئوماق، يېقىملىق روھىي ھالىتىمۇ ياخشى سىزىلغان. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەتكە دائىر ئالاھىدىلىكىمۇ ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئويۇقتىكى ئاپتۇۋا، مىجىر ئاۋاق، كوزىلار ۋە ئۇلارنىڭ نەپىس گۈللىرىمۇ كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايدۇ.

بىراق بۇ ئەسەر يەنىلا مەلۇم يېتەرسىزلىكلەردىن خالىي ئەمەس. مەسىلەن، ئادەتتە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىچىدە ياشانغانلار تۆۋەن كالپۇكنىڭ ئاستىغا ساقال قويىدۇ. بۇرۇتىنىڭ بۇرۇن ئاستى قىسمىنى بىر ئاز تەكشىلەپ، ئىككى چېتىنى ئۇزۇنراق ياسىۋالىدۇ. ئەمما بۇ رەسىمدىكى بوۋاينىڭ ساقال - بۇرۇتى خىرىستىيان پوپلىرىنىڭ ساقال - بۇرۇتىغا ئوخشاپ قالغان. دېمەك، ئاپتور ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق ئىگىلىمىگەچكە يۇقىرىدىكى ئالاھىدىلىكنى ئىنچىكە ئىپادىلىيەلمىگەن. ئالدىدىكى نەقىشمۇ گىلەم ياكى زەدىۋالغا ئوخشىماي قالغان. چەينەكنىڭ رەڭگى ئاپئاق، پاكىزە بولۇش كېرەك ئىدى، بىراق ئۇنى قاپ - قارا، سەت قىلىپ سىزغان. يەنە بوۋاينىڭ چايخانىسىدا بىرەر خېرىدارنىڭ ئوبرازىنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. ئاپتور چايخانىنىڭ كىشىلەر ئۈچۈن ئېچىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ خېرىدارى بولمىسا چايخانا ئېچىشنىڭ ھاجەتسىزلىكىنى ئويلىمىغانمۇ، قانداق؟

2 - رەسىمدىكى «ئانارخىز» ئوبرازىنى ئالساق، ئەتلەس كۆينەك كىيگەن، بېشىغا سۇۋسۇنرەڭلىك گەرس ياغلىق چىگكەن، قىزىل ياقۇت ھالقا سېلىپ، قىپ - قىزىل ئانارگۈل نۇسخىلىق گىلەمگە يۆلىنىپ ئولتۇرغان قىزنىڭ ئوبرازى مېنىڭچە بىر قەدەر ياخشى يارىتىلغان بولۇپ، ئاپتور بۇ ئەسەردە ئۆزىنىڭ خېلى ئۈستۈن ماھارەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلغان. خەلقىمىزنىڭ پارتىيە رەھبەرلىكىدە ماددىي تۇرمۇشىنىڭ ئۆسكەنلىكىدىن ئىبارەت پاكىتىمۇ روشەن ئىپادىلەنگەن.

ئەمما بۇ ئەسەرنىڭ يېتەرسىز تەرىپى شۇكى، ئانار قىزنىڭ چىراي قىياپىتى، قاش ـ كىرپىكلىرى ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭكىگە ئوخشىماي قالغان. قىزنىڭ كىيىنىشى، ئانارگۈل دۇپپىلىق كىيىمنىڭ گۈللىرىمۇ قىزىل بولۇشتەك ئاساسىي سۈپەت ھەممە يەرنى قاپلىغاچقا، كىيىم بىلەن ئانارقىزنىڭ گەۋدىسى ئېنىق ئايرىلمىغان. گەرچە ئانارقىز قىپ ـ قىزىل كىيىم بىلەن زىننەتلەنگەن ئۆيدە ئولتۇرغان بولسىمۇ، خىيال دەرياسىغا چۆككەن، غەمكىن قىياپەت چىقىپ تۇرىدۇ... شۇڭا بۇ رەسىم تاماشىبىنلارغا ئۆز ئىختىيارلىقى بولمىغان بىر كىشىگە مەجبۇرىي ئىگە قىلىنغانلىقىنى كىيىم قىپ ـ قىزىل چوغدەك زىننەتلەنگەن ئۆيگە سولانغان قىزنىڭ چۈشكۈن روھىي ھالىتىنى ئەسلىتىدۇ.

3 ـ «سەگەنچۈك» دەپ ئىسىم قويۇلغان ئەسەردە گەۋدىلەندۈرۈلگەن ئوبراز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھازىرقى ھاياتىغا تولىمۇ يېقىن كېلىدۇ. رەسىمدە كۆكۈل لايلىرى چۈشۈپ، كېسەكلىرى كۆرۈنۈپ قالغان ئەسكى بىنا، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر پالاس سېلىنغان بولۇپ، پالاس ئۈستىگە بىر شىڭگىل ئۈزۈم تاشلانغان، يەنە بىر تەكچىمۇ بار. ئۆينىڭ تورۇسىدىكى بىر ئەگرى چەنزىگە سېۋەت ئېسىلغان ۋە ئۇنىڭغا بىر بوۋاق ياتقۇزۇلغان. بوۋاقنى ئەللەي ئېيتىپ ئولتۇرغان ئانىنىڭ روھىي ھالىتى بەكمۇ چۈشكۈن سىزىلغان بولۇپ، غورىبەتچىلىك دەستىدىن جۇدەپ قورايدەك بولۇپ قالغان ئايالنىڭ ئوبرازى ئەكس ئېتىدۇ. بىز بۇ رەسىمنى كۆرگەندە، بۇ قايسى دەۋردىكى ئايالنىڭ ئوبرازىدۇر، دەپ قالىمىز. ئەپسۇسكى، ئاپتور بۇ ئەسەردە ئۆتمۈشتىكى ئەمەس، ھازىرقى سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ئىپادىلىگەن.

شۇنى بىلىش كېرەككى، ئۇيغۇرلار ئۈزۈمنى پالاسقا تاشلاپ يېمەستىن، يۇيۇپ تەخسىگە سېلىپ يەيدۇ. ئادەتتە سېۋەتنى سەگەنچۈك قىلمايدۇ، بەلكى سېۋەتكە نەرسە ـ كېرەك سالىدۇ. سەگەنچۈك قوش تانىنى ئىككى نەرىگە تارتىپ، ئىككى تانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرپە ياكى ئەدىيال سېلىپ راسلىنىدۇ. بوۋاقنى سېۋەتكە سېلىپ بېقىش تۇرمۇش ئەمەلىيىتىمىزگە ئۇيغۇن ئەمەس. دۇرۇس، تۇرمۇشتا ھەر خىل ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچراپ بىر مەزگىل غورىبەتچىلىكتە ياشاۋاتقان ئايرىم ئاياللار بولۇشى مۇمكىن. جەمئىيەتتىكى مۇنداق قىسمەن ھادىسىلەرگە ئاساسەن يارىتىلغان ئەسەرنىڭ تاماشىبىنلارغا بېرىدىغان تەسىرى پاسسىپ بولىدۇ. ئەگەر ئاپتور ئەكس ئەتتۈرگەن ئوبرازدا جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىدەك ئاكتىپ ئەھمىيەتلىك مەزمۇن ئىپادىلەنگەن بولسا، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى چوڭراق بولۇپ، كىشىلەردە ياخشى تەسىرات قالدۇرغان بولاتتى.

4 ـ ئەسەردە مەسىلە تېخىمۇ كۆپ. «ھاۋاگۈل» نىڭ ئوبرازى رېئال ھاياتىمىزغا قانچە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ھاۋاگۈل خۇددى چەتئەل ئارتىستلىرىدەك بېشىغا ياغلىق چاچ سېلىۋالغان، كىيىنىشلىرى ئاجايىپ غەلىتە، كالپۇكلىرىنى بويىۋالغان، سول يۈزىنى شەكىل ئۆزگەرتىش ئارقىلىق زىيادە يوغان سىزغان. بۇ قىزنىڭ قايسى يېرىگە قاراپ ئۇنى ئۇيغۇر قىزلىرىغا ئوخشىتىش مۇمكىن؟ ئاپتور يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئايرىم ياشلارنىڭ چەتنىڭ تەسىرىگە بېرىلىپ غەلىتە ياسىنىشلىرىنى ۋە ساغلام بولمىغان كىيىنىشلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۇنىڭغا «ھاۋاگۈل» دەپ چىرايلىق ئىسىم قويغان ئوخشايدۇ. ئىسمىغا لايىق مىللىي ئالاھىدىلىك، مىللىي پۇراق كۆرۈنمىسە، ئۇنى قانداقمۇ پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ تىپىك ئوبرازى دېگىلى بولىدۇ؟! بىزگە مەلۇم، ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت، كىيىم ـ كېچەك، چىراي، قىياپەت، تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بولىدۇ. ئەسەر

دە مۇنداق ئالاھىدىلىك بولمىسا، ئۇنىڭ مىللىيلىكى گەۋدىلەنمەي قالىدۇ. بۇ توغرىلىق گوگول مۇنداق دېگەن ئىدى: «ھەقىقىي مىللىيلىك ھېچقاچان يېزا ئاياللىرىنىڭ كالتە يەكتىكىنى تەسۋىرلەشتە ئەمەس، بەلكى مىللىي روھنى كۆرسىتەلىشتە». دېمەك، مىللىي ئۇسلۇب بىلەن ئىشلەنگەن ۋە مىللىي پۇراقى ئىنچىكە ئەسەرلەر كىتابخانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن مۇنەۋۋەر ئەسەر بولالايدۇ.

شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، بىر مىللەتنىڭ رەسسامى ئىككىنچى بىر مىللەتنىڭ پىسخىك روھىي ھالىتىنى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئىگەللەپ، ئۇنىڭدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بىرەر سەنئەت ئەسەر ئىشلىشى ئاسانغا چۈشمەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتور ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، تۇرمۇش ئىچىدە شۇ مىللەتنىڭ تەبىئىتىنى، مىجەز - خۇلقىنى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆگىنىپ تەتقىق قىلغاندىن كېيىن شۇ مىللەتكە خاس تىپىك ئوبرازنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. ھەر قانداق ئاپتور مەزمۇن، بەدىئىيلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىك جەھەتتىن زىچ بىرلەشكەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يارىتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىپادىلىمەكچى بولغان تۇرمۇشنى پۇختا ئۆگىنىشى لازىم.

مەن يۇقىرىدا يولداش يەن دىڭدىگىنىڭ 6 پارچە ئەسىرىدىكى مەۋجۇت يېتەرسىزلىكلەر ئۈستىدە بەزى كۆز قاراشلىرىمنى قويدۇم. بۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭ ئومۇمىي نەتىجىلىرىنى ئىنكار قىلىۋەتكىنىم يوق ۋە ئۇنىڭ نەتىجىلىرىمۇ ئاز ئەمەس. مەن يولداش يەن دىڭدىگىنىڭ تۇرمۇشنى پۇختا ئۆگىنىپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جەريانىدىكى زور ئۆزگىرىشلەرنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تونۇش زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يېڭى ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان شەكلى مىللىي، مەزمۇنى سوتسىيالىستىك گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىنى كۆپلەپ يارىتالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

تۇرسۇن لېتىپ تەھرىرلىگەن

## كىچىك ئالدامچىنىڭ چوڭ ئالدامچىغا يولۇقۇشى

ياتسىتلار گېرمانىيىسىنىڭ 2 - نومۇرلۇق ئورۇش جىنايەتچىسى گېرىم ھايات ۋاقتىدا ئوغرىلىغان قىممەت باھالىق سەنئەت بۇيۇملىرىنى چەتكىلىغا كىرگۈزىۋالغان. ئۇرۇشتىن كېيىن كىشىلەر بىرىنچىسىگادىيىدىكى تاشلاندۇق تۇز كېنى قۇدۇقىدىن گېرىم مەخپىي يوشۇرۇپ قويغان 1200 پارچە داڭلىق رەسىملەرنى تېپىۋالغان، ئۇنىڭ ئىچىدە فېمىرنىڭ بىر پارچە ئەسىرى بولۇپ، بۇنى گېرىم بولىۋالغان بولماستىن بەلكى ئامېستىردامدا تەخمىنەن 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا سېتىۋالغان. ساتقۇچىنىڭ ئىسمى مېگېلىۇن بولۇپ بۇ رەسىم ئەمەلىيەتتە ئەسلى نۇسخا بولماي كۆچۈرۈلگەن نۇسخا ئىدى.

مېگېلۇن كېيىنچە گوللاندىيىدە قولغا ئېلىنىپ ئۆزىنىڭ داڭلىق رەسىملەرنى ياسىغاندىن يالغان چىقارغانلىق جەريانى ۋە فېمىرنىڭ نامى بىلەن 6 پارچە رەسىمنى ياساپ چىقىپ ساتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان.

گېرىم تاكى زەھەر ئىچىپ ئۆلگىچىمۇ ئۆزىنىڭ مېگېلۇننىڭ ئالدىمىغا ئۇچرىغانلىقىنى بىلمىگەن. لېكىن قىزىق يېرى شۇكى مېگېلۇن ئۆزىنىڭمۇ گېرىمگە ئالدىتىۋالغىنىنى ھېچ سەزمىگەن. چۈنكى بۇ ھاۋا ئارمىيە مارشالىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭغا تۆلىگەن رەسىم پۇللىرىنىڭ ھەممىسى يالغان ئامېرىكا دوللىرى ئىدى.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇرېھىمجان قەييۇم

# جانجان

( يالغۇزكىشىلىك ناخشا )

F=1 2/4





## ئاۋازنىڭ تېكىستى

بارچە مىللەت خەلقى ئىناق، تىنچ، قېرىنداش جانمۇجان،
قايغۇسى بىر، شاتلىقى بىر، بىز بولىمىز قېرىنداش جانمۇجان.

سۆيۈپ سۆزلەپ تاڭلار ئاتقىچە، قاپ-قارا تۈننى يېرىپ،
ھەرقانداق شۇ ... يولغا چىقىپ ... جانجان.

ئەلگە زامان ماڭغىنىدا ... بىز ئۇچقۇن ...
مېھرىبان كومپارتىيە ... جانجان.

چاقماق چاقماق چىقتى بوران ... زىمىستان ...
تاڭ ئاتقاندا ... جانجان.

[illegible]



[illegible]

[illegible]

[illegible]

# ژورنىلىمىزنىڭ تەھرىرلىك ھەيئىتى قۇرۇلدى

ژورنىلىمىزغا بولغان رەھبەرلىكنى ئەمەلگە كۈچەيتىپ، ئۇنى ھەر مىللەت سەنئەت خادىملىرىنىڭ ھەقىقىي ئىجادىيەت مۇنبىرىگە ئايلاندۇرۇش يۈزىسىدىن، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى رەھبەرلىكىنىڭ ماقۇللىشى بىلەن «شىنجاڭ سەنئىتى» ژورنىلى تەھرىر ھەيئىتى قۇرۇلدى. بۇ ھەيئەتكە سەنئەتنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك يولداشلار قاتناشتۇرۇلدى. تەھرىر ھەيئىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، مەسئۇل مۇھەررىر ۋە مۇئاۋىن مۇھەررىرلەرنىڭ مەسئۇللۇق تۈزۈمى بويىچە خىزمەت ئېلىپ بارىدۇ.

تەھرىر ھەيئىتى تۆۋەندىكىچە:

**مەسئۇل مۇھەررىر:** سەيپۇل يۈسۈپ

**مۇئاۋىن مەسئۇل مۇھەررىرلەر:** مەھەممەت رەھىم، تاش ماموت

**تەھرىر ھەيئەتلىرى:**

ياسىن خۇدابەردى، قۇربان ئەلى، سەيپۇل يۈسۈپ، قەمبەرخان، مەھەممەت تاتلىق، سىراجىدىن زۇبەير، مۇسەنجان جامى، غازى ئەھمەت، ئىمىن گايىت، مەھەممەت رەھىم، تاش ماموت.

شىنجاڭ سەنئىتى XINJANG ART (قوش ئايلىق ژورنال)

«شىنجاڭ سەنئىتى» تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. (ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى 32 - قورو) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى. رەڭلىك رەسىملەر تيەنجىن شەھەرلىك خەلق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى. ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ ۋە پارچە ساتىدۇ.
جۇڭگو نەشرىياتى تاشقى سودا باش شىركىتى تەرىپىدىن چەتئەللەرگە تارقىتىلىدۇ (بېيجىڭ 614 - نومۇرلۇق خەت ساندۇقى) تاق ئايلارنىڭ 15 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ.
ژورنال نومۇرى: 7 — 58　　تىزىم نومۇرى: 032　　پارچە باھاسى 0.50 يۈەن

新疆艺术（双月刊）　　XINJANG ART

编　　辑：《新疆艺术》编辑部（乌鲁木齐市民主路32号）　出　　版：新疆人民出版社出版　印刷：乌鲁木齐市印刷厂
国内总发行：乌鲁木齐市邮局　　每单月15日出版全国各地邮局（所）订阅、零售、代销
国外总发行：中国出版对外贸易公司（北京614信箱）　　彩页制版：天津市人民印刷厂　　新疆期刊登记号 032

本刊代号：58—7　　定价：0.50元





| 1 | |
|---|---|
| | 3 |
| 4 | |

# شىنجاڭنىڭ ياغاچ ئويما رەسىملىرى



1 قەشقەر ھېيتگاھ جامەسى رېمونت قىلىنماقتا ( 1956 - يىل ).

2 يالقۇنتاغ ئېتىكىنىڭ بۈگۈنى ۋە ئۆتمۈشى ( 1964 - يىل ).

3.بوزيەردە ماكانلىشىش ( 1953- يىل ).

4.دولەتكە پىلە غوزىسى سېتىپ بېرىش (1956 - يىل).

5 تىيانشان ئورمانلىقى ( 1978 - يىل ).







# 新疆藝術

1
1983